
2002.1

# 天尔塔格



شەرقنىڭ كۆزى

بېشارەت

ھاياتلىقنىڭ قۇدرىتى

ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرى

ISSN 1004-1745

www.uyghurkitap.com



شائىر بوغدا ئابدۇللا



# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

2002.1

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئازات سۇلتان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەخمەت ئىمىن، ئەكبەر ئىبلى، ئىمىن ئەھمىدى، بوغدا ئابدۇللا، مۇرات مەتنىياز، مۇختار مەخسۇت، مۇھەممەت پولات، غوپۇر نۇر، ھاجى قۇتلۇق قادىرى، ئوسمانجان ساۋۇت

قانۇن مەسلىھەتچىمىز: ئابلىمىت رەھىم

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


## ھېكايىلەر

شەرقنىڭ كۆزى ........................ باتۇر روزى (4)

## شېئىرلار

ئابدۇللا سۇلايمان، مۇھەممەت خېۋىر، غەيرەت غوپۇر، روزىنىسا ........................ (17)

## نەسرلەر

نەسرلەر ........................ قۇربان ئەمەت (25)

باغدىن - تاغدىن ........................ مۇھەممەتجان ئەمەت (31)

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى نامزاتى ........................ مۇھەممەتجان مەتسەيدى (33)

تىرىكچىلىك رەستىسىدىكى بىگانىلەر ........................ ھەبىبۇللا رەجەپ (37)

ئەدەبىي خاتىرىلەر ........................ ئاجىيەن (41)



مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر

بۇ سانىنىڭ جاۋابكار مۇھەررىرى: ئەزىزى

مۇھەررىرلەر: ئەزىزى (ئەكلىپ قىلىنغان)

ئەكبەر سالىھ

سەنەۋەر ئۆمەر

ئالىم خالىدىن

ئىمىرھەسەن مەخمۇت

مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ

تارقىتىش خادىمى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

**(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)** **ئومۇمىي 90 - سان**

## مۇندەرىجە

بېشارەت ................................................ **ئەسئەت ئەمەت (46)**


## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

ئادىل تۇنىياز، ھوشۇر بارات، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت، ئابدۇسالام رېشىت
................................................ **(84)**


## ماقالىلەر

تەئەججۇپلۈك خىياللار ................................................ **ئابدۇرېشىت سابىت (91)**
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئائىلە نەسەبى ۋە ئىنىسى ئابدۇساتتار ھاجىم ................ **ئۆمەرجان سىدىق (95)**
ھاياتلىقنىڭ قۇدرىتى ................................................ **ياۋ ۋېي (98)**


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن بەھرلەر

زىندان ۋە ئىستىرېلكا (ھېكايە) ................................................ **ئىدگار ئاللان پوئى (108)**
شېئىرلار ................................................ **ئابدۇللا شىر (111)**


**ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر**
تور ئادرېس: http://www.tangritagh.net
E—mail:polat@tangritagh.net
**تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002**
**شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدۇ**
**جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ**
**(782 - خەت ساندۇقى)**
**مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:** CN65—1012/I
**پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 58**
**پارچە سېتىلىشى: 5.00 يۈەن**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# شەرقنىڭ كۆزى

— فارابى ھەققىدە ھېكايە

باتۇر روزى

## — 1 —

مىلادى 870 - يىلى كەچكى قۇياشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب قەلئەسىنىڭ خاڭ بىلەن قاڭدالغان ئېگىز - ئېگىز سېپىللىرىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. غۇر - غۇر شامال شەھەر ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ئارامبەخش نەم ھاۋاسىنى ئۇچۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. كۈندۈزى قۇياش تەپتىدە تونۇردەك قىزىپ كەتكەن شەھەر كوچىلىرى گۈگۈم چۈشۈپ، ھاۋا تەدرىجىي سوۋۇشقا باشلىشى بىلەنلا ئۇياقتىن - بۇياققا موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر بىلەن قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى...

سېپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەر ئەتراپتىكى شەپىلەرگە سەزگۈرلۈك بىلەن قۇلاق سېلىپ، قىلىچ ۋە ئايپالتىلىرىنى چىڭ قۇچاقلىغان ھالدا سۈرلۈك قىياپەتتە تۇرۇشماقتا. سېپىل ئەتراپىدىكى لىق سۇ توشقۇزۇۋېتىلگەن خەندەكلەر كۆمۈش يىلاندەك سوزۇلۇپ سېپىلنى يۆگەپ ئايلىنىپ، ئەتراپقا ۋەھىمە تارقىتىپ تۇراتتى. ئادەتتە سېپىل ئاستىدىكى خەندەكلەرگە ئارتىلدۇرۇپ قويۇلىدىغان ئاسما كۆۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىۋېلىنغانىدى. شەھەر قوۋۇقلىرىمۇ ھىم ئېتىۋېتىلگەنىدى. بۇلار شەھەرنىڭ يېقىندىن بۇيانقى مۇداپىئە ئەھۋالىنىڭ قاتتىق كۈچىيىپ كەتكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

ئاي نەيزە بويى ئۆرلىگەن مەھەل. شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرەپتىكى قوۋۇقى قىيا ئېچىلىپ، ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرغىنىچە ئۇچقاندەك يېتىپ كەلگەن بىر كۆزەتچى لەشكەر كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە جۇۋازدەك غىچىلداپ ئاۋاز چىقىرىپ يېپىلىپ قالدى...

مۇھەممەت تارخان كېچەشتىن قايتىپ چىلانتورۇق ئېتىغا سەكرەپ مىندى - دە، ئۇنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ ھەش - پەش دېگۈچە قەلئەنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە جايلاشقان قورۇ - جايىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

تېخىچە ئۇخلىماي خوجايىنىنى ساقلاپ تۇرغان ئاتباقار يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىدىن ئالدى.

مۇھەممەت تارخان ئايالى يۇلدۇزئايىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ بەخىرامان ئۇيقۇغا كەتكەن تۆت ياشلىق ئوغلى ئەبۇنەسىرنىڭ پېشانىسىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، بالا ئويغىنىپ «دادا» دەپ چاقىردى. مۇھەممەت تارخان بالىنى يوتقاندىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ بىرھازا ئەركىلەتتى.

— سېنى ئويغىتىۋەتتىم - ھە، بۆرەم؟

— مېنىڭ ئۇيقۇ بىلەن خوشۇم يوق. ئاپام پەپىلەپ يۈرۈپ ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ. ئەسلى سىز كەلگەندە ئاندىن ئۇخلىماقچى ئىدىم.

— بوپتۇ، بالا چېغىڭدا قېنىپ ئۇخلىۋال، بۆرەم. چوڭ بولغانسېرى غەم - ئەندىشەڭ كۆپىيىدۇ، ئويلايدىغان، باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرىڭ ئاۋۇپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا داداڭغا ئوخشاش ئۇخلايمەن دېسەڭمۇ ئۇخلىيالماي، تاڭلارنى كىرپىك قاقماي ئاتقۇزىسەن.

كىچىك ئەبۇنەسىر ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.

— كىچىك بالىغا نېمىدىكى چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى قىلىپ... — دەپ كايىدى يۇلدۇزئايىم.

— توغرا، بالىلار بىلەن ئۇلار قوبۇل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە سۆزلىشىش كېرەك ئىدى.

مەن بۇ شاكىچىك بۆرەمنى خۇددى چوپچوڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك ھېس قىلىپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ؟ بىراق ئۇنىڭمۇ كىچىك تۇرۇپ «ئۇيقۇ بىلەن خوشۇم يوق» دېگىنى قالتىس گەپ بولدى - دە.

مۇھەممەت تارخان بالىسىنىڭ مەڭزىگە ئاخىرقى قېتىم بىرنى سۆيۈپ قويۇپ ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

— 2 —

كىچىك ئەبۇنەسىر ھەش - پەش دېگۈچە يەتتە ياشقا كىرىپ قالدى. بۇ چاغلاردا ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى خېلى مەلۇماتلىق، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەردىن ھېسابلىنىدىغان ئاتىسى مۇھەممەت تارخاندىن ئۆز يۇرتىنىڭ ۋە قوشنا ئەللەرنىڭ تارىخى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن قىسسە ۋە رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ «قۇلاق موللىسى» بولۇپ قالغانىدى. ئەينى چاغلاردا قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتنىڭ نامىنى قوشۇپ ئاتاش مودا بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق مودا بولۇۋاتقان ئىشلارغا كەلگەندە ناھايىتى سەزگۈر مۇھەممەت تارخان ئۆز ئوغلى ئەبۇنەسىرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگىمۇ ئۇ تۇغۇلغان كىچىك شەھەرنىڭ نامىنى قوشۇپ، ئۇنى «ئەبۇنەسىر فارابى» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. ئۇزاققا بارماي بۇ نام كىچىك ئەبۇنەسىرنىڭ دېمەتلىكلىرى ئارىسىدا تېزلا ئومۇملىشىپ كەتتى.

قاراخانىيلار خاندانلىقى رەسمىي ئىسلام دىنىغا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ تەسىرى قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى پۇقرالار ئارىسىدا بۇرۇنلا باشلانغانىدى. كىچىك ئەبۇنەسىرنىڭ بوۋىسى ئۇزلۇق سېپى ئۆزىدىن فارابلىق تۈركلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزلۇق دېگەن ئىسمىمۇ تىپىك قارلۇقچە ئىسىم ئىدى. ئۇ «گۈزەل، چىرايلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇزلۇق بوۋايدىن كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدا ئەرەبچە ئىسىم قويۇش ئادىتى شەكىللەندى. شۇڭا ئەبۇنەسىرنىڭ دادىسىغا ئۇزلۇق بوۋاي «مۇھەممەت» دەپ ئىسىم قويغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ئەرەبچە ئىسىم قويۇش ئادىتىنىڭ ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان مەزگىلىگە توغرا كەلگەن بىر زاماندا تۇغۇلغان مۇھەممەت تارخانمۇ ئۆز ئوغلىغا يەنىلا ئەرەبچە «ئەبۇنەسىر» دەپ ئىسىم قويغانىدى.

70 مىڭ قوشۇن جايلاشقان فارابنى ئانچە كىچىك شەھەر دېگىلى بولمايتتى. ھەربىي قەلئە ۋە رابات، سودا بازارلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ شەھەر ئوترار بوستانلىقىغا جايلاشقان تالاس، بالاساغۇن، قەشقەرنى تۇتاشتۇرغان قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ مۇھىم بىر تۈگۈنى بولۇپ قالغانىدى.

چۇ، تالاس ۋە سىر دەريا ۋادىسىدا شەھەر ھاياتىنى مەركەز قىلغان گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن ئەينى يىللاردا فاراب شەھىرى قەشقەرگە يېقىن بالاساغۇنغا قاراشلىق شەھەر بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە يارىشا چىرايلىق ئىدى. 9 - ئەسىردىكى فاراب شەھىرى مانى دىنىدىكى ئۇيغۇر قارلۇقلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن مۇداپىئەلىنىش لىنىيىسىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلىدا تۇرغاچقا، «قاراچۇق» دەپمۇ ئاتىلاتتى. سۇلتان بىلگەكۆل باھادىر قىدىرخان بىلەن سامانىلار خانى نوھ ئىبنى ئەسئەت ئارىسىدا ئىسپىجابنى تالىشىش ئۇرۇشى يۈز بەرگەندە، ئەبۇنەسىر فارابىنىڭ بوۋىسى ئۇزلۇق بىلگەكۆل باھادىر قىدىرخاننىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي ئەمەلدار ئىدى. ئۇ ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن باج - سېلىقتىن خالىي قىلىنغان كىشىگە بېرىلىدىغان «تارخان» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولغانىدى.

سامانىيلار خانى ئىسمائىل ئىبنى ئەخمەت ئۆز قېرىندىشى ناسىر ئىبنى ئەخمەتتىن زورلۇق بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن سېپىل سوقتۇرۇپ، كېيىن قاراخانىيلارغا قارشى غازات قىلىشنى باشلىدى. ئىسمائىل سامانى 893 - يىلى باھاردا تالاس، بالاساغۇنلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. نەتىجىدە ئوغۇلچاق قىدىرخان بالاساغۇندىن «ئوردۇ كەنت» (قەشقەر) گە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئىسمائىل سامانى سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى ئىستراتېگىيىلىك جاي تالاستىن تاكى غەربتىكى چۇ دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىمىغىچە بولغان ئارىلىقنى، جۈملىدىن مۇھاسىرىدە قالغان تاراز شەھىرىنى قولغا ئالدى. مۇشۇ ئۇرۇشتا مۇھەممەت تارخان قاتارلىق ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ جان تىكىپ ئېلىشقىنىغا قارىماي فاراب

www.uyghurkitap.com

شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوترار بوستانلىقى سامانىيلار قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جايلاردىكى 15 مىڭ كىشى ئەسىرگە چۈشۈپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئوترار‌دىكى مانى چىركاۋلىرىنىڭ ئورنىغا ئارقا - ئارقىدىن مەسچىتلەر بەرپا قىلىندى. بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ قىران بىر يىگىتكە ئايلىنىپ قالغان ئەبۇنەسىر فارابىمۇ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن سامانىيلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. 100 يىل داۋام قىلغان دۈشمەنلىك ۋە يوللارنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى فارابىلىقلار ۋە كۆپلىگەن توققۇز ئۇيغۇر ئاھالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەردىكى خاقانىيە ئاھالىسىدىن ئايرىۋەتكەنىدى.

ئەبۇنەسىر بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا قەدىمكى قارلۇق - ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆگىنىشكە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلدى. ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر تىلى توققۇز ئوغۇز تىلى سۈپىتىدە پۈتۈن تۈركىي تىل - ئەدەبىيات ۋە مائارىپىنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مەمۇرىي - سىياسىي ھاياتنىمۇ، ئىلمىي پائالىيەتنىمۇ ئاساسىي تىل ئىدى.

فارابى سامانىيلار سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ماۋارائۇننەھر ۋە خارەزىمدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە تاجىك - پارس تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى.

فارابى ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ۋە ماتېماتىكا پەنلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن ئۆگەندى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىئان دۇنياسىدا «ئۈچ بىلىم» دەپ ئاتالغان گراماتىكا (نەھۋى)، ئىستىلىستىكا (ئىلمىي پاساھەت)، ئەخلاق دەرسلىكلىرىنى ۋە تۆت «بىلىم» دەپ ئاتالغان ھېساب، مۇزىكا، گېئومېترىيە (ھەندىسە)، ئاسترونومىيە (ئىلمىي نۇجۇم) پەنلىرىنى پۇختا ئىگىلىدى. ئۇ بالاغەت يېشىغا يېتەر - يەتمەي تۇرۇپلا «ھىرات - مەرۋى ئىلمى گۇرۇھى» دەپ ئاتالغان تەبىئەت ئىلمى گۇرۇھىنىڭ ھەممە نەرسىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئەقىدىنى ئەمەس، ئەقىلنى مىزان قىلىش توغرىسىدىكى چوڭلارغا خاس سوغۇققانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلغار پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىسى بولۇپ قالغانىدى. مەرۋى ئىلمى گۇرۇھى بولسا مىسسوپوتامىيىدىكى ھەرران، بەسرە تەبىئەت ئىلمى گۇرۇھىنىڭ، ھىندىستان ۋە ئۇيغۇر ئىلىم مەدەنىيەت كۆزقاراشلىرىنىڭ؛ جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئەت كۆزقاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئىلمىي ئىزدىنىش گۇرۇھى بولۇپ، گرېك باكتېرىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلاتتى.

فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادا 30 ياشلارغا كىرگۈچە ياشىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ مول بىلىمگە تەشنا بولۇپ ئېچىرقاپ تۇرغان بۆرىگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. يېڭىياچە ئىسلام دىنىغا كىرىپ كەلگەنلىكى تۈپەيلى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت بىلەن يېڭى دىنىي ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان غايەت كېلەڭسىز بىر ھاڭنىڭ گىرۋىكىدە تېڭىرقاپ، دەلدۈگۈنۈپ تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ بېشىغا باستۇرۇپ كېلىۋاتقان يوشۇرۇن ئاپەت بىرىنچى بولۇپ فارابىنى سۈت ئۇيقۇدىن چۆچۈتۈپ ئويغاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەلىكىدە ئىگىلىگەن بىلىم ۋە ئىزدىنىشلىرى بىلەن تېخى بۇ قىيىن مەسىلىگە جاۋاب بەرگىلى بولمايتتى. مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قېتىملىق توپان بالاسىغا دۇچ كېلىۋاتقان خەلقىگە بۇ توپاندىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ چىقالايدىغان «نوھنىڭ كېمىسى»نى ياساپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى دەپ تونۇغان فارابى بۇ قىيىن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى يېشىش ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، ئىسلام دىنى تارقالغان ۋە تەرەققىي قىلغان ئەرەب، پارس ئەللىرىگە بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەكسىچە تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتنى ئەمەس، بەلكى ئەقىل ۋە تەجرىبىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ ئادەتلەنگەن بۇ غەلىتە مۇسۇلمان ئەرەب ۋە پارس ئەللىرىنى ئۆزلىرى تارقاتقان ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزىدىغان ئەڭ ياخشى تەجرىبىخانا دەپ قارىدى. چۈنكى ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىسلام ئېتىقادى بىلەن ئەنئەنىۋى تۈرك مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا بىردىنلا پەيدا بولغان قورقۇنچلۇق ھاڭغا مەزمۇت كۆۋرۈك سېلىپ يول ئاچقىلى بولمايتتى. ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەرەب، پارس ئەللىرىگە بېرىپ مەدەنىيەت جەھەتتىكى كەڭ كۆلەملىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشنى زادىلا باشتىن كەچۈرمەي بولمايتتى. بۇ ئەينى يىللاردىكى غايەت مۇشكۈل

بىر مەسىلە ئىدى.

ئەبۇنەسىر فارابى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ياشىغان ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر توپ جامائەتنى قورۇسىغا يىغىپ داشقازان ئېسىپ زاراخەتمە قىلىپ بەردى. مۇھەممەت تارخان ھەربىي ئەمەلدارلارغا خاس سوغۇققانلىق بىلەن ئىچىدە ئۇيلىغانلىرىنى ئانچە بىلىندۇرمەي ئۇزاتقان بولسىمۇ، ئەمما يۇلدۇزئايىم ئەبۇنەسىرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ ھازا ئاچماي تۇرالمىدى. بىر توپ جامائەتمۇ يۇلدۇزئايىمغا جور بولۇپ بېلىنى پوتىدا باغلاپ، قولىغا ھاسا ئېلىپ، ھاسا بىلەن يەرنى ئۇرۇپ قوشاق توقۇپ ھازا ئېچىشىپ بەردى. فارابى بۇ قىزىقارلىق ھازىنى كۆرۈپ ئۇيغۇر قارلۇقلىرىنىڭ زىيادە ھېسسىياتچان تەبىئىتىنى ئاخىرقى قېتىم تەجرىبە قىلىپ كۆرۈۋاتقاندەك بولدى - دە، ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بىئارام بولۇشىنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە سوغۇققانلىق بىلەن كۇلۇمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ كۇلۇمسىرەپ تۇرغان سوغۇققان چىرايىغا قاراپ ئانا دەرھال يىغىدىن توختاپ ھاڭۋېقىپ قالدى. مۇھەممەت تارخان بولسا ئۆز ئوغلىنىڭ نېمە ئۇچۇن كۇلۇمسىرەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي ئەجەبلىنىپ قالدى. فارابىنىڭ مەڭزىدىكى ئاشۇ بىر قېتىملىق سوغۇققان كۇلۇمسىرەش ياشىغان ئاتا - ئانا ئۇچۇن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يەشكىلى بولمايدىغان تېپىشماق بولۇپ قالدى.

— 3 —

فارابى شۇ يۈرۈپ كەتكەنچە سەمەرقەنت ۋە بۇخارالاردىن ئۆتۈپ، ئىسپىھان، ھەمەدان شەھەرلىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. ئۇ پارس زېمىنىدا تۇرغان قىسقىغىنا بىرنەچچە يىللىق ھاياتىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ جېنىغا جان قوشقان پارس مەدەنىيىتىنى زور تىرىشچانلىق بىلەن قېدىرىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن توپتوغرا پۈتكۈل ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاپىرىدەگاھلىرىدىن بىرى بولغان باغداتقا قاراپ يول ئالدى.

فارابى باغداتقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خەلىپە مۇقتەدىر ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. بۇ چاغدىكى باغدات گەرچە ئۆزىنىڭ خەلىپە مەئمۇن دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ھۆسنىنى يوقاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئەرەب يېزىقى ۋە ئىسلامىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي ئوچىقى، دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ تۇرغان خەلقئارا شەھەر ئىدى. باغداتقا يەنىلا ھەرقايسى ئەللەر، رايونلاردىن كەلگەن ھەر خىل دىنىي ئېتىقاد ۋە پەلسەپىۋى كۆزقاراشتىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت ئەربابلىرى، ئالىملار ۋە ئەدىبلەر توپلاشقانىدى. ئۇلار گاھىدا ئوچۇق ئىلمىي مۇھاكىمە ياكى بەس - مۇنازىرە شەكلىدە، گاھىدا يوشۇرۇن ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت ياكى ئىجتىمائىي ھايات توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەيتتى.

فارابى باغداتقا بارغاندا ئەرەب تىلىنى بىلمەيتتى. ئۇ بۇ تىلنى ئەبۇبەكرى ئىبنى سىراجىددىندىن تېزلا ئۈگىنىۋالدى. ئۇ يەنە باغداتتا ياشايدىغان مەشھۇر خىرىستىئان ئالىمى ئەبۇبەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇستىن گرېك تىلى، لوگىكا ۋە تېبابەتچىلىك پەنلىرىنى زوق بىلەن ئۆگەندى. باغداتقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ ئەرەب يېزىقىدا مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ۋە گۈزەل شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىدى. ئەرەب پەلسەپىسىنىڭ بىر يۈرۈش ئاتالغۇلىرىغا مەخسۇس لۇغەت تۈزۈپ چىقىپ، ئەرەب تىلى خەزىنىسىنى بېيىتتى. فارابى تىل ۋە لوگىكا جەھەتتە ئۆز ئۇستازىدىن تېز ئېشىپ كەتتى. فارابىنىڭ تىل ۋە لوگىكا جەھەتتىكى ئۇستازى بولغان ئەبۇبەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇس ئۇلۇغ يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتىل تەلىماتلىرىنىڭ ھامىيسى بولۇپ، ئۇ ئارىستوتىل ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى دەسلەپكى تەرجىمىسى ۋە شەرھىسىنى ئىشلىگەنىدى.

فارابى باغداتتا ئىگىلىگەن بىلىملىرى بىلەن يەنە قانائەت ھاسىل قىلالمىدى. شۇڭا ئۇ داۋاملىق ئۆگىنىش نىيىتىدە ھەرران شەھىرىگە كەلدى. ھەرران ئەينى يىللاردا مىسسۇپوتامىيىدىكى مۇھىم بىر مەدەنىيەت ئوچىقى ئىدى. ئۇ يەر ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىدا باغدات شەھىرىدىن جىق ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى. فارابى ھەرراندا خىرىستىئان دىنىدىكى ئاتاقلىق پەيلاسوپ، دوختۇر ۋە ئالىم بەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇسنىڭ ئۇستازى يوھەننا بىننى ھەيلاندىن پەلسەپە ئۆگەندى. ئۇ فارابىغا ئاساسەن لوگىكا ۋە ئارىستوتىل پەلسەپىسىدىن، يەنە ماتېماتىكا، نەزەرىيىۋى تېبابەتچىلىك ۋە پىفاگور مۇزىكا تەلىماتىدىن تەلىم بەردى. فارابى باغداتتىكى ۋاقتىدا ئەتراپىغا دۆۋە - دۆۋە

www.uyghurkitap.com

كىتابلارنى يىغىۋېلىپ جان - جەھلى بىلەن بېرىلىپ ئۆگەنگەندى. ئاشۇ كىتاب دۆۋىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا ئارىستوتىلنىڭ كىتابلىرىمۇ ئۇچرىغانىدى. بۇ ھادىسە فارابىنىڭ ئارىستوتىلچىلىق ئىقىمىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى يېڭى بىر پەللە يارىتقان نامايەندىسى بولۇپ قېلىشىغا دەسلەپكى سەۋەب بولۇپ قالغانىدى.

فارابىنىڭ ئىلىم يولىدىكى ئىزلىنىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۇنىڭدا تەبىئىي ھالدا ئارىستوتىلغا بولغان قىزىقىشنى پەيدا قىلىپ قويغانىدى. ئۆزىدە تۇرغۇزۇلغان تەبىئەتشۇناسلىق كۆزقارىشى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك كۆزقاراشلىرىنىڭ تۈرتكىسى، شۇنداقلا تۇيۇقسىز ئۇچرىغان ئارىستوتىل ئەسەرلىرى قەلبىدە قوزغىغان يېڭى ئىنتىلىشلەر فارابىنى تەبىئىي يوسۇندا ئۇ ئۆزى مەرۋىدىكى چېغىدىلا داڭقىنى ئاڭلىغان ئۇلۇغ ئالىم - يوھەننا بىننى ھەيلان ھۇزۇرىغا باشلاپ كەلدى.

فارابى ھەرراندا ئالېكساندىرىيە ئىلمى گۇرۇھىدىكى خرىستىئان تەرجىمانلار تەرجىمە قىلغان ئارىستوتىل ئەسەرلىرى بىلەن ئارىستوتىلنىڭ گرېك يېزىقىدىكى ئەسلى ئەسەرلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگەندى. ئۇ ئارىستوتىلنىڭ «روھ توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنى 100 قېتىم، «مىتافىزىكا» دېگەن ئەسىرىنى 40 قېتىم، «رىتورىكا» دېگەن ئەسىرىنى 20 قېتىم ئوقۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېگى - تەكتىگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر ماھىيەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئاندىن توختىدى. فارابى ھەر بىر ئەسەرنى قايتا ئوقۇغاندا ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقىرىراق تەلەپ قوياتتى. ئۇنىڭ ماھىيىتى، مۇۋەپپەقىيىتى ۋە نۇقسانلىرىنى تولۇق ئىگىلەشكە تىرىشاتتى.

**- 4 -**

فارابى باغداتقا ئىككىنچى قېتىم مىلادى 921 - يىللىرى كەلگەنىدى. ئۇ شۇ قېتىم كەلگەنچە باغداتتا توپتوغرا يىگىرمە يىل تۇرۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئاساسەن كىتاب كۆرۈپ داۋاملىق ئىلىم ئۆگىنىش، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش، ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دەرس ۋە لېكسىيىلەر ئوقۇش، شاگىرت تەربىيىلەش، كىتاب يېزىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتتى. فارابىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باغداتتا يېزىلدى.

فارابى 941 - يىلى سىياسىي پاراكەندىچىلىكتىن بىزار بولۇپ باغداتتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەلەپ (شام) شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ ئۇزۇن تۇرمايلا ئۇدۇل ئۆز يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ ئات سالدى. ئۇ ئانا يۇرتىنى قەۋەت سېغىنغانىدى. مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنىڭ كۈچى كۈنساناپ شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ، مەزھەپ ماجىرالىرى ۋە سىياسىي پاراكەندىچىلىك پاتقىقىغا باشچىلاپ پېتىپ قالغان ئەرەب ئەللىرىنى ئۇنىڭ كۆرەر كۆزى يوق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇ قايتىپ كەلگەنچە ئۆز يۇرتىدا تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇرۇپ قالماقچى ۋە ئىسلام ئېتىقادى بىلەن ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان ھاڭغا كۆۋرۈك سېلىشتىن ئىبارەت ئۆمۈرلۈك ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىدى. فارابى باشتىن - ئاخىر ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىش مەقسىتىدە بولغاچقا، تا ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىپ، قېرىلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغۇچە ئەرەب ئەللىرىدە ئۆيلۈك - ئوچاقلىقمۇ بولماي، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆيلىنىشكە ئىشتەي ساقلاپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇ گەرچە ئەرەب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئۆز يۇرتىغا بولغان چوغدەك مېھرى - مۇھەببىتىنىڭ تۈرتكىسىدە تۈركچە كىيىنىپ، بېلىگە قارلۇقلارچە پوتا باغلاپ يۈرۈشنى قەتئىي تاشلىمىدى. ئۆز ئانا تىلى، ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى قەتئىي ئۇنتۇمىدى.

ئۇ ئانا يۇرتى فاراب شەھىرىگە يېتىپ كەلگۈچە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە يول بويى لېكسىيە سۆزلەپ ماڭدى. ئۇ دەسلىپىدە مەنسۇر ئىبنى نوھ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سامانىيلار دۆلىتىگە كېلىپ بىر توختىدى. ئۇ بۇ يەردە پادىشاھنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئىككىنچى تەلىمات» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، مەنسۇر ئىبنى نوھقا تەقدىم قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ دانىشمەنلىكىگە چوڭقۇر قايىللىق بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭغا «ئارىستوتىلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن شۆھرەتلىك نامنى ئاتا قىلدى. فارابى يازغان بۇ كىتاب ئىسپىھان شەھىرىدىكى «سىۋانۇل ھېكمە» كۇتۇپخانىسىغا قويۇلدى.

فارابى ئۆز يۇرتى فاراب شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. گەرچە فارابىنىڭ داڭقى بۇ

يەرگە ئالىبۇرۇن يېتىپ كېلىپ ئۆز ئىگىسىنى ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزى تونۇشلۇق بەرمىگۈچە ئۆز يۇرتىدا ئۇنى تونۇيدىغان ئادەم چىقمىدى. كىچىك چاغلىرىدا ئۆزى بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىرنەچچە بۇرادىرىنى ئىزلەپ كۆرۈۋىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرەب ئىستىلاچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئىچىدە قالغان فاراب شەھىرىدىن ئائىلىسى بىلەن بىللە باشقا بىر يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ چىقتى. فاراب شەھىرى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى جەڭگىۋار قىياپىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى، بازارلاردىمۇ گۆرىستان جىملىقى هۆكۈم سۈرەتتى. ئاۋات رەستىلەر چۆلدەرەپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى قايناق هالىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى، سېپىللارنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرى چۇشۇپ ئالا - پاساق بولۇپ قالغان بولۇپ، سېپىل دەرۋازىلىرى كونىراپ، ئۇلگۇچەكلىرىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ فارابىنىڭ كۆزلىرىدە ئىختىيارسىز يىغا قاينىدى.

فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىك تۈپەيلى ئۆز يۇرتىدا ئۇزاق تۇرالمىدى. بۇ چاغلار قاراخانىيلار بىلەن سامانىيلار ئۆزئارا زىتلىشىۋاتقان، بۇخارادا يانغىن كۆتۈرۈلگەن چاغلار ئىدى.

فارابى ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى قايغۇلۇق هېسسىياتىنى ئىپادىلەپ مۇنداق نەزمە توقۇدى:

چەكسىمۇ زەخمەت - مالامەت سىز تەرەپتىن
تەندە جان،
سىنە - قەلبىم سىز تەرەپكە تەلپۈنۈپ شەيدا
هامان؛
ئولتۇرالماسمەن ئىزىمدا قوزغىتىپ تۇرغاچ
مېنى،
زوق، ئۈمىد - ئىككى سەۋەب دەل سىز
تەرەپكە دائىمان.
قوزغىلىپ چىقسام سەپەرگە سىزدىن ئۆزگە
يوق ۋەتەن،
يا ئىزىمغا قويغىلى يوق بىر بەدەل مەن
ئوخشىغان!
سىزدىن ئەۋزەلرەك دىيار - ئەل گەر
تەگەررىز قىلسىمۇ،
ئىلكىگە قەلبىمنى ئالماق ئىشقا ئاشماس
هېچقاچان.

ئېغىر ئازابقا پاتقان هالدا فاراب شەهىرىدىن يولغا چىققان ئەبۇنەسىر فارابى ئۆز يۇرتىدىن قايتىپ كېلىپ سىياسىي پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغان باغداتقا قايتا بېرىشنى خالىماي، توپتوغرا دەمەشققە يېتىپ كەلدى.

## - 5 -

فارابى دەمەشق سىرتىدىكى باغلارنىڭ بىرىدە قاراۋۇللۇق قىلىپ ناهايىتى ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە نامراتلىشىپ كەتكەچكە قاراۋۇللۇق چىرىغى ئاستىدىكى يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىپ كېچىلەپ يېزىقچىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ باغداتتا باشلىغان ئىلمىي ئەمگىكىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

شىمالىي سۈرىيە هۆكۈمرانى سەيپۇل دەۋلە 943 - يىلى دەمەشق شەهىرىنى پايتەخت قىلىپ، ئۆز ئالدىغا سەلتەنەت تىكلىگەندىن كېيىن سەيپۇل دەۋلەنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكتە داڭقىنى ئاڭلىغان فارابى ئانچىكىم بىر قىزىقسىنىش تۈپەيلى ئۇنىڭ هۇزۇرىغا بېرىپ كەلمەكچى بولىدۇ. بىر كۈنى فارابى ئەسكى - تۈسكى تۈركچە كىيىملەرنى كىيگەن، ئۇستىۋاشلىرى توپا - چاڭغا كۆمۈلگەن هالدا سەيپۇل دەۋلەنىڭ ياسىداق ئوردىسىغا كىرىپ كەلدى.

بۇ چاغدا ياش پادىشاهنىڭ هۇزۇرىغا توپلانغان بىر توپ ئالىم - ئۆلىما ۋە مۆتىۋەر زاتلار هەرخىل ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن سۆهبەتلىشىۋاتاتتى. غېرىب - غۇرۋانە چىراي فارابى ئوردىغا كىرىپ كېلىشى بىلەنلا سۆهبەت قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك بىردىنلا جىمىپ قالدى. هەممەيلەن بېشىنى بۇراپ، ئوردىغا بىمەهەل پەيدا بولۇپ شاهانە ئىلمىي سۆهبەتنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن بۇ «مېهمان» غا سوغۇق نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى مىختەك قادىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن هېچكىممۇ فارابىنى تونۇمىدى، شۇنداقلا فارابىمۇ ئۇلار ئارىسىدىكى هېچكىمنى تونۇمىدى. ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ خىلۋەت بىر باغدا قاراۋۇللۇق قىلىپ، دەرۋىشتەك خۇپىيانە هايات كەچۈرۈۋاتقان بۇ «مېهمان» نىڭ ئىسلام ئەللىرىگە داڭقى پۇر كەتكەن ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇنەسىر فارابى ئىكەنلىكىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟!

سورۇن ئەهلىگە ئوخشاشلا كەيپى ئۇچقان پادىشاه ئالدىدا ئۇنىڭغا زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىنلا قىيا ئېگىلىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۈركچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سالام بېرىپ، قىلچە قورۇنۇش ھېس قىلماستىن تىكىلىپ تۇرغان بۇ ناتونۇش كىشىنى تۈرك ئەللىرىدىن كەلگەن ئادەتتىكى بىر مېھمان قاتارىدا بىلىنەر - بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ كۈتۈۋالدى ۋە سوغۇققانلىق بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

- خالىغان جايدىمۇ ياكى بەلگىلەنگەن جايدىمۇ؟ - دەپ سوئال قويدى فارابى پادشاھقا.

سورۇندىكى ھەممەيلەن ئېغىز ئېچىپ ھەيران بولۇشتى.

- خالىغان جايدا، - دەپ جاۋاب بەردى پادشاھ قىسقىغىنا جىملىقتىن كېيىن مېھمانىنىڭ رايىغا بېقىشنى ئەۋزەل كۆرۈپ.

فارابى كىشىلەر توپى ئارىسىدىن «گۇس - گۇس» دەسسەپ ئۆتۈپ تۇپتوغرا سەيپۇل دەۋلە يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ دۆرەم سورۇن ئەھلى چۆچۈپ داڭ قېتىپ قېلىشتى.

سەيپۇل دەۋلەمۇ بۇ تەپ تارتىشنى بىلمەيدىغان قاپ يۈرەك مېھمانغا دەماللىق قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

سەيپۇل دەۋلە شۇ زاماندا دەمەشق ئوردىسىدا مودا بولۇپ قالغان يەرلىك تىل بىلەن پىچىرلىدى:

- بۇ يالاڭتۆش شەيخ ئەدەپسىزلىك قىلدى. مەن ئۇنىڭغا بىرقانچە سوئال قويۇپ كۆرەي. جاۋاب بېرەلمىسە ھەيدەپ چىقىرايلى.

- ئەمىر، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. ھەرقانداق ئىشقا پەقەت ئۇنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ ئاندىن باھا بېرىش كېرەك، - دېدى فارابى سەيپۇل دەۋلەگە شۇ خىل تىل بىلەن خىتاب قىلىپ.

فارابىنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولغان سەيپۇل دەۋلە تەلەپپۇزىنى بىرئاز يۇمشىتىپ، فارابىدىن ياندۇرۇپ سورىدى:

- سىز تۈرك تۇرۇپ بىزنىڭ تىلىمىزدىمۇ راۋان سۆزلەيدىكەنسىز. قارىغاندا باشقا تىللارنىمۇ بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟

- بىلىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى فارابى قىسقىلا قىلىپ.

سەيپۇل دەۋلە فارابىنىڭ ئۇچىسىغا كىيگەن كىيىملىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قارا تۈرك ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى پەملەپ ئۈلگۈردى ۋە ئۇنىڭغا باشقىچە قىزىقىپ قالدى.

سۆھبەت يەنە يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلدى. ھەر خىل ئىلمىي تېمىدىكى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كۆپرەك سەيپۇل دەۋلە تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە سورۇندىكى ئالىملار تۈزۈكرەك جاۋاب بېرەلمەي كېكەچلەپ قېلىشتى. پەقەت ئەسكى چاپانلىق فارابىلا بۇ مەسىلىلەرگە روشەن ئىزاھات بېرىپ، دەل جايىدا جاۋاب بېرەلىدى.

- ئىنسانىنىڭ قەدىر - قىممىتى ئەقىل ۋە ئەخلاققا باغلىق. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئەڭ ئالىي نىشان قىلىشى لازىم، - دېدى فارابى سوئاللارغا بىرەر قۇر جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەخلاق ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، - ياخشى ئەخلاق بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار ئىنسانىنىڭ قەدىر - قىممىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇكى، ھەر بىر نەرسىنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئەۋزەللىك ۋە ئېرىشىلگەن كامالەتتە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پائالىيىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. بىلىم، پەلسەپە ۋە ئەخلاق بەخت ۋە گۈزەللىكنىڭ شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاقىي سۈپەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسە شەخسنىڭ بىلىمى ۋە ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىدۇر. دۆلەت ئىگىلىرىدىن تاكى ئائىلە باشلىقلىرىغىچە تەلىم - تەربىيە تورى ھاسىل قىلىنىشى زۆرۈر. تەلىم - تەربىيە ئىشىدا ھەم مۇلايىم، ھەم قاتتىق ئۇسۇل قوللىنىش، چۈشىنىپ بىلىشنى يادلاپ بىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش لازىم. ئىنسان تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى. جەمئىيەت مەسىلىلىرى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئوخشاش، ئۇنى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن ھەمجەھەتتە بولغان قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا، ئەمەلىي پەلسەپە، ئەخلاق ۋە ئىلىم - پەن ئاساسىدا ھەل قىلىش لازىم. جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ئورتاق ياشاش زۆرۈرىيىتى ۋە خاھىشى بويىچە مەيدانغا كەلگەن ھەمكارلىق ئۇيۇشمىسى. شەھەر (ياكى دۆلەت) لەر جاھالەتلىك شەھەر ۋە پەزىلەتلىك شەھەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغان شەھەرلەر، پۇل تېپىش خاھىشىغا غەرق بولغان ساختىپەز شەھەرلەر، كەيپ - ساپاغا بېرىلگەن، چۈشكۈنلەشكەن شەھەرلەر، پەزىلەتلىرىدىن ئاينىپ كەتكەن شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى جاھالەتلىك شەھەرگە كىرىدۇ. جاھالەتلىك شەھەرلەرنىڭ خەلقى ھەقىقىي بەختنى بىلمەيدۇ، باشلىقلىرى ھەقىقىي بەخت ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھايات مەقسەتلىرى جىسمانىي

قاۋۇللۇق، شۆھرەت، كەيپ - ساپا، ئۆز ئىشتىياقلىرىدىن خالىغانچە يۈز ئۆرۈش بولۇپ، بۇنى بەخت دەپ بىلىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ بىرلەشكەن كىشىلەرنىڭ شەھەرلىرى پەزىلەتلىك شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتلىرى پەزىلەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان بارلىق شەھەر خەلقلىرى پەزىلەتلىك خەلق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بارلىق خەلقلەر بەختكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزئارا ياردەملىشىشنى يولغا قويسا پۈتۈن زېمىندا ئورتاق پەزىلەت تىكلىنىدۇ.

سەيپۇل دەۋلە فارابىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان دانىشمەنلىكىگە ۋە قەيەردىن سورىسا شۇ يەردىن تەمتىرىمەي جاۋاب بېرەلەيدىغان ھازىرجاۋابلىقىغا ئادەتتىن تاشقىرى قايىل بولۇپ، قاتتىق ھاياجانغا چۆمۈلگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ فارابىغا بولغان ھۆرمەت ۋە تەشەككۇرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا يىغىلغان پۈتكۈل جامائەتكە شاھانە زىياپەت بەردى.

زىياپەتتە فارابى سەيپۇل دەۋلەنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر بىر تېمىم ئىچىملىكمۇ ئىچمەي، شۇنداقلا بىر لوقما تائاممۇ يېمەي ئولتۇردى. فارابىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغان سەيپۇل دەۋلە ئاخىرىدا: «ئەمىسە مۇزىكا ئاڭلاشنى خالامسىز؟» دەپ سورىۋىدى، فارابى دەرھال باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئالىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىۋالغىنىغا خۇش بولغان سەيپۇل دەۋلە ھەش - پەش دېگۈچە ئۆز سارىيىدىكى ئاتاقلىق سازەندىلەرنى چاقىرىپ كېلىپ نەغمە قىلدۇرۇشقا باشلىدى. باشقىلار سازەندىلەرنىڭ چالغان سازلىرىدىن مەست بولۇپ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. لېكىن فارابى ئۇلارنىڭ ئورۇنداش ماھارىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ نازۇك نۇقسانلارنى بايقاپ، ئاچچىقىغا پايلىماي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇلارنى ساز چېلىشنى دەرھال توختىتىشقا بۇيرۇدى. سەيپۇل دەۋلە باشلىق ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. سازەندىلەر ساز چېلىشتىن چېپپىدە توختىغاندىن كېيىن، فارابى ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ئەيىب - نۇقسانلىرىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ، مۇزىكا ھەققىدە بىرھازا تەلىم بەردى:

- مۇزىكا ئالەمشۇمۇل ھەمجەھەتلىكنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر، - دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، - مەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى، ئەسلى زات ھەرىكەتكە ئىگە بولغىنىغا ئوخشاشلا، ئاۋازغىمۇ ئىگىدۇر. ئاڭلاش سەزگۈسى بارلىق ئىنسانىي سەزگۈلەرگە ئوخشاش تەبىئىي ۋە غەيرىي تەبىئىي بولىدۇ. تەبىئىي ئاۋاز ئەڭ ئاخىرى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلىسا، غەيرىي تەبىئىي ئاۋاز كىشىگە غەشلىك ۋە بىئاراملىق تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدۇ. مۇزىكىلىق ئاۋاز بىلىش جەريانلىرىدىن تاشقىرى بولغان ئادەتتىكى ئاۋاز بولماستىن، بەلكى ئۇ مۇزىكىلىق تەلەپ ۋە ئۆلچەم بويىچە تاپقا كىرگۈزۈلۈپ رەتلەنگەن ئاۋازدۇر. مۇزىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنساننىڭ بىلىش ۋە پەرق ئېتىش، ھۇزۇرلىنىش ۋە بىزار بولۇش ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىنسان ئۆزىنىڭ تۇغما ئىقتىدارى تۈپەيلى مۇزىكىلىق ئىستېداتقا ئىگە بولۇپ، مۇزىكىلىق ئىستېدات تۈپەيلى مۇزىكىلىق ئاۋازنى پەرق ئېتەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرلىنەلەيدۇ. ئۇنىڭغا مەنىۋى مەزمۇن ۋە ھېسسىيات بېغىشلىيالايدۇ. ئۇ مۇزىكىلىق تۇيغۇ تۈپەيلىدىن شېئىرىي ھېسسىيات ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. مۇزىكا تۇغما ئىستېدات ۋە تۇغما ئىقتىدار شارائىتىدىن پايدىلىنىپ بىر ئىلىمگە ئايلانغان بولۇپ، مۇزىكا ئاۋازى مۇئەييەن قىزغىنلىق، مۇئەييەن ھېسسىياتنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. مۇزىكا ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى مۇزىكىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، ئۆزئارا بىرلىشىپ مۇزىكا ئىلمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاھاڭ ئىجادچىسى چوقۇم چالغۇ مۇزىكىسىنى پىششىق ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم. نەزەرىيىۋى مۇزىكا رىتىم، مېلودىيە ۋە ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسقا بۆلۈنىدۇ. رىتىم شۇڭا ھاسىل بولغانكى، ئۇ ئاۋازلارنى ئەقلىي ئۇقۇمغا لايىق روشەن نىسبەتلەشتۈرۈشكە ئېلىپ كېلىدۇ. مېلودىيە شۇڭا ھاسىل بولغانكى، ئۇ يۇقىرى - تۆۋەن ئاۋازلارنى روشەن نىسبەتلەشتۈرۈشكە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئىككىسى ئاڭلاش سەزگۈسىگە يۆلەنگەن بولىدۇ. ئىپادىلەش بولسا ئاڭلاش ۋە كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم سەزگۈگە يۆلەنگەن بولىدۇ. بەزى مۇزىكا كۈيلىرى خۇشاللىق پەيدا قىلىدۇ، بەزى مۇزىكا كۈيلىرى مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىق ئىزھار قىلىدۇ. يەنە

www.uyghurkitap.com

بەزى مۇزىكا كۈيلىرى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئويغىتىدۇ. بۇ سەنئەت سالامەتلىككە شۇ مەنىدە مەنپەئەتلىككى، بەدەندىكى ئاغرىق بەزىدە روھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئۇ چاغدا بەدەن بىئاراملىق ھىس قىلىدۇ، روھمۇ بىئاراملىق ھىس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئەسلى زاتقا ماسلىشىپ ئاجىزلاشقان بولىدۇ. بەدەننى داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن روھنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ. مۇزىكىلىق ئاۋاز تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدا پائالىيەت ھاسىل بولىدۇ.

— قارىغاندا، سىز ساز ۋە مۇزىكىلارنى ياخشى بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟— دەپ سورىدى سەيپۇل دەۋلە فارابىدىن.

فارابى قىلچە ئىككىلەنمەيلا: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئارقىدىنلا بەلۋېغىغا ئورالغان قۇتىچىدىن بىر تال تارنى ئېلىپ سازەندىلەر قوش قوللاپ سۇنغان ئۇدنى قولىغا ئېلىپ، تارىنى ئالماشتۇرۇپ راۋرۇس تەڭشەپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ چېلىشقا باشلىدى. ئۇ دەسلەپىدە بايا سازەندىلەر چالغان ئەرەب كۈيلىرىگە قايتىلاپ چالدى. بۇ ئادەتتە كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئورۇنلاردا چېلىنىدىغان شوخ نەغمىلەر ئىدى. سورۇندىكىلەر فارابىنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلاپ روھلىنىپ جايىدا ئولتۇرالماي قېلىشتى. فارابى ئارقىدىنلا ئۆزى ئىجادىي رەتلەپ ئىشلىگەن مۇقاملارنى ئارقا - ئارقىدىن ئۇلاپ بىرھازا چېلىۋىدى، ئولتۇرغانلار دەسلەپىدە ئىچىدە، كېيىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى. نىمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ چالغان نەغمىسى بايا بىر توپ سازەندىلەر ئۆزئارا تەڭكەش قىلىپ چالغان نەغمىلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. فارابىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن مۇڭ قايىنايتتى. ئۇ ئۆمرىدە تارتقان پۈتكۈل رىيازەتلىرىنى ۋە ئايرىلغىلى نەچچە ئون يىللار بولۇپ كەتكەن ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغا يىغىپ تۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ چالدى. قارىغانلارغا ئۇنىڭ بەدىنى ئېرىپ، مۇزىكىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ھەممەيلەن تېگى يوق مۇڭ دەرياسىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەدىنىمۇ مومىيادەك يۇمشاپ ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. . .

ئالاھەزەل يېرىم كېچە بولغانىدى. فارابى ئۆزىنىڭ قانچە سائەتلەپ نەغمە قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر چاغدا ئۇ ساز چېلىشتىن توختىغاندا، ھەممەيلەننىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇشقان پېتى بىراۋ ئەپسۇن ئوقۇپ قاتۇرۇپ قويغاندەكلا تەپتەكشى ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆردى. فارابى بىر پارچە باغاقچىگە خەت يېزىپ ئۇخلاپ كەتكەن سەيپۇل دەۋلەنىڭ تەختى پايەسىگە قىستۇرۇپ قويۇپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگەن پېتى تىكەندەك يالغۇز چىقىپ كەتتى.

سەيپۇل دەۋلە تاڭ سۈزۈلگەندە ئاندىن ئويغاندى. ئۇ ئويغىنىپ تەختى پايەسىگە قىستۇرۇلغان باغاقچىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئاندىن ھېلىقى ئەسكى كىيىم كىيگەن شەيخنىڭ داڭقى ئالەمگە پۇر كەتكەن ئۇلۇغ ئالىم فارابى ئىكەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى «مېنىڭ ھەتتا كىچىك بالا چېغىمدىمۇ ئۇيقۇ بىلەن خوشۇم يوق ئىدى. . . ئىلتىپاتلىرىغا تەشەككۇر» دەپ خەت يېزىلغان باغاقچىنىڭ كەينىگە «ئەبۇنەسىر فارابى» دەپ چىرايلىق ئىمزا قويۇلغانىدى.

سەيپۇل دەۋلە ئوچۇق چىراي، سۆزمەن، مەلۇماتلىق، تەدبىرلىك، ئىلىم ۋە سەنئەتنى سۆيىدىغان، ھەربىي ۋە سىياسىي ماھارىتى ئۈستۈن ئادەم ئىدى. سەيپۇل دەۋلە سارىيىغا توپلانغان شائىر - ئەدىبلەر، ئالىم - ئۆلىمالار ئىلگىرى ئۆتكەن ھەرقانداق بىر خەلىپىلىكتىن جىق ئىدى. سەيپۇل دەۋلە سارىيىدا ماھىر يازغۇچى ساھىپ ئىبنى ئەببەد ۋەزىرلىك قىلاتتى. ئەتىسى فارابىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىش تەكلىپىنى بىرىنچى بولۇپ ئەنە شۇ ۋەزىر بەردى. بۇ تەكلىپ سەيپۇل دەۋلەنىڭ ئويلىغىنى بىلەن بىر يەردىن چىقتى. سەيپۇل دەۋلە بىر توپ چاپارمەنلەرنى فارابىنى قەيەردىن بولسۇن دەرھال تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا سالدى.

چاپارمەنلەر فارابىنى ئەتىگەندىن تا ناماز ئەسىرگىچە ئىزلەپ شەھەر سىرتىدىكى باغدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان يېرىدىن ئاران تېپىۋالدى. فارابى ئوردا ھاياتىغا كۆنەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ خەلىپىنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى.

ئەتىسى ناماز بامداتتىن كېيىنلا سەيپۇل دەۋلە فارابى قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان باغقا ئاتايتەن ئۆزى كېلىپ ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى.

ئۇ بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن ئاخىر ئوردىغا بېرىشقا ماقۇل بولدى. باغنىڭ ئىگىسى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئىشەنمەي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغان پېتى فارابىنى تەزىم قىلىپ ئۇزىتىپ قالدى.

فارابى سەيپۇل دەۋلەنىڭ ئوردىسىغا

كەلگەندىن كېيىن، سەيپۇل دەۋلە ھەپتە ئون كۈنگىچە ئالىمنىڭ شەرىپىگە كۆن ئاتلىماي زىياپەت بېرىپ تۇردى ۋە جامائەت ئالدىدا ئۇنى «دۆلەت ئۇستازى» دەپ جاكارلىدى. فارابى شۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ئۇستازى سۈپىتىدە خەلىپىلىكنىڭ ئىلمىي، مەدەنىي پائالىيەتلىرىگە باش بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ يەردە كۈنلىرىنى ھەر يەر - ھەر يەردىن كەلگەن ئالىم - ئۆلىما ۋە شائىر - ئەدىبلەر بىلەم قىزغىن ھەمسۆھبەتتە ئۆتكۈزدى. سەيپۇل دەۋلە ۋاقىت تاپسىلا ئۇنىڭدىن دۆلەتشۇناسلىق ۋە ھوقۇقشۇناسلىق ئىلىملىرى بويىچە ساۋاق ئېلىپ تۇردى.

— ئىنسانىيەت تەبىئەت تەرەققىياتىنىڭ بىر قىسمى ۋە راۋاجى. ئىجتىمائىي ھايات ھەمجەھەتلىكى پۈتكۈل ئالەمشۇمۇل ھەمجەھەتلىكنىڭ بىر قىسمى ۋە راۋاجى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئالەمنىڭ تاكامۇللىشىش شەكىللىرىدىكى ئاساسلىق بىر ھالقا، — دەيتتى فارابى ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سەيپۇل دەۋلەگە بايان قىلىپ، — پەقەت ئالەم تۈزۈلمىسى ۋە تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندىلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى تەرەققىياتنى، پەزىلەتنى ۋە ئادالەتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بىردەكلىك تۈزۈلمىسىدە كىچىك كائىناتقا ئىنسان ۋەكىللىك قىلغىنىدەك، چوڭ كائىناتقا ئالەم ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى پۈتۈن پائال ئەقىل، ئىلىم - پەننىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەقىل بارلىق ياخشىلىقنىڭ ئاساسىدۇر. ئەگەر كىشىلەر نەزەرىيىۋى بىلىملەر بىلەن چەكلىنىپ، ئومۇم قوبۇل قىلغان گۈزەللىك چۈشەنچىلىرىنى ئۆز پائالىيىتىگە تەتبىق قىلمىسا، بۇنداق ئادەت ئومۇم قوبۇل قىلغان گۈزەللىك چۈشەنچىسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئاۋام خەلق پەلسەپىسى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بۇنىڭ بىرى، ئەخلاق سەنئىتى بولۇپ، بۇ تۈپەيلى ياخشى پائالىيەت ۋە ئەخلاق توغرىسىدىكى بىلىم ھاسىل قىلىنىدۇ. ياخشى پائالىيەت ۋە ئىقتىدار (قائىدە - نىزاملار) شۇلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ شارائىتىدىن گۈزەللىك بىزنىڭ سۈپەتلىرىمىز بولۇپ قالىدۇ؛ يەنە بىرى، قائىدىلەرگە دائىر بىلىم بولۇپ، ئۇنىڭ شارائىتىدىن شەھەر ئاھالىسى گۈزەللىككە مۇيەسسەر بولىدۇ ۋە بۇ گۈزەللىكنى ساقلاشقا ئىقتىدارلىق بولىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ پەزىلەتلىك ياكى جاھالەتلىك سۈپەتلىرىمۇ بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل ھەمجەھەتلىك توغرىسىدىكى پائال ئەقىلنى نەزەرىيە جەھەتتە بىلىپ يەتكەن - يەتمىگەنلىكى ۋە ئەمەلىي جەھەتتە ئىزچىللاشتۇرغان - ئىزچىللاشتۇرمىغانلىقىغا باغلىق. ئۆز تەبىئىتى بويىچە ھەرقانداق كىشى شۇنداق تۈزۈلگەنكى، ئۇ ياشاش ۋە يۈكسەك كامالەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىسىمۇ، ئېھتىياجلىق بۇ نەرسىلەرنى يالغۇز ئۆزىلا ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ بۇلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىنى تەق قىلالايدىغان ئادەملەر بىرلەشمىسىگە ئۇيۇشۇشقا موھتاجدۇر. شۇ سەۋەبلىك، پەقەتلا بىر - بىرىگە ھەمكارلاشقۇچى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىرلەشمىسى ئارقىلىقلا ھەر بىر كىشى باشقىلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىنى يارىتىشقا مۇئەييەن دەرىجىدە ھەسسە قوشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئىنسانىيەت كۆزلىگەن كامالەتكە ئېرىشەلەيدىغان بولىدۇ. ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تەبىئىتى بويىچە جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە باراۋەردۇر. ئۇنىڭ جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇش زۆرۈرىيەتلىرى، ماددىي - مەنىۋى ئېھتىياجلىرى، ئۆزئارا ياردىمى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەمجەھەتلىكىدىكى ئورنى ۋە ھەسسىسى باراۋەر بولىدۇ. ھاكىملىق ۋە مەھكۇملۇق مۇناسىۋىتى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى، جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي پرىنسىپلىرىغا، جۈملىدىن ئەقىل ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا زىت ھادىسە. ساغلام، پەزىلەتلىك دۆلەت قۇللۇقتىن خالىي، ئەمما باش ئورگان ۋە دۆلەت خادىملىرىغا ئىگە بولغان بولۇشى، دۆلەت خادىملىرى خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ۋە سەنئىتىگە ئىگە بولۇشى، قىسقىسى، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ماھىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. بارلىق شەھەرلەر بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى مۇمكىن. پەزىلەت ئەقىلنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، نادانلىقتىن پەزىلەت كۈتكىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئەقىللىق ئادەم پەزىلەتلىك ئادەمدۇر. پەزىلەتنىڭ ئەقىل - پاراسەتنى شەرت قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەقىل - پاراسەت بىلىش، پەرق ئېتىش، تاللاش ۋە رەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. خاھىش ئەنە شۇنداق ئىقتىدار ئارقىلىق ئاڭلىقلىققا كۆتۈرۈلىدۇ. تاللاش پەقەت ئىنسانغىلا خاستۇر. چۈنكى تاللاش ئەقلىي

www.uyghurkitap.com

بىلىشكە تايىنىدىغان مۇھاكىمە ھېسابلىنىدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئىرادىگە ئاساسلانغان. ۋاقالەتكى، ياخشى ياكى يامان ھەرىكەت پەقەت ئىنسانغىلا خاستۇر. ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىك ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى ئالەمشۇمۇل ھەمجەھەتلىككە، تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىردەكلىكىگە، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىگە زىت بولغان ئىللەت ۋە كېسەللىكتۇر. پەزىلەتلىك جەمئىيەت مۇكەممەل ۋە ھەمجەھەتلىككە ئىگە بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش سىستېمىسى بولىدۇ.

سەيپۇل دەۋلە فارابىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئېغىر خىياللارغا پاتتى. ئۇنىڭ فارابىغا بولغان ئىخلاسى ھەسسىلەپ ئېشىپ بارماقتا ئىدى.

فارابى ئوردىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي داڭقى ئەرەب دۇنياسىغا پۇر كەتكەن مەشھۇر شائىر ئەبۇتەييب ئەل مۇتەنەببى بىلەن قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

سەيپۇل دەۋلە فارابىنى ئۇستاز تۇتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئوردا خەزىنىسىنىڭ ھەممىسىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ خالىغانچە تەمىنلىنىشنى تەۋسىيە قىلدى. فارابى بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدى. سەيپۇل دەۋلە ئۇنىڭغا يۇقىرى مائاش بەلگىلەپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، فارابى يەنە ئۇنىمىدى.

— مائاش ئالسام ئالاي، ئەمما ئالىدىغان مائاشنىڭ مىقدارىنى ئۆزۈم بەلگىلەپ ئەتە جاۋابىنى بېرەي، — دېدى فارابى سەيپۇل دەۋلەنىڭ تەكلىپىگە كۆڭۈلمىگەن جاۋابنى بېرىپ.

فارابى ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۇدۇل دەمەشق شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ئاياغ تىككۈچىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشراق بىرسىدىن كۈنىگە نەچچە دەرھەم كىرىم قىلىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ھېلىقى موزدۇز كۈنىگە ئىككى دەرھەم كىرىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. فارابى بازاردىن قايتىپ كېلىپلا سەيپۇل دەۋلەگە ئۆزىنىڭ تۆت دەرھەم مائاش ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەيپۇل دەۋلە پەۋقۇلئاددە تۆۋەن بۇ سانىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى، ئەمما رەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇ ئالىمنىڭ قىلغان گېپىدىن پەقەت يانغىلى ئۇنىمايدىغان جاھىل مىجەزىنى ئوبدان بىلىپ قالغانىدى. بۇ پۇل فارابى ئۈچۈن تولىمۇ ئەرزىمەس بولسىمۇ، ئۇ پىيادە يول مېڭىپ ۋە ساددا ياشاپ ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى.

سەيپۇل دەۋلەنىڭ ۋەزىرى ساھىب ئىبنى ئەببەد فارابىغا بەزى تەلەپلەرنى قويۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئالدىغا قىممەتلىك سوۋغىلارنى قويغانىدى، فارابى ئۇنىڭ تەلەپلىرى ۋە سوۋغىلىرىنى بىراقلا رەت قىلدى.

فارابى سەيپۇل دەۋلە ھۇزۇرىدا بىر يىلدەك تۇرۇپ قالدى. فارابى بۇ دەۋردە گەرچە سەيپۇل دەۋلەنىڭ ھامىيلىقىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنى سىياسىي ئىشلار ۋە خۇسۇسىي پاراغەتتىن يىراق تۇتۇپ، ۋاقتىنى قەدىرلەپ جىددىي ئىشلىدى.

— 6 —

فارابى 948 - يىلى دەمەشقتىن چىقىپ ئىسمائىلىزىم پىكىر ئېقىمى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ كېتىۋاتقان مىسىرغا كېلىپ توختىدى. فارابى مىسىردا نۇرغۇن ئالىملار بىلەن تونۇشتى، ئىلمىي لېكسىيىلەر ئوقۇدى ۋە بىر قاتار ئىلمىي بەس - مۇنازىرىلەردە ئۈستۈنلۈك ئېلىپ، زور ھۆرمەت ۋە شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولدى. فارابى مىسىردىمۇ ئۇزاق تۇرماي يەنە دەمەشققە قايتىپ كەلدى.

فارابى 80 ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي خېلىلا تەمبەل ۋە ساغلام ئىدى. قېرىپ قالغان بولۇشىغا قارىماي سەيپۇل دەۋلە سوۋغا قىلغان پەرغانە ئارغىمىقىغا باشقىلارنى يۆلەنگىلى سالماي مىنەلەيتتى. 80 ياشلىق فارابى يەنىلا ياش ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا ۋەزمىن، ئۆتكۈر، تېتىك بولۇپ، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرىلىقى، تەسەۋۋۇرىنىڭ تېزلىكى، ئالدىن بايقاپ بىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، مۇھاكىمە ۋە نۇتقىنىڭ مەنتىقىلىقلىقى ۋە ئوبرازلىقلىقى بىلەن ھەرقانداق كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ ئىلغار كۆزقاراشلىرىدىن زادىلا يالتايمىدى ۋە ھەقىقەت يولىدىكى جاپالىق كۈرەشنى بىرەر مىنۇتمۇ توختاتمىدى.

فارابى ئىنتايىن كەمتەر ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن دائىم: «سىز ئۇلۇغ ئالىممۇ ياكى ئارىستوتېلمۇ؟» دەپ سورىغاندا، فارابى ئىزچىل ھالدا: «ئەگەر مەن ئارىستوتېل زامانىدا ياشىغان بولسام، ئۇنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شاگىرتلىرىدىن بولغان بولاتتىم» دەپ جاۋاب

بىرەتتى.

فارابى تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگەنگەن بىلىملىرىگە قانائەتلەنمىدى، ئۆگىنىش ۋە ئىزلىنىشنى زادىلا توختاتمىدى. فارابى ئىلىم بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆيلەنمەي ئۆتۈپ كەتتى.

ئەبۇنەسىر فارابى ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئۇستازى سۈپىتىدە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتى. ئۇنىڭ يالغۇز شامدىلا ئون مىڭ ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. فارابىنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدىن ئىسلامىيەت شەرقىيگە تونۇلغان مەشھۇر ئالىملاردىن نۇرغۇنلىرى يېتىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ ھەررانىدىكى ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ئەڭ مەشھۇرى ئەبۇ زەكەرىيە يەھيا ئىبنى ئەدى ئىدى. يەھيا ئىبنى ئەدىنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدىنمۇ بىرمۇنچە مەشھۇر ئالىملار يېتىشىپ چىققانىدى.

فارابى شەھەرلەرنى ئارىلاپ، ھەتتا يىراق - يىراق مەملىكەتلەرگە بېرىپ سەييارە نۇتۇق سۆزلەشنى پەقەت قولدىن بەرمىگەنىدى. يۇرت - يۇرت ۋە شەھەر - شەھەرلەردە ئىلمىي سۆھبەت ۋە ئىلمىي مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ، ئۆز تەلىماتلىرىنى دەۋر تەقەززاسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بايان قىلىپ كەلگەنىدى. بىراق ئۇنىڭ بارغانلا جايدا كۆرگىنى ھاكىمىيەتتىن نارازى بولغان خەلقنىڭ قوزغىلاڭلىرى، ھاكىمىيەتتىكى چىرىكلىك، ئىچكى نىزالار ئىدى. فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ، باغداتتىمۇ، سۈرىيەدىمۇ، مىسىردىمۇ ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلمەتنىڭ ھەممە دەھشەتلىك تۈرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇڭا ئۇ كۆرگەنلىرىدىن خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق شېئىر يازغانىدى:

ھەر چېكىنگەن دەمدە تەتۈر بۇ زامان —
دەۋرانىغا،
سەن قىلىپ سۆھبەت يېتەلمەيسەن كۆڭۈل
ئارمانىغا؛
بارچە ئەل باشلىقلىرىنىڭ باشلىرى قانقان
تۇگەل،
ھەممە باشقا دەرد يېتىپ ئايلاندىمۇ سەۋدايىغا؟

فارابى تىنىمسىز ئىلمىي ئەمگىكى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسى ۋە ئىلىم - پەننىڭ ھەممە ساھەسىدە غايەت زور ئىلمىي مىراس قالدۇرۇپ ئۆتتى. فارابى ئۆز ئۆمرىدە 160 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازدى. ئۇ بەزى ئەسەرلىرىدە ئارىستوتېل ۋە قەدىمكى گرېك ئىلمىي مىراسلىرىنى ئىجادىي شەرھلەپ جارى قىلدۇرغان بولسا، يەنە كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇستەقىل ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر بىلەن بايان قىلىپ چىقتى. فارابىنىڭ ئارىستوتېل، ئېۋكلىد، پىتولېمى قاتارلىق گرېك پەيلاسوپ ۋە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتا يازغان شەرھلىرى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا ئىشلەش، قايتا ئىزاھلاش، ئېنىقسىزلىقلارنى روشەنلەشتۈرۈپ، نۇقسانلارنى تۈزىتىش ئارقىلىق پۈتۈنلەي يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. فارابى بۇ خىل شەرھى ئەسەرلىرىدە قەدىمكى گرېك ئىلغار كۆزقاراشلىرىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەپ، ئۇنى يېڭى پىكىر ۋە پاكىتلار بىلەن راۋاجلاندۇردى. فارابىنىڭ قارىشىچە، ئارىستوتېل ۋە قەدىمكى گرېك ئىلمىي مىراسلىرىنى بۇنداق ئىجادىي شەرھلەش ئۇنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇش ئىشىنىڭ پەقەت باشلىنىشىلا ئىدى. فارابىنىڭ مەقسىتى ئارىستوتېلنىڭ ئىلغار ئىلمىي، پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەت دۇنياسىغا تەتبىق قىلىش، شەرق خەلقلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق مۇنەۋۋەر ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پەلسەپىۋى جەھەتتىن يەكۈنلەش، ئۆز زامانىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار تارىخىي خاراكتېرلىك ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى مەسىلىلەرگە ئىمكانقەدەر توغرا جاۋاب بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. فارابى بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆزىنىڭ بىر قاتار مۇستەقىل ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈرگەن ئەسەرلىرى بىلەن ئورۇنلاپ، ئۆز پەلسەپىۋى سىستېمىسىنى ياراتتى. فارابىنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى سىستېمىسى ئىسلامىيەت شەرقىدە تەبىئەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا يېڭى يول ئاچتى.

www.uyghurkitap.com

ئەرەب ئىلغار ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىكى زور مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى فارابىدىن باشلانغانىدى. ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى قايسى مىللەت ۋە قايسى مەملىكەتتە ئايرىدە بولسۇن، ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قارايتتى.

فارابى ئۆز دەۋرىنى، جۈملىدىن ئۆز بىلىملىرىنى تارىخ ۋە بىلىش تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى دەپ جاكارلىماي، تولىمۇ ئىپتىدائىي بىر بالداق، ھەتتا ئالەم سىرلىرىنى ئاچالمىغان بىر بالداق دەپ ھېسابلىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر رۇبائىيسىدە تولىمۇ چىنلىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

مەۋجۇتلۇق سىرلىرى خام - پىشماي قالدى،
بۇ قىممەت دۇر يىپقا تىزىلماي قالدى؛
ھەركىم ئۆز ئەقلىچە بىر سۆز دېدىيۇ،
ئەمما ئەسلى سىر ھېچ ئېچىلماي قالدى.

فارابىنىڭ قارىشىچە، تېخى ئالەمدىكى مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ سىر ۋە قانۇنىيەتلىرى يېشىلمىگەن، كىشىلەر ئالەم سىرلىرىنى بىلىش يولىدا كۆپ ئىزلەنگەن بولسىمۇ، بىلىش تېخى ئاخىرقى پەللىگە يەتمىگەنىدى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە مەدەنىيەت پەھلىۋانى ئەبۇنەسىر فارابى مىلادى 950 - يىلى ماھى رەجەپ (دېكابىر ئېيى) نىڭ بىر كۈنى دەمەشقتىن بەلخكە كېتىۋاتقاندا، دەمەشققە يېقىن بىر جايدا مۇتەئەسسىپ روھانىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىرىنىڭ زور مال - دۇنيا ۋەدە قىلىپ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۆزىنى پايلاپ يۈرگەن قوراللىق باندىتلار تەرىپىدىن ۋاقىتسىز ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

ئالىمنىڭ جەسىتىنى بىرىنچى بولۇپ يەنە ئەسقالاندىن دەمەشققە قايتىپ كېلىۋاتقان سەيپۇل دەۋلە بايقىدى ۋە بۇ ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ قان - يامغۇر يىغلىدى.

شۇ كۈنى سەيپۇل دەۋلە رەسمىي ماتەم لىباسى كىيىپ، ئالىمنىڭ جەسىتىنى تېگىشلىك دەبدەبە بىلەن دەپنە قىلدى. فارابىنىڭ قەبرىسى دەمەشق شەھەر سېپىلىنىڭ «بەبەس سەغىر» دەرۋازىسى يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

شەرق خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇنەسىر فارابى ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل بىلىش تارىخىدا، پەن - مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە يارىتىپ ئالەمدىن ئۆتتى! شەرقنىڭ ئەڭ ئالىي پەيلاسوپى ۋە ئارىستوتىلچىسى ئەبۇنەسىر فارابى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ۋەكىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر پۈتۈن دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. «شەرق ئارىستوتىلى»، «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازانغان فارابى شەرق دۇنياسى پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي ئاساسچىسى. ئۇ پەلسەپىگە ئۇل سالدى ۋە پەلسەپىدىكى ھەرقايسى ئىلىملەرنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان شەرق پەيلاسوپلىرى ئىدىيىسى ئىچىدە ئۇنى چىقىش نۇقتا قىلمىغان ئىدىيە يوق دېيەرلىك. سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ئۇنىڭ شۆھرىتى ھەرگىز پەلسەپە ساھەسىدىكى ئورنىدىن تۆۋەن ئەمەس. پەلسەپە سوقرات، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتىلنىڭ قولىدا دۇنياغا كېلىپ، تا فارابى دەۋرىگە كەلگۈچە سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر پەلسەپە ئويلىشىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنىدى. فارابى غايەت زور ئەمگەك سىڭدۈرۈپ بۇ ئىشنى پەزىلەتلىك شەھەر ھەققىدىكى قاراشلىرىدا دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئۇتۇقلۇق تاماملىغان بىردىنبىر ئادەم بولۇپ قالدى. فارابىنىڭ شانلىق ئىدىيىسى ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى يارقىن نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئىبىن سىنا، ئۆمەر ھەييام قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ئارقىلىق ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىغا ۋە ياۋروپا پانتېزمىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا فارابىنى ھازىرقى زامان تەتقىقاتچىلىرى «ئىدىيە ئازادلىق مۇتەپەككۇرى»، «ئىلىم - پەن قەھرىمانى»، «روھىي ئەركىنلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزم ئۈچۈن كۈرەشكۈچى جەڭچى» دەپ ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەشمەكتە!

# شېئىرلار

## ئۆزۈك تىنىقلار

**ئابدۇللا سۇلايمان**

1

خۇشاللىق ھەركىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق،
ئىلكىدە ئۇ پۈتمەس خەزىنە - بايلىق.
بولدۇڭمۇ رازىمەن قىلغان بىر ئىشتىن،
خۇشالىق دەل ئاشۇ، باشقىسى چاغلىق.
خۇشاللىق قانائەت بىلەن قوشكېزەك،
ئۇنىڭغا مۇجەسسەم كۆڭلىيات - بارلىق.
زورلاشقا قوشۇلماس خۇشاللىق ئەسلا،
چۈشىسمۇ ھەتتاكى سۇلتاندىن يارلىق.
ئەمەس ئۇ بىر قېتىم تېلىقىپ كۈلۈش،
ۋە ياكى ئۈستىڭدىن يۈتكەن غەم - خارلىق.
مەن خۇشال دەۋەرگىن نەپسىڭنى تۇتۇپ،
دەل شۇ پەيت ئالەممۇ قىلىدۇ تارلىق.

2

تەڭرىنىڭ ئۆيىدۇر سىنىڭ يۈرىكىڭ،
ئىشەنچ ھەم مۇھەببەت روھى تۈۋرىكىڭ.
غەنى بول، ھەقىر بول ئەمىنلىك ئەۋزەل،
ئەمىنسىز ئېچىلماس غۇنچە - پورىكىڭ.
يۈرىكىڭ ئىزتىراپ چەكسە، بۇزۇلار -
تەڭرىنىڭ خانىسى، لىڭشىپ يۆلىكىڭ.
سۆيۈلگىن، سۆي ساقلاپ يۈرەكنى پاكىز،
شۇ ئۆيدە ئەۋجىگە چىقىپ كۆرىكىڭ.
يەتمىسۇن بىراۋدىن خانىگە بەرھەم،
سىنىڭمۇ ئۇزارسۇن ئىشەنچ سۈرىكىڭ.
قەد كەرسە روھىيەت سەيناسىدا ئۇ،
بولىدۇ جارى دەل قەدرىڭ - كېرىكىڭ.

3

يۈرمەكتە ئۇ تەنھا، شۇقەدەر جۇشقۇن،
سوزۇلغان ئايدالا، ھەمراھتۇر يۇلغۇن.
چارچىغان ئەسەبلەر تاپماقتا تەسكىن،
خىياللار قاينىمى چاچرىتار بۇژغۇن.
ۋۇجۇدى كەڭلىكلەر مەستخۇشلۇقىدا،
سۆيۈنۈش - ئالقىشى ياسىدى ئۇپقۇن.
مەجنۇنى ئۇ يايراش، يېشىنىشلەرنىڭ،
بوي - بەستى مىڭ كۆزدۇر - چاقنىغان ئۇچقۇن.
يېمەيدۇ ۋايىم ئۇ ئۆرلەش - قونۇشتىن،
يۈكدىماس قانىتى - پېيىنى قۇزغۇن.
قۇياشقا ئەڭ يېقىن بۇ جايدىن مېڭىپ،
ئېرىشەر يوقىتىپ، تاپىدۇ نۇرغۇن.

4

سۈكۈت قىلماق ئەمەس رازى بولغانلىق،
سۈكۈت دېمەك — پەيمان جامى تولغانلىق.
تاشلىماسلىقى جامنىڭ ئىزگۇ نىيەتتۇر،
پىنھان ئىچرە كۆيەر ئەبغان گۈلخانلىق.
سۈكۈت ئاسىي ھۆكۈم سۈرگەن دەھشەتكە،
ئەمەس بۇ پەيت بويۇن قىسىپ تۇرغانلىق.
سۈكۈت - تەڭرى دىلىغا سالغان بىر سۈرە،
ئەل ئەمەلسىز ئۆز - ئۆزىنى سورغانلىق.
سۈكۈت - تولغاق يەيدۇ قىساس ئوغلىغا،
تەۋەللۇتى - كۆكلەپ بەرق ئۇرغانلىق.
تېشىلىپ ئۇ، ناپاكلىقنى ئۆرتەيدۇ،
بولۇپ قەھرى، زور ئېقىنى ۋولقانلىق.

5

ئۇ ئادالەت، ھەق ئۈچۈن دەپ ياشىدى،
ئۆمرى باغدىن ھارام شاخ چاتىدى.
شەددە باغلاپ پىر - ئۇلۇغلۇق مومىغا،
ئېتىقاد - ئىخلاستا مەبۇت ياسىدى.
مەبۇتى كەلدى يېقىن، كەتتى يىراق،
ئىنتىزارلىقتا قاراپ كۆز قامىدى.
چىققىلى تىرماشتى غايە تېمىغا،
پۈكلىنىپ بەستى، قولى ھەم قانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېشلېپ كەتكەندە ئىخلاس خالتىسى،
سەۋرىنىڭ يىپ - يىڭنىسىدە يامىدى.
باشتىلا تاللاشتا ئۇ قىلغاچ غەلەت،
ئۇنى ھەق مەبۇتى شۇنداق ئالدىدى.
بولمىغاچ ئەقىدە بىۋاستە - ئۇدۇل،
كىم ئۇنى چىن ئادىمى دەپ ئاتىدى؟

6

سەن تىلەمچى، ئۇ تىلەمچى، مەنمۇ ھەم،
ھەممىمىزدە بىرلا سەۋدا - بىرلا غەم.
ئۇ تىلەيدۇ، سەن تىلەيسەن باشقىدىن،
مەن تىلەيمەن، ئۆز - ئۆزۈمدىن دەمبەدەم.
كېلىدۇ ئىشىكىمگە ئۇ قوللار سوزۇپ،
ئىلتىجا بىرلە ئاران يۆتكەپ قەدەم.
بەرگىنىمدە، قىلسا ئۇ دۇئا ماڭا،
بولىدۇ تويغان كەبى قەلبىم - سىنەم.
قانسا ئۇ بىر ۋاخلىقى - موھتاجىغا،
مېنى قىلغاي مەغپىرەت ئاللا ئىگەم.
مەنمۇ بىر كۈنلەر تىلەرمەن بەلكى نان،
ئۇ تىلەر مەندىن ئىمان، بوپ مۆھتەرەم.
ئالمىشىپ روھ، قارىنى ئاچلار ئۈمىدى،
پۈتىدۇ شۇنداق، ھاياتىن سان - رەقەم.

7

ئۇ يازدى ئۆزىنى، يازدى ئەسلىنى،
ئۆلىدى ئەجدادى بىرلە نەسلىنى.

يايلىلىق كۆك بۆرە ئىزىدىن مېڭىپ
قۇچتى ئەر ئالپىنىڭ دىدار - ۋەسلىنى.

ئۇرخۇننىڭ ھىدىنى ھىدلاپ تارىمدا،
قازدى سىر - ھېكمەتنىڭ تېگى - تەكتىنى.

تەڭرىقۇت قۇتاتتى قەلەم ئۇچىغا،
كۆردى خاس ھاجىپنىڭ غەيۇر بەستىنى.

بۇغراخان جانلاندى تەپەككۇرىدا،
تەشبىھلەپ ئۆتكەندە جەڭگاھ - رەستىنى.

تۇتقۇزدى قىدىرخان قولىغا ساتار،
ئۇلۇغلاپ قۇربانلار روھى - ۋەسپىنى.

ئۇ يازدى، يازماقتا دۇنيانى ئۇلاپ،
ئازابنى، غەپلەتنى، شادلىق پەسلىنى.

# لالە گۈلخانلىرىدىن

(غەزەللەر)

مۇھەممەت خېۋىر

قۇچاقلار كەلدى قۇرغاق - بوش، قۇچاق يايماقتا تەشنالىق،
جاھانغا لەبلا لەپ ئىنسان، ھۆكۈمران تەكتى تەنھالىق.
نىگاركىيم بەھرىمەن ئۇشبۇ مىنۇتتا دىلرەبالىقتىن،
گىرىمسەن، ئەمما پاكىز ھۇش ھىجىر سەۋداسىغا تالىق،
قەيەردە قالدى مەجنۇنتال، بۇلاقلار كۈيلىرى نەدە؟
ئىشىككە يۆلىنىپ قوترار ئاداققى چىللە سەۋدالىق.
قەيەردە قالدى مەست يالقۇن، كەپىلىك كۈيلىرى نەدە؟
ئۇچۇش ئالبۇمىدا قالدى، دەخلىسىز بەختى ھەقدالىق.
كۆزۈمدىن سىرغىغان داغلار پۈتۈپ قالدۇردى داغنامە،
كۆچۈپ كەلمەكتە يالقۇنلار چېكىپ زەنجىرى بەرنالىق.

چىڭگىش ھەسرەتكە ھەمكار يوق، ئاشۇنداق پەيلى ئالەمنىڭ،
قانائەت ئۇنتۇغان سۆيگۈ - ئىشقتا جەبرى دانالىق.
ھۆكۈمران تەكتى تەنھالىق رىزىقتۇر بەلكى پىنھانغا،
لېكىن جەننەت بىلەن كەلدى دىلىمدا نەۋئى نۇر بالىق.

* *

مۇھەببەت ۋادىسىغا ئاقتى مىليون ماگما - زەمزەملەر،
سىيرىلدى قانچە مۇزتاغ ھەم قىيالىق قەددى بەردەملەر.
بۇ ئالەم مەركىزى شۇلدۇر، ھاياتنىڭ يىلتىزى ھەم شۇ،
مۇھەببەت تەپتىدىن ئاتەش، مۇھەببەت تەپتىدىن نەملەر.
تىرىلدى قېرى تاشقاتما، جۇلاغا چىقتى تۇنلەرمۇ،
تەسەددۇق دەپ ئىشقى يالقۇنغا يۈرەكنى قويدى ھاتەملەر.
يۈرەكلەر چىقتى خۇرشىدنىڭ ئاداققى بۇرجىغا تۇرگۇن،
مۇقەررەر تەختى مەۋقەدە سۇلالە ئاچتى مەلھەملەر.
ياساپ كەلمەكتە ئالەمنى مۇھەببەت ئۈستىسى بەرھەق،
نەسەبلەر نۇرغا نۇر قاتلاپ، بىسىپ كەلمەكتە كۆكلەملەر.
زەئىپلىك يازمىشىدىن قاقىشىدى ۋەيرانە پىنھانمۇ،
نىداسى زار، بىراق دىلخانىدا ئۇشاق كۆيى جەملەر.

* *

لالىلەر گۈلخانلىرىدىن يالقىدى قان جىلۋىسى،
لەيلىبان قوندى كۆكۈلگە شەرھى ئەيغان جىلۋىسى.
كەل، قېنى دوزاختا ئوت ياق، تولدى شەيتان لەببالەپ،
ئويغىتار جەننەتنى ئىبرەت يانسا شەيتان جىلۋىسى.
كەل، قېنى باغرىمغا مۇز سال، پەسلىگەي ۋولقان - لاۋا،
دىلرەبا قارچۇقلىرىدا ياندى ۋولقان جىلۋىسى.
كەل، قېنى چۈشلەرنى ئەكەت، تولدى كۆن چۈشنامىگە،
سېھرىيەت ئالقانلىرىدا كۆلدى غەليان جىلۋىسى.
كەل، قېنى بۇرغاقتا جان بەر، لەرزىگە چۈشسۇن چىنار،
سۈبھىدىن كۆچسۇن ئىنقابلىق زەخمە داستان جىلۋىسى.
كەل، قېنى چۆللەردە مەن بار، باغ ساقا موھتاج ئەمەس،
سۇردى پاسىل باغسېرى چۆللەردە توپان جىلۋىسى.
كەل، قېنى تەنھا يۈرەكتە ئاچتى يۈز تەشۋىش - ئەلەم،
تۇن ئارا كەلمەكتە قاپساپ بەختىيار جان جىلۋىسى.
چايقىلىپ كەلمەكتە ئالەم، چايقىلىشتىن مەن يىراق،
ۋەز تېرىپ كەلمەكتە ئارتىپ قەھرى سۇلتان جىلۋىسى.
جىلۋىلەر ئەبجەشلىكىدىن تەمتىرەپ يۈردۈم ئۇزاق،
قۇم ئارا بەلكەننى سۇردى، ئۆچتى پىنھان جىلۋىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*　　*

ئەجەبكى مېھرى بۇرجۇڭدىن بىلەمسەن، بىر شېرىن دەرد بار،
زەھەرگە رەت قىلىپ بولماس سېھىرلىك رەغدى رىغبەت بار.
ئىچىمدە غۇلغۇبى جەڭگاھ، ئارامدىن تۈنلىرىم مەھرۇم،
مەگەر غەپلەتتىمەن ھوش بار، يەنە ھوش ئىچرە غەپلەت بار.
يەنە تۇغ ئالدى ئۇ ئۆكتەم، (شېرىن بۇ دەردمۇ مەجنۇنغا)،
مەگەر رەدنامىدىن دىلغا ھامان يەكۇندە كۈلپەت بار.
شېخىمدا بەرگى ـ ياپراقتىن نىشانە ـ بەلگە نامەلۇم،
رەسىمدىن بۇ يۈرەك سەرداسىغا بەرھەقكى ھەيرەت بار.
ئۈشۈك يۈزلەنسە ھالىمغا تېتىك روھىمدا مىڭ كۆكلەم،
ھەسەتلەر جۇغلىنىپ بەتنام دېڭىز بولغاندا جۈرئەت بار.
يىرىك مەجنۇنلىقىم ئالەمگە مەشھۇر، مەيلى ئارمان يوق،
قارام پىنھانغا بۇ ھال ھەق، شۇڭا دوق ئىچرە شەۋكەت بار.

*　　*

ئىسىركەپ كۆبچىمە ئىنسان، يەنە نۇقسانلىرىڭ باردۇر،
چېچەكلىك كەينىدە قانلىق يىغا ئەپغانلىرىڭ باردۇر.
چۇشەكەپ نەسلى شەيتاننى ھۆرۈپ ئويغانغىنىڭدا ھەم،
يەنە جىسمىڭغا جاي سالغان يېقىن شەيتانلىرىڭ باردۇر.
قاچاڭدا دۇغ سۇمۇ نىسبى، تىلىڭ جەمشىدى كۈيلەردە،
قانائەت يەكلىسە تەكچەڭدە ئاچ بورھانلىرىڭ باردۇر.
ئاداققى سەلتەنەت دەپ تەنتەنىگە ئىزدىمە ناغرا،
جۇلالار تەكتىدە مەۋھۇم تىرىك بوھرانلىرىڭ باردۇر.
مېنى تۇپراققا ئەنداز دەپ خازان دەپتەرگە كىرگۈزمە،
توپا قەدرىگە قان يىغلاپ زەھەر يۈتقانلىرىڭ باردۇر.
مۇكەممەل موردىلار باركى، مۇكەممەل ئەۋلىيالار يوق،
قولۇڭنى ئايغا يەتكۈزسەڭ، قۇياش ھىجرانلىرىڭ باردۇر.
قەسەمخور تۈلكە ئالەم بۇ، كىرىلمەك دەسمىگە چولتا،
سەھەر شۆھرەتتە تون كىيسەڭ ئەسىر ۋەيرانلىرىڭ باردۇر.
نەسھەت مۇنبىرى ئۆزرە ئۆزۈڭمۇ كۆبچىمە پىنھان،
جۇلايىڭ زەررىدىن زەررە، يەنە پىنھانلىرىڭ باردۇر.

*　　*

مەن ساڭا پىنھان ئەزەلدىن مەرھابا نەزمەمگە كىر،
سەن ماڭا گۈلخان، غەزەلدىن دىلرەبا خەندەمگە كىر.
تۈنلىرىم ھىجران تىلىدا سۇزۇلۇپ باردى ئۇدا،
سال قۇلاق تاڭ ھېكمىتىگە، ئىقتىدا ھەمدەمگە كىر.
سەجدىنىڭ پوكۇسلىرىدا جۇش ئۇرار سۆيگۈ لاۋا،
تاڭ چۈشى بەرسۇن رىزالىق دەم سۇيى زەمزەمگە كىر.
تاۋلىنىپ تۇرغان يۈرەكتە ئېرىسۇن يۈرەكمۇ ھەم،

بۇ تەسەددۇق ھۇجرىسىدۇر، قول بېرىپ مەھرەمگە كىر.
بەلكى مەنۇن ئالجىشىدا رەھنەما ھېكمەت قىلار،
تەلۋە مەن، بىر لەھزە ئالجىپ، مەن بىلەن بىردەمگە كىر.
داغى ھەسرەتتىن خالاسلىق كۆيدى ھېكمەت غارىدا،
ئۆت غەيۇر ھەل، باغرى چۆلدىن، بۇ ئىلاھى رەمگە كىر.
مۇپتىلالىق قوللىرىدا تۇتسا دىلبەر تۇنلىرى،
دەل ئاشۇ ھېكمەت - پاساھەت، تۇن يېشى شەبنەمگە كىر.
ئال قېنى پىنھان يۇرەكنى ئىزدىسەڭ تاڭدىن نىشان،
كۆيدۇرۇپ پىنھان غېرىبلىق، ئاشىقىي جىلۋەمگە كىر.

# شېئىرلار

غەيرەت غوپۇر

## راگىنات ھەققىدە ھېكايە

راگىنات دەيمىش:
بۇ بالا ئۆزۈمنىڭ ئەمەس.
ئايالىم بۇزۇق.
راگىنات دەيمىش:
ئوغرىنىڭ بالىسى ئوغرى بولار.
سوتچىنىڭ بالىسى سوتچى بولار.
راگىنات دەيمىش:
- رىتانى نادان
دېگەن سۆزى ئويدۇرما يالغان.
راگىنات شۇنداق قىلىدۇ گۇمان،
ئىشەنمەيدۇ بۇڭا ھىندىستان...
مۇلاھىزە:
ئوغلىمىزنى قىلىپ سەرگەردان،
بىز ھاياتنى شۇنداق ئالدىغان.

## خىيال

ئەڭ قەدىمكى تاش ۋە دەرەخلەر
بەلكىم بولغان ئوتلۇق بىر شېئىر.
ئەڭ قەدىمكى كۆز ۋە يۇرەكلەر،
بەلكىم ئۇنى ئوقۇغان بىر - بىر.

بۇگۇن قارلار يانۋاردا نەزم،
دالىلاردا ئاجايىپ بىر ساز،
قارلار ناخشا، ناخشا بىر ئەزىم،
تۇمەن يىللار ئۇندا بار بايان...

## خەلق ناخشىسى

كۆپ ناخشىلار خەلق ناخشىسى،
خەلق ئېيتىپ تۇرىدۇ ياڭراق...

ئۆستەڭ چېپىپ توۋلىغان ناخشام،
ئاڭلا دوستلار خەلق ناخشىسى.
ئورما ئورۇپ توۋلىغان ناخشام،
پادا بېقىپ توۋلىغان ناخشام،
ھەم كەلكۈندە قالغاندا يېزام،
يامغۇر يېغىپ كەتكەندە تامام،
پاتقاق بولۇپ كەتكەندە ھەم تام،
ئېيتقان ناخشام مېنىڭ ناخشامدۇر،
بۇنى سۆزلەپ بەرگەن چوڭ ئانام.

چوڭ ئانامنىڭ يۈزلىرى قورۇق،
بىلەكلىرى تاياقتەك ئورۇق.
لېكىن سۆز ۋە ھېكمەتلەرگە باي،
ئىش ئۆتكۈزگەن بېشىدىن تالاي
ئۇخلىيالماي ئاغرىق ئىچىدە،
ناخشا ئېيتىپ قويار كېچىدە،
مۇشۇك جىمىمدە تۇرىدۇ تىڭشاپ،
مەن ياتىمەن مۇشۇكتەك تىڭشاپ،
شۇ ناخشىنى ئىچىمدە يادلاپ.

«روزىلەم» دەپ مەنمۇ توۋلىدىم،
«خالىدەم» دەپ توۋلىدى ئىنىم،
«چىمچاچاق» دەپ توۋلىدى سىڭلىم،

www.uyghurkitap.com

چاۋار تىرىپ سايدا بىر قوچاق.
بولار ئۆتمۈش ناخشىسى شۇنداق،
خەلق ئېيتىپ تۇرىدۇ ياڭراق،
ھەم يازىدۇ يېڭى «چىمبولاق»
«گۇندىپاي» نى قىلىپ نام - ئاتاق.
يېڭى ناخشا بولىدۇ جەزمەن،
سادىر پالۋان توقۇغان قوشاق!

تۇغۇلغاندا، ئۆلگەندە ھەمدە
يۈرەكلىرىم تولۇيدۇ شۇنداق...

# ئاھ ھاياتىم كەچۈرگىن مېنى

مەن ئاجايىپ بىر بالا ئىدىم،
ئانام تەڭرىم دەيدىغان مېنى.
مەن ئانامنى شۇنداق دېمىدىم،
غازاڭ تاشلاپ كەتكەندە ئۆمرۈم،
بىلىپ قالدىم تەڭرى ئانامنى...

مەن ئاجايىپ بىر بالا ئىدىم،
ئاتام ئاتەڭ كۆتۈرگەن مېنى.
مەن ئاتامنى شۇنداق قىلمىدىم،
قاقشال بولۇپ كەتكەندە ئۆمرۈم،
بىلىپ قالدىم ئاتەڭ ئاتامنى...

مەن ئاجايىپ بىر بالا ئىدىم،
بوۋام خاقان دەيدىغان مېنى.
مەن بوۋامنى ئۇنداق دېمىدىم،
تىلسىز بولۇپ قالغاندا ئۆزۈم،
بىلىپ قالدىم بوۋام خاقاننى.

مەن ئاجايىپ بىر بالا ئىدىم،
مومام «جېنىم» دەيدىغان مېنى.
مەن مومامنى شۇنداق دېمىدىم،
قاتتىق قوللۇق قىلغاندا ئۆلۈم،
بىلىپ قالدىم لەگگەر جاھاننى.

# ئادىمىي مەخلۇقنىڭ سۆزى

توشقانچىلىك باتۇر ئەمەسمەن،
قوشقاچچىلىك سايرىيالماسمەن،

ھەتتا ئاچچىق قىلالمايمەن ھەم،
شەكلىم چەبدەس گىگانت ئادەم،
قارا - ئاقنى ئايرىيالمايمەن.

پەرىشتىنىڭ پاكى شەيتاننىڭ،
ئالالمايمەن رولىنى ھەتتا.
ئويۇن ئويناپ يۈرەلمەيمەن ئاھ،
نىشانىم يوق پاكى قىبلىگاھ،
يوق ئادەممەن قۇرئان، تەۋراتتا.

# تەڭرىتاغ، سەن گويا ئاق پاراخوت

1

ئۆركەشلىگەن بوز دېڭىز ئاقار،
جىمجىت سۈكۈت تىمتاس كۆي بىلەن.
دېڭىز يۈزى يارقىن لاۋۇلدار،
ئوتلار يىلتىز تارتقان بەك چوڭقۇر،
بۇنداق دېڭىز پەقەت بىرلا قانچە،
بەزەن ئارال، چۆل دەپ ئاتىلار.

2

شەلپەر يۈرەك ئۆزەر بۇ يەردە،
قىزىل تاۋار يېپىنىپ سەھەر.
ئۆزەر ھەمدە ئوغۇز نەۋرىسى،
بۈيۈك كارۋان بولۇپ شۇقەدەر.
ئەجەب يارقىن جاراڭلىق ناخشا،
بۇ ناخشىدا بوز دېڭىز تەۋرەر.

3

كېچە،
دېڭىز سوۋۇپ كەتكەن ئات،
ئاي شولىسى خۇددى زەھەردەك.
قىزىل يۇلغۇن تۇرار كۆكىرىپ،
بولماقچىدەك ئەرشكە تىرەك.
ئەتە بوران مىنىسە دۈلدۈلنى،
ھەسرەت چېكەر ياياق مىڭ ئەركەك.

4

تەڭرىتاغ، سەن بىر ئاق پاراخوت،
بوز دېڭىزدا ئۈزگەن ئانامسەن،
ھەربىر چوققاڭ باتۇر تەڭرىقۇت،
يەردە زېمىن، كۆكتە ئاسمانسەن،

سەن بىزلەرنى ساھىلغا باشلاپ كۆزلىرىڭ چاناقتىن كەتمىسۇن ئېقىپ،
ماڭغان ئۇمىد - ئەزىم كارۋانسەن. ياش تۆكمە كىرپىكىڭ بولمىسۇن خاراب.

## ياش تۆكمە

قارا كۆز جانانلار شۇنداق سېھىرگەر،
ئەقلىڭگە بەك ھەيران قالىمەن ھەيئات.

مۇھەببەت كۆكسۇمگە ئۇرۇلغان خەنجەر
ۋە لېكىن ئازابى تاتلىق شۇقەدەر.

ئەي تەڭرى بىر ساڭا قىلىمەن خىتاب،
تۇغۇلۇش ئازابمۇ، ئازابمۇ ھايات؟ . . .

ياش تۆكمە كۆزلىرىم ياش تۆكمە پەقەت،
ياش تۆكۈش ئوغۇلغا نومۇس ۋە زەرداپ.



## ئالدىدا

روزى سايىت خانىمى روزىنىسا

***ئاپتوردىن:** سۆھتەرەم مۇھەررىر كەمىنە، ئەل سۆيگەن مەرھۇم شائىر روزى سايىتنىڭ ئەھلىيەسى بولۇشۇم بىلەن، شۇنى ئىزھار ئەتمەكچىمەن:*

*مەلۇمكى، شۇنداق بىر تالانت ئىگىسى بىلەن ، ھەزىغار تىكلەپ، بىر ئائىلىدە قويۇق ئەدەبىي مۇھىت ئىچىدە بىرگە ئىناق ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ماڭا بىر تالاي ياخشى ئىزگۈ - تىلەكلەر قالغان ھەم كۆپ ئەمەلىي، ئىجادىي تەسىرلەر يۇققان، ئۆزلەشكەنىدى. . .*

*ۋادەرىغا، قازارا ئۇ كەتتى. . . ئەمدى مەن تاغدەك ئېغىر مۇسىبەتلەر ئىلكىدە كۆز ياشلىرىمنى سۇرتۈپ تۇرۇپ، مەرھۇمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ئىخلاس - ئەقىدەم، مېنى ئۇنىڭ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق سىجىل ئىشلەتكەن سادىق قەلىمىنى سۆيۈپ قولۇمغا ئېلىشىمغا ئۈندىدى. نەتىجىدە «ئالدىدا» تېمىسىدىكى بۇ شېئىرنى يېزىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.*

*ئويلايمەن، بۇ يازغانلىرىم ئانچە قانائەتلەندۇرەرلىك ئەمەستۇ. . شۇنداقتىمۇ ئۇمىدىم شۇكى، يارا قەلبىمگە مەلھەم، مۇڭلۇق روھىمغا مەدەت بېغىشلاش يۈزىسىدىن بولسىمۇ، ژۇرنال سەھىپىسىدىن ئورۇن بېرىشلىرىگە مۇنتەزىردۇرمەن!*

*چوڭقۇر ھۆرمەت، كامىل ئېھتىرام بىلەن كەمىنە كەمتەرىن - روزى سايىت خانىمى روزىنىسا .*

بىغىمۇ سەلدەيدىكەن دەرد كەلسە دىلدار ئالدىدا،
بولدى تاشقىن كۆز - يېشىم دەرياچە مىقدار ئالدىدا،
سىردىشىم، چىن يولدىشىم جانىم پىداكار ئالدىدا،
قولدىشىم ھەم مۇڭدىشىم دىلداش ۋاپادار ئالدىدا،
سۆلكىتىم تاغدەك يۆلەنچۈك تۇرمۇشتا غەمخار ئالدىدا.

ئىپتىخارىمدى ۋەتەن، خەلقىم ئارا مەنزۇرلىقى،
ھەمنەپەس - ھەمدەم دېسە ئۆزى دەل مەزكۇرلىقى،
داڭلىشام داڭغا مۇناسىپ مەردلەر بىلەن ئوخشاشلىقى،
ئىجتىھات باغىدا كۆپكە بابداشلىقى، قۇرداشلىقى،
زوققا زوق قوشقان ياران ھەربىر ئىجادكار ئالدىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆز ئېيىنىڭ تەرىدىن كەتتى ھۆسن ھەم قاچتى قان،
تەبىئەت ماتەمدە ياپراق سارغىيىپ بولدى خازان،
دەۋرىگەن دولقۇنلىمۇ ئۆز تۇرقىنى قىلدى ئايان،
مۇڭ - پىغانىمنى قىلاي قايسى تىل بىرلە بايان،
شىددىتى بىباش ئاساۋ دەريايى خونخار ئالدىدا.

ئالەمچە چەكسىز شەپقىتى دېھقاننى ياقلا، دەر ئىدى،
ۋەتەنگە زور مۇھەببىتى ۋەتەننى ساقلا، دەر ئىدى،
خەلققە ئىخلاس ھۆرمىتى بىل ئەلنى ئەلا، دەر ئىدى،
ئىنسانغا خاس ئالىيجاناب بۇرچۇڭنى ئاقلا، دەر ئىدى،
قانداق تۇراي ئۇن قاتمايىن بۇنداق تەلەپكار ئالدىدا.

دەستۇرۇم - دەرسىم ئېرۇر مەتلۇبى - مەكتەپ ياقلىسام،
كەمتەرىن ئېسىل ھايا ئەخلاقۇ - ئەدەپ ياقلىسام،
مەرىپەت، ئىلمىي كامال بۇرچىدا شەرەپ ياقلىسام،
بىھېساب قۇتتۇر تۇگەل ئۆمرۈمدە ئەجەپ، ياقلىسام،
بەردەملىكى ئەيلەر ئاتا ھىممەتنى دىشۋار ئالدىدا.

زور ئىشەنچلەر ئىلكىدە دەرلەر ئىدى ئۇ «شائىرەم»،
قونمىسۇن چاڭ سىز تۇرۇپ تاشلىنىپ ئىش - خاتىرەم،
تارلاشمىسۇن ئاچقان يولۇم ئەل ئۈچۈن كەڭ دائىرەم،
قالمىسۇن يەردە مېنىڭ ئۈشبۇ تىلەك، ئىزگۇ كەرەم،
ئۈنتۇما پەندىمنى تۇت يادىڭدا دەركار ئالدىدا.

ئاخىرى، شېئىرىمدا دەيمەن ئۇ ئۈچۈن ئامغا سالام،
ئېيتىمەن ئۇ كۈيلىگەن جاپاچى دېھقانغا سالام،
ئۇ كەبى سۆيگەن دېھقاننى ئاشىقى جانغا سالام،
ئەل - ۋەتەن خەلقى ئۈچۈن كۆيگۈچى مەردانغا سالام،
جۇپ قولۇم كۆكسۈمدە ھەر چاغ ھۆرمەتتە دوست - يار، ئالدىدا.

مەن چىراغۋەنى ئۇنىڭ ياققان چىراغى ئۆچمىگەي،
كۆڭلىرىم نۇرلۇق يەنە ھىجران قارا كۆرسەتمىگەي،
روزىغارىمنى شاقاۋەت ئىلكىدە كۆرسەتمىگەي،
ئۇ ھاياتتۇر يەنىلا ئەسلا دىلىمدىن كەتمىگەي،
قويمىغاي ھېچبىر ۋاقىت غۇربەتتە ئەغيار ئالدىدا.

بەس! چارچىدىڭ روزىنىسا، ئېلىۋال بىر پەسكە دەم،
شائىرىڭنىڭ كەينىدىن سەن ئىز بېسىپ باسقىن قەدەم،
ئانتى - ئەھدىڭ ئالدىدا يات پىغا - زار، دەردۇ - ئەلەم،
ئۈچ بالاڭ ئۈچ تۈپ چىنار تەلمۈرگىلى ساڭا نېكەم،
سايرىغاي بۇلبۇللىرىڭ باغىڭدا گۈلزار ئالدىدا.

# نەسرلەر

قۇربان ئەمەت

## يالغان ئەپسانە

ئىشەنمە بالام، ئۇ چىرايلىق ئەپسانىلەرگە.

ئادەم يەيدىغان ۋاقىت ماشىنىسىغا، مېڭىگە قۇيۇپ قويۇلغان يوچۇن ئەقىلگە، قاباھەتلىك سەيشەنبىگە، قانات ساتىدىغان سودىگەر قۇشلارغا.

ئىشەنمە بالام، ئۇ چىرايلىق ئەپسانىلەرگە.

ماشىنا ئادەمگە، ئادەم ماشىنىغا، ئادەم ياسايدىغان ئادەمگە، ئادەم ياسايدىغان ماشىنىغا، ئادەمنى ماشىنىغا ئايلاندۇرىدىغان ماشىنىغا.

ئىشەنمە بالام، ئۇ چىرايلىق ئەپسانىلەرگە.

يۇز گىرىمگە ئايلاندۇرۇلغان تەبەسسۇمغا، تەبەسسۇمغا ئايلاندۇرۇلغان يۇز گىرىمگە، ئۆز مەنىسىنى يوقاتقان تىلغا، تىلدىن جۇدا بولغان بىمەنىگە.

ئىشەنمە بالام، ئۇ چىرايلىق ئەپسانىلەرگە.

ساداقەتسىز كۆيبازغا، قايغۇسى يوق ھەمراھقا، مەسلەكتىن خالىي يولغا، يولدىن خالىي مەسلەككە.

ئىشەنمە بالام، ئۇ چىرايلىق ئەپسانىلەرگە.

قۇياش تۇغمايدىغان ئۇپۇققا، تاشمايدىغان دېڭىزغا، ئىچىگە يۇتىدىغان تاغلارغا، ئۆز ئىسمىنى ئۇنتۇغان دۇنياغا.

ئىشەنمە بالام، ئۇ چىرايلىق ئەپسانىلەرگە.

مۇمكىن بولمايدىغان ئىمكانىيەتكە، كۆلدۈرمەيدىغان، يىغلاتمايدىغان قىسمەتكە، ۋاكالىتەن ياشاپ قويۇشقا بولىدىغان ھاياتقا، ۋاكالىتەن ئۆلۈپ قويۇشقا بولىدىغان ماماتقا.

ئىشەنمە بالام، ئۇ چىرايلىق ئەپسانىلەرگە.

## قايتىش

قايتتىم، يىراقتىكى سوئال بەلگىسىدىن پۈتكەن شەھەردىن. قالدۇردۇم ئۇ يەردە يوچۇن بىر ئۇندەش، يول بەلگىسى ئوغرىلانغان رەستە بويىدا.

يازدىم ئۆز ئىسمىمنى، ئىشلىتىشتىن قالغان يېزىقتا. لېكىن بۇ يېزىق ئىشلىتىشتىن قالمىغان، قولۇڭدىكى مېنىڭ شۇ ئىسمىم يېزىلغان دەل ئاشۇ يېزىقتا.

قايتتىم يىراقتىكى سوئال بەلگىسىدىن پۈتكەن شەھەردىن. قالدۇرۇپ قويدۇم يوچۇن بىر سوئال، كىملىكىنى ئۇنتۇغان ئىنسانغا.

قايتتىم، ئاشۇ قايتىشىمدا، يۈرىكى تىنىمسىز سوقۇۋاتقان، ئۆزۈمگە چاقىلغان چەكسىز ئۆزۈمگە. سۈردۈم شۇنچە ئەزكىن قايتىش پەيزىنى، ئۇنتۇپ قايتىشتىن باشقا ھەممىنى.

قايتتىم يىراقتىكى سوئال بەلگىسىدىن پۈتكەن شەھەردىن. تونۇدۇم ئۆزۈمنى ئۇ يەردىكى چۆل - چۆل ئەينەكتە. سىزدىم رەسىمنى چۆل - چۆل ئەينەكنىڭ، ئۇ يەردىكى چۆل - چۆل ئادەمنىڭ چۆل - چۆل بولغان قەلبىگە.

قايتتىم يىراقتىكى سوئال بەلگىسىدىن پۈتكەن شەھەردىن.

## سۆزلۈك تام

ئەي ناتونۇش ئادەم، ئەي يېگانە قۇش، ئەي ناتىۋان پادىچى. سىلەرنىڭ سۈپسۈزۈك دۇنيايىڭلارغا شۇڭغۇغان بىلىجانىنىڭ ئالتۇن رەڭ قاسىراقلىرىدىن يانغان جۇلالارنى ئۆز شىۋەڭلەرنىڭ كۈمۈش تالالىق سەزگۈلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھېكمەت مەرۋايىتلىرىغا ئۆتكۈزۈشنى خالامسىلەر.

قاراڭلار، مېنىڭ قىلغان شۇنچە سەمىمىي

www.uyghurkitap.com



تەزىملىرىمگە. ناتونۇش ئادەمگىمۇ مۇھەببەت چوڭقۇرلۇقى بىلەن تەكەللۇپ قىلماقنىڭ شۇنچە يارقىن بىر پەزىلەت ئىكەنلىكىنى ئويۇڭلاردىن چىقارمىغان بولساڭلار، نېمە ئۈچۈن ئالدىڭلاردا تۇرغان ناتونۇش ئادەمنىڭ ئادىمىيلىك چوققىلىرىغا پەزىلەتنىڭ غۇبارسىز چېچەكلىرىدىن چاچقۇ چاچمايسىلەر.

قاراڭلار، قۇشلارنىڭ ئەركىنلىكتىكى مەستخۇشلۇقىغا: ئەركىنلىكتىن مەستخۇشلىنىشىنىڭ پايانسىز بوشلۇقلىرىغا قۇچاق ئاچماقچى بولغان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىدەپ مەستخۇشلۇقىنىڭ ساختا ئىرەملىرىدىن ئەركىنلىك سۇمۇرغىنىڭ پەيلىرىنى تەرمەك بولىسىلەر.

قاراڭلار، غەمسىز پادىچىنىڭ غەمسىزلىكىگە. ئۇنىڭ كاككۇك گۈلىگە بىغىشلاپ ئېيتقان ناخشىسىدىن ئۆزۈڭلارنىڭ سۈزۈك روھىڭلارنى كۆرگەندەك بولغان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا غەمسىز پادىچىنىڭ غەمسىزلىكىگە ئىچ ئاغرىتىش شېرىن چۈشىگە بەنت بولۇپ كېتىسىلەر.

ئەي ناتونۇش ئادەم، ئەي بىگانە قۇش، ئەي ناتىۋان پادىچى. سىلەرنىڭ سۈزۈۋالدۇق دەپ كۆرسەتمەكچى بولغان ھېكمەت مەرۋايىتىڭلار پەقەت مۇشۇلىمۇ؟ سىلەر كۈيلەيسىلەر ئۆز دۇنيايىڭلارنىڭ ئالۋۇنلىرىنى. سىلەر كۈيلەيسىلەر ھوسۇلسىز مەنبەلەر شاۋقۇنلىرىنى. سىلەر كۈيلەيسىلەر ئۆزلۈك ئىشرىتىڭلارنىڭ مەرغۇللىرىنى.

قاراڭلار، ئەنە ئاۋۇ مەجنۇننىڭ قىلىقلىرىغا. ئۇنىڭ شاد كۈلكىلىرىنىڭ قاتلىرىغا نېمىلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر. ياق، ئەلۋەتتە ئېيتىپ بېرەلمەيسىلەر. ئېيتىپ بېرەلمەسلىكىڭلار، سىلەرنىڭ پەرەز قىلىشتىكى نامراتلىقىڭلاردىن ئەمەس، خاتا ئېيتىپ قويۇشتىن ئۇيالغانلىقىڭلاردىنمۇ ئەمەس؛ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ شاد كۈلكىلىرى قۇپقۇرۇق، ئۇنىڭ شاد كۈلكىلىرى تەپەككۇردىن ھالقىغان، ئۇنىڭ شاد كۈلكىلىرى پەرەز قوتانلىرىغا سولانغان ئەمەس. قاراڭلار، ئۇنىڭ شاد كۈلكىلىرىدە شاد كۈلكىدىن ئۆزگە ھېچنەرسە يوق.

ئەي ناتونۇش ئادەم، ئەي بىگانە قۇش، ئەي ناتىۋان پادىچى. سىلەرنىڭ سىلەر ئىكەنلىكىڭلارغا قايىل بولماقتىن ئۆزگە يول بارمۇ ـ يوق؟ سىلەرنىڭ شۇنچە ساددا تاللىۋېلىشىڭلارنىڭ ساددا پېتى تاللىۋېلىشتىنمۇ ئۆزگە سەۋەبى بارمۇ ـ يوق؟ سىلەرنىڭ سىلەر ئىكەنلىكىڭلارغا دەخلى بولىدىغان ئەبجەش مۇمكىنچىلىكلەر بارمۇ ـ يوق؟ سىلەر پەقەت ساپ ئۆزۈڭلار بىلەن تەبىئەتكە قاتناشقانسىلەر. سىلەر پەقەت ساپ ئۆزۈڭلار پېتى تەبىئەت بولۇپ يارالغانسىلەر. سىلەر پەقەت ساپ ئۆزۈڭلار پېتى تەبىئەت بىلەن ئۆتتۈشمە ھاسىل قىلىپ تۇرماقتىسىلەر. ئەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ ئۆزگە بىزەكلەرگە ھاجەتمەن بولغۇدەكسىلەر.

قاراڭلار، مېنىڭ قىلغان شۇنچە سەممىي تەزىملىرىمگە. قاراڭلار، مېنىڭ قۇرۇقدىلىپ قىلىشتىن كېيىنكى ئەڭ ھۇزۇرلۇق سۈكۈتلىرىمگە.

## قۇم قەلئە

سەن ھەقىقەتلىكى ئۆيلىرىمنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلايمەن. سەن ئاللىقاچان مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، روھىم سۈبھىسىدە شۇنچە ئەركىن جىلۋە قىلىسەن. جىلۋىلىرىڭدە مۇقەددەم ھالاۋەتنىڭ مەپتۇنكار خۇش تەبەسسۇمى چاراقلاپ يانىدۇ. جىلۋىلىرىڭدە كۆي سادالىرىنىڭ جاراھىتىدىن قالغان ئىزنالار شەلۋەرەپ چاقناپ تۇرىدۇ. جىلۋىلىرىڭدە ماڭا مەنىلىك سالاھىيىتىنى ئاتا قىلغان قىسمەت ھېكمەتلىرىنىڭ تەپچىپ تۇرىدۇ.

سەن قۇم قەلئەسەن. ھەر قېتىم ئالەمنى مالەم قىلىپ ھۇشقۇيتۇپ گۈركىرىگەن تەلۋە بوران سېنى ئۆز خاھىشى بويىچە قايتا قۇرماقچى، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى شۇنچە پۇختا مۇناسىۋەتنى ساپسېرىق قۇم بارخانلىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلىماقچى، روھىيەت قانىلىمىزنى بەربات قىلىپ بىزنى ئۇچۇرسىز دۇنيانىڭ قاپقاراڭغۇ دەرگاھىغا مەڭگۈلۈك بەنت قىلماقچى بولىدۇ.

سەن قۇم قەلئەسەن. كۆككە سورۇلىسەن، قايتا قۇرۇلىسەن. يەنە كۆككە سورۇلىسەن، يەنە

قايتا قۇرۇلىسەن. قېدىرلىنىسەن، كۆمۈلىسەن. يەنە قېدىرلىنىسەن، يەنە كۆمۈلىسەن. سەن تەلۋىلەر نەزىرىدىكى بىھوش ئانا. سەن ئەقىدىسىزلەر نەزىرىدىكى جاھىل بارلىق. سەن يىلتىزسىز ئادەم نەزىرىدىكى بىر پارچە بوش يەر.

سەن قۇم قەلئەسەن. سەن ھەر قېتىم قايتا قۇرۇلغاندا قۇپقۇرۇق روھى بىلەن بىلجىرلىغان تەلۋە بوران ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئۆز غالىبىيىتىدىن چۇقان سالىدۇ. بىراق سەن يەنىلا قۇم قەلئەسەن، سەن يەنىلا ئۆز قۇملىرىڭدىن قايتا ئاپىرىدە بولغان قۇم قەلئەسەن. سېنىڭ ھەر بىر تال قۇم زەررىچىلىرىڭ شۇنچە پاكىز چاراقلايدۇ. غەيرىي تۇپراقنىڭ ھەتتا بىر تال زەررىچىسىمۇ ئۆز بارخانلىرىڭغا يېقىن يولاتمايدۇ. تەلۋە بوران ئۆز مۇددىئاسىغا مۇناسىپ بولغان قەلئەنى قۇرۇپ چىقماق بولۇپ، ئاقىۋەتتە سېنىڭ پۈكۈلمەس روھىڭغا بولغان ھەمدۇ-سانا سۈپىتىدە ئۆز ۋۇجۇدىڭدىن بىنا بولغان يېڭى بىر قەلئەنى كۆرۈپ قالىدۇ.

سەن قۇم قەلئەسەن. تالاي قېتىملىق بورانلار زەربىسىدىن بۇزۇلغان قوۋۇقلىرىڭنىڭ ئورنىنى مەنىۋى قوۋۇقلىرىڭ ئىگىلىگەن. سەن چېكىنىسەن، ئىلگىرىلەيسەن، چۆكىسەن، ئۆرلەيسەن. سەن يەنە تىنچىيسەن، دولقۇنلايسەن. سەن كەبى تىنىمسىز قەلئە ئېھتىمال تېپىلمايدۇ. مەن ساڭا بولغان قەرزدارلىق ھېسسىياتىم بىلەن سېنىڭ باغرىڭدا چوقچىيىپ تۇرىمەن، سېنىڭ ھەر لەھزە تىنىقلىرىڭغا ئەسىرا بولىمەن. غەزىپىڭگە غەزەپ، شادلىقىڭغا شادلىق بولۇپ قويۇلىمەن. سېنىڭ ئۈچۈن تەييارلىنىمەن. مەن سېنىڭ بىر تال زەررەڭمەن. بوران ھەرقانچە قارا كۆڭۈللۈك بىلەن نەرە تارتسىمۇ، كۆلۈڭنى كۆككە سورىسىمۇ، سەن يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىسەن، قەد كۆتۈرىسەن.

سەن ئەنە شۇنداق قۇم قەلئەسەن. مەن سېنىڭ بەلگە تېشىڭ بولۇپ مەغرۇرلۇقىڭغا تەقلىد بولۇپ چوقچىيىپ تۇرىمەن.

## تۈندىكى كوچا

نامسىز بېكەتتە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدىم. يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى گۇمانلىق نەزەر بىلەن قاراپ قېلىشتى. ئۇزۇن كوچىنىڭ گىرىمسەن قۇچىقىدا تەنھا قالدىم. قەھرىتان سوغۇق سۆيۈپ قويۇشنى باھانە قىلىپ نەشتەرلىرىنى سانجىپ ئۈلگۈردى. بۇ يەردە چۈشۈپ قېلىپ نېمە قىلىمەن، بۇ قەيەر، قەيەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمىدىم.

— ماڭا بۇ كوچىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلەرسىزمۇ؟

چۆچۈپ ئارقامغا قارىدىم. چىرايىنى مەيۈسلۈك چۈلغىۋالغان بىر بالا ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. بىچارە، مۇساپىر بولسا كېرەك. ئېھتىمال قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتكەندۇ. ئېھتىمال مەنزىلىدىن ئاداشقاندۇ. ئېھتىمال مېنىڭدىن بىرەر نەرسە ئۈندۈرۈۋېلىش قەستىدىدۇر. ئېھتىمال...

— تىرىكلەر قەبرىستانلىقىغا قانداق بارىدۇ؟

ئۇنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن.

ھەي بىچارە، مېنىڭدىن سوئال سوراپ تولىمۇ بىھۇدە ئىش قىلىۋاتىسەنغۇ. ئۇنىڭ قولىدا كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەك، تىلەپ تاپقان پۇلمىكىن، پارچە نانمىكىن، زادى نېمىكىن؟

— ماڭا ئۆزىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى خالامسىز؟

ئۇنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن. ئۇ نېمە ئۈچۈن مەن بىلەنلا قالىدىغاندۇ. بۇ كوچىدا ئىككىمىزدىن باشقا ئادەممۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىنىڭ مۇشۇنداقلا ئۇنتۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ مەندىن مۇشۇ سوئاللارنى سوراۋاتقان بولسا، ئەلۋەتتە بۇ سوئاللارنى مەندىنلا ئەمەس، ئېھتىمال ھەر بىر تۈپ دەل-دەرەختىن، ئەسكى تاملىق ئۆيلەردىن، ھەتتا ھەر بىر تال خەس-چاۋارلاردىنمۇ سوراۋاتىدۇ.

— مەن ئۆز تىلىمدىن باشقا تىل بىلمەيمەن. سىز قايسى تىلنى بىلىسىز؟

ئۇنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن. تىل زادى شۇنداق مۇھىممۇ. مۇھىم بولغان بولسا مەن نېمە ئۈچۈن تىلسىز بولۇۋالدىم. ناۋادا ئېغىزلا ئاچىدىغان بولسام، بىر-بىرىدىن خاتا سۆزلەرنى قىلىپ قويۇشۇم مۇمكىن. ماڭا خاتا ئەمەس، ئۇلارغا خاتا. ماڭا خاتا بولمىغاندىكىن

www.uyghurkitap.com

نېمىشقا سۆزلەۋەرمەيمەن. ئۇلار خاتا دەپ قارىغان سۆزنى يەنە ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمدىم. سۆزلىسەم ئەلۋەتتە ئۆزۈمگە سۆزلەيمەن. بىراق ئۆزۈمگە سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوقتە.

— ئېزىقىپ قالغان بولسىڭىز كېرەك - ھە؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن. ئېزىقىپ قېلىش دېگىنى نېمىسىدۇ؟ ناۋادا راستتىنلا ئېزىقىپ قالغان بولسام، ئۇنداقتا ئېزىقىپ قېلىشتىن بۇرۇنقىسى توغرا يول بولغان بولماسمىدى. مەنزىلىمنى تېپىۋالدىمىكىن دېسەم، ئۇنداقتا ئۆزۈم تۇرغان ئورۇننىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلىنىشىم كېرەك ئىدىغۇ. ئېھتىمال تەكرار ئېزىققان بولۇشۇممۇ مۇمكىن. كىم بىلىدۇ، ئېھتىمال مۇشۇ يەرگە كەلگىنىم ئىنتايىن توغرا بولغاندۇ.

— مەڭ، بۇنى سىزگە بېرەي.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن. ماڭا سۇنۇلغىنى يارچەنمىكىن، قاچانلاردا تارقالغان پۇلكىن. يېزىقىنى پەقەتلا ئوقۇيالمىدىم. ئىلگىرى بۇنداق يېزىقلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈش تۇگۇل ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىلىدىغان يېزىقمىكىن يا. بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىلىدىغان يېزىق بولسا، ئۇنداقتا پۇلچۇ؟ پۇلمۇ كەلگۈسىدە ئىشلىتىلىدىغان پۇلمىدۇ؟ بۇ بالا قەيەردىن كەلگەن، يەنە قەيەرگە بارىدۇ. ئاشۇ پۇلدىكى يېزىقلار بىلەن ئۆزۈمدىكى پۇلنىڭ يېزىقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرمەكچى بولۇپ يانچۇقۇمغا قول سالدىم. يانچۇقۇم قۇپقۇرۇق. ئۆزۈمنىڭ تەۋەلىكىنى ئۇقۇشقا ئامالسىز قالدىم. بۇ ھەقتىكى ئەسلىمىلەر پاك - پاكىز ئۇنتۇلغان.

— كۆك بۆرە ناخشا كېچىلىكىنى مۇشۇ پۇلغا كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن. قايسى كۆك بۆرە، كۆك رەڭ بىلەن بويىۋېتىلگەن بۆرىمۇ؟ تايىنلىق شۇنداق بىر ئىشتۇ.

— سىزدىن رەنجىمەيمەن.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن. قاراڭغۇلۇق ھەممىلا يەرگە يېيىلىپ دەۋرەپ كەلمەكتە. ھېلىقى بالا ئۇزۇن سۇكۇناتتىن كېيىن قاراڭغۇ كوچىغا يۇزلىنىپ، نېمىگىدۇر قىيالمايۋاتقاندەك، پۇتتۇرەلمىگەن ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆكۈنۈۋاتقاندەك، ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ ئاستا - ئاستا ئۇزاپ كەتتى. كوچا قاراڭغۇ بولغاچقا يول يۈزىدە ئۇنىڭ قەدەم ئىزلىرىنىڭ قالغان ياكى قالمىغانلىقىنى كۆرەلمىدىم. «سىزدىن رەنجىمەيمەن»، مەندىن رەنجىمىگەن بولسا، ئەمىسە كىمدىن رەنجىيدۇ. مەندىن نېمىشقا رەنجىمەيدۇ، رەنجىشنى ئۇستىگە ئالىدىغان يەنە كىملەر بار. بۇلارنى ئويلاۋېتىپ تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدىم. ئەمدى ئۇ بالىنى قايتا ئۇچرىتالماسلىقىم مۇمكىن. ناۋادا ئۇچرىتىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا دېمىسەم بولمايدىغان قانداق مۇھىم سۆزلىرىم بار. ئۇچرىتالماي قالسام ئۇنىڭغا قىيالمىغۇدەك تەسىرات مېنىڭدە بارمۇ. «سىزدىن رەنجىمەيمەن»، مەندىن نېمىشقا رەنجىمەيدۇ. رەنجىشكە ئەرزىمەمدىمەن. ئەرزىسەم نېمىگە رەنجىگەن بولاتتى. مەندىن رەنجىشكە ئەرزىمىگۈدەك مەن زادى كىم. ھېچنەرسىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدىم. شۇنداق قىلىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراڭغۇ كوچىنىڭ قۇچىقىدا تەنھا پېتىمچە قالدىم. شۇۋىرغان سۆيۈۋاتامدۇ، چېقىۋاتامدۇ ئاڭقىرالمىدىم.

## تۇنجى خوشلىشىش

سەن ئۇزاپ كېتىۋاتىسەن. جۇدالىقنىڭ شېرىن مېۋىلىرى ئازاب دەرىخىمنىڭ شاخلىرىدا مەي باغلىماقتا. ئۆز - ئۆزۈمگە ندا قىلدىم: «كەل، ئەي ئادەم، بىز ئەمدى ئۇچرىشىش ھەققىنى بىلەن تارتۇقلىنايلى». بەس - بەستە چېچەكلىگەن جىگدە دەرىخىدەك ئاسمان سەتھى يۇلتۇزلارغا لىق تولغان. سەن بولساڭ توختىماستىن ئۇزاۋاتىسەن. يۇلتۇزلارنى ساڭا تۇتقان يوللۇقۇم دەپ ئىشەندىم - دە، ئۆز - ئۆزۈمگە ندا قىلدىم: «قانچە تېز ئۇزاپ بارساڭ شۇنچە ياخشى. بۇ تېزلىكىڭ سېنى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ماڭا ئېلىپ بارسا ئەجەب ئەمەس. خەير، ئەي ئادەم، بىز ئەمدى ئۇزاپ كەتكەن مەنزىلىڭدە دىدارلىشايلى».

تىمتاس كېچە ئۆز تىنىقلىرىنى ھىدلاپ ھۇزۇرلانماقتا، سەن بولساڭ ئايدالىڭ يىراق گىرۋەكلىرىگە ئاستا - ئاستا سىڭىپ

بارماقتىسەن. سۆكۇناتىمنىڭ تىمتاس ئىرەمباغىدىن كۆي بىنا قىلىپ، ئۇنى سىنىڭ شەنىڭگە بېغىشلىدىم دەپ ئويلىدىم - دە، ئۆز - ئۆزۈمگە نىدا قىلدىم: «ئامان بول، ئەي ئادەم، تەسەۋۋۇر ۋۇجۇدىكىدىنمۇ يىراق مەنزىللەرگە بېرىپ يەت. مېنىڭ ساڭا نىسبەتەن خەيرلىششىتىنمۇ ئارتۇق مۇھەببىتىم يوق. سەن ئەمدى خەيرلىشىش مۇسىبىتىنىڭ ئەركىن ئازابلانغۇچىسى بولدۇڭ. مەن سېنى خەيرلىشىش ئارقىلىق تارتۇقلايمەن. خەيرلىششىنىڭ ئاقىۋىتى مېنىڭ كۆتكىنىمدەك بولىدىغان بولسا، ئۇ هامان يەنىلا چاقىرىق بولۇپ قالالايدۇ».

سەن ئايدالانىڭ يىراق ئۇپۇقلىرىغا سىڭىپ كەتتىڭ. تۇنجى خوشلىششىنىڭ بۇنچە هۇزۇرلۇق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. مەن سېنى يۈز كۆرۈشۈشنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە ئەنە شۇنداق ئۇزاتقاندىم.

## ئاسادىپ يېغىن

يېغىۋاتقىنى نېمىكىن. ئىلگىرى يېغىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن قانداق يېغىنلىقىنى ئۇققىلى بولماسلىقتەك گاڭگىراش ئىلكىدە نامسىز يېغىنغا هەيرانلىقىمىزنى يوشۇرۇشقا تىرىشمىدۇق. ئۇ تۆكۈلمەكتە، تۆكۈلمەكچىدەك، تۆكۈلمىسە بولمايدىغاندەك، مەڭگۈ توختىمايدىغاندەك، ئىچ - قارنىنى بوشىتىۋالماقچىدەك. ئۇستۇبىشىمىز بويىلىپ كەتتى. هېچكىم هېچكىمگە ئوخشىماي قالدى. بارلىق رەڭلەر بىراقلا ياغماقتا. ئەجەش رەڭلەر، نامى بار، نامى يوق جىمىكى رەڭلەر. سۈزۈك، دۇغ، ئوچۇق، تۇتۇق رەڭلەر. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئەسلى رەڭگىنىڭ قانداقلىقىنى ئىسپاتلايدىغانغا شاهىد چىقامدۇ - يوق. بۇنىڭغا ئالدىن هۆكۈم قىلىش قىيىن.

يېغىش داۋام قىلماقتا. ئۆزۈمنى يېغىۋاتقاندەك هېس قىلدىم. ئۆزلەشكەن بولۇشۇم مۇمكىن. تېزلىكنى ياخشى - يامان دەپ بولمىسىمۇ، مېنىڭ هالىتىمدىكى تېزلىكتىن گۇمانلانماسلىقتا ئاساسىم يوق. كىم ئۇ يېنىمدىلا كۆز يېشى قىلىۋاتقان؟ ئۇ يىغلىماقتا. رەڭلىك يىغلىغانغا نېمىدېگەن ئوخشىغان. ئېهتىمال ئۇ رەڭلەر يىغلاۋاتسا كېرەك. رەڭلىك ئىدىيە، رەڭلىك هەسرەت، رەڭلىك سۆز - ئىبارىلەر. ئارقىدىنلا رەڭلىك تراگېدىيىگە پەشتاق بولۇپ قالامدۇ تېخى. بىز رەڭ دەۋرىنىڭ بوسۇغىسىغىلا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشقا تەييارلىنىشىمىز كېرەك. رەڭلىك دەۋردىن گۇدۇكلەر ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئەنە ئۇ قولىدا قۇرۇق دۇۋەت كۆتۈرۈۋالغان بالا رەسسام. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ئىلگىرى بار بولغان جىمىكى رەڭلەرنىڭ نامى پۈتۈلگەن. ئۇ ئات قويۇشقا ئالدىرايدۇ. ئۆزى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، پەقەت رەڭلەر رىسالىسىدە نامى پۈتۈلگەن ئاشۇ رەڭ ناملىرىنى مانا ئەمدى ئۇ هەقىقىي تۈردە رەڭگە ئىگە قىلماقچى. ئالمىشىپ كېتىش يۈز بېرىدۇ. ئالمىشىپ كېتىش.

ئۆزۈمدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدىم. ئالمىشىپ كېتىش رەڭ دەۋرىنىڭ مودىسى بولۇپ قالسا، مەن ئۆزۈم مودىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتەرمەنمۇ دەپ. ئۇخلاشقا بولمايدۇ.

## يوچۇن رەسىم

بۇ مەشهۇر رەسسام بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن مەشهۇر رەسىم ئىدى. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگىنى نە بىر قەهرىمانلىق قىسسەسىمۇ، نە بىر گۈزەل يالىڭاچ بەدەنمۇ، نە بىر خىيالىي مەنزىرىمۇ ياكى بىرەر هەجۋىي ئوبرازمۇ بولماستىن، بەلكى يوچۇنلا بىر كۆرۈنۈش ئىدى.

پايانسىز سايازلىق، پاتقاقتا چۆكۈپ كېتىۋاتقان رەسسام، بىر قولىدا پەلكۈچ، يەنە بىر قولىدا بوياق تاختىسى. ئۇ كانىيىغىچە پاتقاقتا پاتقان، ئۆمۈرلۈك رەقىبى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ پاتقاقتىن چىقىرىۋالماقچى بولغان، بىراق بۇ ئۆلۈم گىردابىدىكى رەسسام رەقىبىنىڭ پەلتۈيىنىڭ پەشلىرىگە رەسىم سىزىش بىلەن ئاۋارە.

پەلتۇنىڭ پېشىگە سىزىلغان رەسىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پايانسىز سايازلىق، پاتقاقتا چۆكۈپ كېتىۋاتقان رەسسام، بىر قولىدا پەلكۈچ، يەنە بىر قولىدا بوياق تاختىسى. ئۇ تاكى كانىيىغىچە پاتقاققا پاتقان، ئۆمۈرلۈك رەقىبى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ پاتقاقتىن چىقىرىۋالماقچى بولغان، بىراق بۇ ئۆلۈم گىردابىدىكى رەسسام رەقىبىنىڭ پەلتۇيىنىڭ پەشلىرىگە رەسىم سىزىش بىلەن ئاۋارە.

پايانسىز سايازلىق، پاتقاقتا چۆكۈپ كېتىۋاتقان رەسسام، بىر قولىدا پەلكۈچ، يەنە بىر قولىدا بوياق تاختىسى. ئۇ تاكى كانىيىغىچە پاتقاققا پاتقان، ئۆمۈرلۈك رەقىبى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ پاتقاقتىن چىقىرىۋالماقچى بولغان، بىراق بۇ ئۆلۈم گىردابىدىكى رەسسام رەقىبىنىڭ پەلتۇيىنىڭ پەشلىرىگە رەسىم سىزىش بىلەن ئاۋارە.

مانا بۇ مەشھۇر رەسسام بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن مەشھۇر رەسىم. بىراق رەسسام بۇ مەشھۇر رەسىمنى تاماملاشقىمۇ، داۋاملاشتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن.

## نىقاب

ئازاب ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن قالغىنى پەقەتلا نىقاب. پىياز سويغان تەرىزدە ئۆز ـ ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي نىقابسىزلاندۇرماقچى بولدۇم. چەكسىز سويۇلۇشنىڭ ئەڭ ئاداققىسىنىڭ گۇمرانلىق بولۇپ چىقماسلىقىنى تىلىدىم. ئىشىنىچىم يوقالدى. قىرغاقلىرىمنى كەلكۈن ئېلىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى. نوھنىڭ كېمىسىنى ياسىشىم كېرەك. بىراق نېمە بىلەن ياسايمەن. ئىشەنچىم ئاللىقاچان يوقالغانىدى.

نىقابلىرىمدىن ئاستا ـ ئاستا يېشىنمەكتە ئىدىم، ئەينەككە قاراپ داڭ قېتىپ قالدىم. كىملىكىمنى كىمدىن سورايمەن. نىقابلىرىمدىن ئاستا ـ ئاستا، بىر ـ بىرلەپ يېشىنمەكتە ئىدىم. پىياز سويغاندەك. دېمىسىمۇ شۇنچە ئاچچىق، شۇنچە يۇمران بىر باش پىيازنى سويماقتا ئىدىم. ئەينەككە ئىككىنچىلەپ قاراپ سالماسلىققا ئەھدە قىلدىم. مەنىلەر بىر ـ بىرلەپ يوقالماقتا ئىدى. بىمەنىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلارمۇ. نىقابلاردىن چەكسىز ـ چەكسىز يېشىنىشىم كېرەكتەك ئىدى. ئۇنداقتا نىقاب جەۋھىرىدە نېمە قالىدۇ. ھېچنېمە.

ئازاب داۋام قىلماقتا ئىدى.

بىر دۆۋە نىقاب سۆيۈندىلىرىگە قاراپ داڭ قېتىپ قالدىم.

## ئەسلىمە

ئۇ بىر ئەسلىمە ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئاشۇ تار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشنى تاللىۋالغانلىقىمنى ئەسلىيەلمىسەممۇ، لېكىن سېنىڭ بىلەن شۇنداق بىر مۆھىتتا دوقۇرۇشۇپ قالغانلىقىم ھاياتىمدىكى يەنە بىر يارقىن پەللە بولۇپ قالغاندەك ئىدى. كۆۋرۈك شۇنچە تار، ئاستىمىزدا ھاياتلىق دەرياسى گۈرۈلدەيدۇ. سەن ئۇ قىرغاقتىن، مەن بولسام بۇ قىرغاقتىن كېلىپ دوقۇرۇشۇپ قالغان. سەن كىم؟ مېنىڭ بىلگىنىم پەقەت مۇشۇلا ـ ماڭا يولۇققۇچى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كىشىلىك تار كۆۋرۈكنىڭ نەق ئۈستىدە. مېنىڭ كىملىكىم ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىڭ، بۇ تەرىپى ماڭا روشەن ئەمەس. چېكىنىش يۈز بەرمەسلىكى كېرەكتەك، سەن ئارقاڭغا چېكىنمىدىڭ، مەنمۇ ھەم شۇ. يول بوشىتىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. تەقدىر ئىككىمىزنى شۇنچە ئۈستىلىق بىلەن قوشۇپ قويماقچىدەك. بىز بىر ـ بىرىمىزگە قوشۇلۇپ كەتكەن. قوشۇلۇپ كېتىش شۇنچە تەبىئىي روي بەرگەن. كېيىنكى ئاقىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ قېتىمقى قوشۇلۇپ كېتىش سەۋەبىدىن بولغان. بىز قارشى قىرغاققا يېتىپ باردۇقمۇ. ئېھتىمال، يېتىپ بارغان بولۇشىمىز مۇمكىن. سەن مەن ئارقىلىق، مەن سەن ئارقىلىق.

ئۇ بىر تاتلىق ئەسلىمە بولۇپ قالدى. مەن ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالايمەن.

# باغدىن - تاغدىن

**مۇھەممەتجان ئەمەت**

## مۇز تاغ

چۇش شولىسى، چاقنىماقتا دېڭىز كۆكسىدەك، ئۇيقۇسىدا تاشلارنىڭ. ئۇ مەيلى شۇقەدەر يالغان بولسىمۇ، بۇ تەبەسسۇم سايىسىدە داۋام قىلدى بىر سوغۇق سۆيۈش. سۆيۈلمەكتە زىمىستان، كۆيمەكتە بۇ زىمىستان، لەۋلەر تەپتىدە، قارغىشلاردا. ئاپئاق لەنەتلىرىمىز چېچەكلىرى قارلارنىڭ، ياغماقتىمىز خۇددى لەنەت چېچەكلىرىدەك، تەبەسسۇمىغا قىڭغىر ئاخشامنىڭ، بىز تامچىۋاتقان تۇزغا ئوخشايمىز، مەڭگۈلۈك تەملەرگە تېتىپ كەلگەن بىز. بىز خرۇستال مۇزغا ئوخشايمىز، سۇكۇتلەردە قېتىپ كەلگەن بىز. ئەمدى كۆيسەك ئوتتىن قورقمايمىز دېيىشىدۇ تىترەڭگۈ قاشلار، مۇز تاغدىكى مۇز قەلئەلەردە مۇز يۈرەكنىڭ گېپى چىقىسىلا.

مۇزتاغ سەن كېلەڭسىز خرۇستال يۈرەك، مۇز ئاقىدۇ تومۇرلىرىڭدا. سەن ھەممىنى مۇزدەك سۆيىسەن، مۇز كۇلدۇڭ، مۇز تىنماقتىسەن، مۇز پەشتىللەر كۇلمەكتە مانا، مۇز چېچەكلەر يەلپۈنمەكتە مۇزلىغان خاتىرىلەردە. تەلۋە شاماللارنىڭ ئىشارىتىدە مۇزدەك شېئىرلارنى يادلىماقتىمىز، ئەمەستۇر لېكىن مەرسىيىسى ئۆلگەن كېچىنىڭ، ئادرېسى بار كېچىلەرنىڭ يۇلتۇزلار يۈيۈنغان دېڭىز كۆزلەردە، ئادرېسى بار ئۆلۈمنىڭ تەڭقىسلىقىنىڭ يانچۇقلىرىدا. شەلپەر كۆزلىرىدە رەقىبىنىڭ. ئۇ توقۇيدۇ مەڭگۈلۈك زامان، ئېيتالمىغان شۇ سۆزلەر ئۈچۈن. ئۇ يىغلايدۇ قېتىپ قالغان شۇ كۆزلەر ئۈچۈن، ئاپئاق بەدەنلەر شۇنداق چىرىپ كېتىدۇ ئاخىر. بىزلەرنى توختاۋسىز قورشاۋغا ئالغان باشقىچە ئۆلۈم، بۈگۈن خەت ئالمىدۇق ھېچكىمدىن ھەتتا، پاتىفون ئاۋازى، پلاستىنكىدىكى مۇزنىكا يۆگەلمەكتە خىيالغا. ناتونۇش كۆيلەرگە تولغانماقتا يول، كۆي دەرىخى ئىزغاڭلىماقتا، قايغۇ دالىسىدىكى ۋەھىمىنىڭ قارا شامىلى، ئىشىكلەر تاقالغان، قولاقلار دېرىزىنىڭ تاكتاكلىرىدا تىڭشىماقتا ۋاقىتنى، كېچىدىكى قوزىلارنىڭ مۇزدەك ئاۋازى، ئازغۇن بىر ئاۋاز، سانجىلار قايناق ئۇيقۇلارغا. غوللاردا ئۆسكەن تەنۇر تىكەندەك، سوغ كۇلمەكتە مۇزتاغ بىر لەھزە. . .

## بالىياتقۇ

سېنىڭ ئاۋازىڭدۇر بۇ چۆجىلەر تىلىدەك بۇدرۇق بىر ئاۋاز، تىنىمسىز يالىغان سۈكۈتلىرىمنى. يىغىدۇر ئۇ، بوۋاقلارنىڭ تۈنجى يىغىسى، ھاياتقا سوقۇلغان ئەڭ ئاجىز سادا، ئاتايمىز ئەڭ يامان تىل بىلەن سېنى، ئەمەسسەن لېكىن تىترىگەن رەڭگى يوق ھېسسىيات تېنى، شەھۋەت نەشتىرى سانجىلمىغان ساڭا تۈركۈملەپ، قىبلەڭ يوق تېۋىنغىلى بولمايدۇ ساڭا، ھەتتا يادلىمايمىز سېنىڭ ئىسمىڭنى، نامى سەت ئايالنىڭ ئىسمىدەك گويا، بارمايدۇ ئاتاشقا تىلىمىز زىنھار، لېكىن تۇرۇپ قالغان سەندە بىر مەزگىل. قانىتىمىز چىقامدىكىن دەپ، تىرنىقىمىز ئۆسەمدىكىن دەپ، چىش سۇرەرمىز دېۋىدۇق، ھەتتا مۈڭگۈزىمىز بۆرتۈپ چىقاردەك، ئۇزۇن بويۇنلىرىمىز بولغاندەك ئىدى. سۇمۇرغ بولمىدۇق، بۈركۈت بولمىدۇق ۋە لېكىن بىر كۈنى ئۇچۇپ كەتتۇق بىز. سەدەپ بولمىدۇق، ھايات دەپ چېشلىدۇق لەۋلەرنى مەھكەم، بوغا بولالمىدۇق، شاخلىدى قورساقتا مۈڭگۈزلەر ئەمما، زىرايە بولمىدۇق لېكىن قولىمىز يېتىدۇ بىراۋنىڭ رىزقىغا سوزساق، قۇيرۇقىمىز بولمىغان بىلەن ئۇستاز بولۇۋالدۇق تۈلكە شاھىغا، تونالمايسەن سەن كۆرسەڭ ھەتتا، باشقىچە ئاتايدۇ بىزنى بۇ يەردە، شاپاشلاپ كېتىمىز چاقىرسا ئەگەر «پالانچى بولسۇن. . .»

دەپ قويغان ئىسمىغا. تاماق ئەتتۇق، يەر تېرىدۇق، چاپتۇق ھەم ھاشار، پەندىيات دەپ سالدۇق تۇغۇلغانغا ھەم، ئاۋايلاپ تاپقان پۇللارنى ئامانەت قويىمىز شۇنىڭ ئىسمىغا، تونۇمايمىز لېكىن بىز ئۇنى، ئىشلەيمىز لېكىن بىر شۇ ئىسىم ئۈچۈن، ئىسمىنى ئۆيلەيدۇ ھەتتا بۇ جاھان. ئانا دەيدىكەنمىز، يايلىقى بار ئانىلارنىڭ، ئاتا دەيدىكەنمىز ياماشساق چوققىغا يۆلەيدۇ ئۇلار، چاقىرغىلى بولمىدى لېكىن بىرلا سېنىڭ ئاشۇ نامىڭنى. چوڭ بولۇۋالدۇق، ئۇنتۇمىدۇق لېكىن بىز سېنى تىلىمىزنىڭ ئۇچىدا بار سەن. بىر قىزىل تۇپراق قىزىل ۋەتەنسەن، ۋەتەنسىزنىڭ تۇنجى ۋەتىنى!

## ئالما

نۇر چاچىسەن، زۇلمەتنىگە ئىشتىھالارنىڭ، ئالما دەيدىكەن ئالغۇمىز كېلەر، ئادەم ئاتىدەك ئېزىپ كەتسەكمۇ. ئىلىخوداسەن، ئەمەسسەن بىراۋنىڭ جەننەتلىرىدە، تۇنجى گۇناھ ئەمەستۇر ھەم قوغلاپ چىقارمايدۇ شۇڭا ھېچكىممۇ. ھاۋانىڭ بالىلىرى سالىدۇ بىزنىمۇ ھەممە كويلارغا، ھەممە قايناملاردا قايناپ چىقىمىز. ئالما دەيدىكەن ئالغۇمىز كېلەر، قوينىمىزدا تۇرسىكەن دەيمىز، بېھىش ھىدلىغاندەك بولىدىكەنمىز، گۈزەل بىر ھېسلارغا تولىدىكەنمىز، سەن چۆكۈپ لەيلەيسەن خىيالىمىزدا، لەيلەپ چۆكۈۋاتقان قىزلارغا ئوخشاش، قىز مەڭزىنى ئوخشاتتۇق ساڭا، سەن! نېمىلەرگە ئوخشايسەن يەنە...

ئالما دەيدىكەن ئالغۇمىز كېلەر، قىز دەرىخىنىڭ يومران كۆكسىدە، مەشرىپىڭدە ئويناپ كۈلدۇق، ئۆزگىچە ھىدلىرىڭ يۈرەككە تېگەر، پاساڭ بولساڭ، يېرىلغان شاخلىرىڭ يۈرەكنى ئېزەر، مۇڭلىرىڭغا تەڭكەش بولدۇق بىز.

سېنى قاچان كۆرۈپ قالدۇق بىز،
رۇخسارىڭغا كۆيۈپ قالدۇق بىز.
ئالما دېسە ئالغۇمىز كېلەر
پىراقىڭغا كۆنۈپ قالدۇق بىز.

شورا بولدى باغلار سەن ئۈچۈن، قاقشاپ توختاپ قالدى ئاتلار، يەنە دېسەم قوشاقلارغا قاتىدىكەنمىز. خالىغان بىرسىگە ئاتىدىكەنمىز، ئالىلىكىملەرنى ئەسلىتەرمۇ دەپ باشلاردا قويۇپمۇ ياتىدىكەنمىز، بەزىدە ئەرزانلا ساتىدىكەنمىز، دەردىنى ئۆزىمىز تارتىدىكەنمىز. ئالما دېسە ئالما دەيدىكەن، ئال دېگەننى كۆرۈپ باقمىدۇق، ئويناپمىز لەيلىتىپ، چۆكتۈرۈپ سېنى، خىيالىمىزدىكى قىزلارغا ئوخشاش، قىز دېگەن جىگدىچى بىر قۇشقا ئوخشار، قىز ھازىر شاخلاردىن شاخلارغا تاقلار. سەن چىتلاق ئىچىدە گويا بىر ئونقاش، سەن كەلدىڭ گاھىدا لەيلەپ گاھ چۆكۈپ، تارىخ بەتلىرىدە بىزدىن قالغان ئىزلارغا ئوخشاش، شاخلىرىڭدا سادىرنىڭ مۇڭى، يۈزۈڭدە نۇزۇگۇمنىڭ نازاكەتلىرى. ئالما دەيدىكەن ئالغۇمىز كېلەر خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك، بويلىرىڭ ئاستىدا يېتىۋالغاندەك، ئېيتقۇسىز شادلىققا چۆمۈدىكەنمىز. ئالما دەيدىكەن ئالغۇمىز كېلەر، ئادەم ئاتىدەك باغلىرىڭدىن قوغلانساقمۇ ھەم گۇناھ قىلىپ، يەنە بىر مەررە...

## سىنتاش

سىنتاش جاھانىنەما سەن، خائىن يۈزلىرىمنى كۆرىمەن سەندىن. قىزارمايمەن قارا قانلار مەۋج ئۇرغاندەك، قىزارمايمەن ھېچ ئىش يوقتەك خىجىل بولغۇدەك، پەسىللىرىم چۇرچۇق رەڭلىك ئەمەستۇر، لېكىن ئەمەس ھال رەڭ چېچەك رەڭگىدە. ئەمما باش چايقاش كېرەك، قايىللىقتىن يورۇقلاشنىڭ بەدەنلىرىگە، ئۇندا ئوغۇز ئاقامدىغاندۇ؟ تۇتىشامدۇ يا جەننەتنىڭ ئېقىنلىرىغا؟ سىنتاشلارنى ئۇ تۇغدى قانداق؟ يورۇقلاش ئۇ ئالماستەك ئۇنچىلىرى كېچە پەردىلىرىگە قادالغان، چىمەنلەرنى ياشناتقان. جىن يوقتۇر ئۇندا، جىن قورسىقىدا ھەممە ئادەمنىڭ، كۆرسىتىپ بېرەلمەس ئۇنى سىنتاشمۇ. جاھاندا خىيالدىن كۆلەڭگە چۈشمەس، بىلىمەن سىنتاشنىڭ سۈزۈكلۈكىنى. ئۇ بەلكىم سۈت تۇسلۇك تاڭلارغا ئوخشار، ئۇ ئوخشار يورۇقلاش ۋادىسىدىكى ھالال ئادەملەرنىڭ سۈزۈك قەلبىگە. كۆرەلمىگەنىكەنمەن سېنى، سۆيەلمىگەنىكەنمەن سېنى، سەن قەلبىمنى كۆرسەتسەڭ ئىدىڭ، ئوقۇۋالسام سۈرەلمىگەن خىياللىرىمنى. سىنتاش! تۇغالايدۇ سېنى يورۇقلاش...

# نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى نامزاتى

(شائىر روزى سايىت ۋە ئۇنىڭ دېھقان تېمىسىدىكى شېئىرلىرى توغرىسىدا)

**مۇھەممەتجان مەتسەيدى**

## 1. مۇقەددىمە

ئۆزىنىڭ دېھقانلار تېمىسىدىكى بىر يۈرۈش نادىر شېئىرلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتتە كۈچلۈك، ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان شائىر روزى سايىتنى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شائىرلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ بىر پارچە ماقالە يېزىش قارارىغا كەلدىم.

مەن بۇ ئويۇمنى خېلى ئۇقۇمۇشلۇق بىر دوستۇمغا ئېيتىۋىدىم، ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئۇنداق بولسا قايسى شائىرنىڭ بۇ نامزاتقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى سورىدىم. قاقاقلاپ كۈلگەن ئۇ دوستۇم سەل خاپا بولغان قىياپەتتە كاللىسىنى قاشلاپ، لەۋلىرىنى قىمىرلاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. دوستۇمنىڭ قارىشىچە، ئۆزىدىن باشقىسى بولمىغۇدەك.

شۇنداق! سەن ئۇنى ياراتمەيسەن، ئۇ سېنى ياراتمايدۇ. شۇنداق! ھېچكىم ئۇنداق ئالاھىدە شان - شەرەپكە ئېرىشمەسلىكى، بىزلەرنىڭ ئارىمىزدىن ئۇنداق شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولىدىغانلار چىقماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇنداق ئالاھىدە شەرەپ باشقىلارغا مەنسۇپ.

ئاخىرقى غەلىبە ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئىلگىرىلىشىگە، ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشىگە، بىر - بىرىمىزگە يار - يۆلەكتە بولۇشىمىزغا موھتاج. بۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ ئەل سۆيەر شائىرىمىز روزى سايىتمۇ جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشىگە، ئېتىمۇ قەدىرلىشىگە موھتاج.

## 2. شېئىرىيەتتىكى خامۇشلۇق

ئەدەبىيات ـ خەلقنىڭ ئەدەبىياتى، ئوخشاشلا شېئىرىيەتمۇ خەلقنىڭ شېئىرىيىتى. شۇنداق بولغانىكەن، ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق بىر تۈرى بولغان شېئىرىيەتمۇ خەلقنى چۈشىنىشى، جاپاكەش خەلقنىڭ خۇشاللىق ۋە ئازابلىرىنى، كۈلكە ۋە يىغىسىنى، ئۈمىد ۋە خورسىنىشلىرىنى چىن ھېسسىيات بىلەن ھەقىقىي ئىپادىلىشى، شۇنداقلا پاجىئە بىلەن سۇغىرىلغان، كۆز يېشى بىلەن نەمدەلگەن زېددىيەت، توقۇنۇشلارنى يۈكسەك زىلزىلە، ئاجايىپ دەبدەبە، چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى زاغرا تىلى بىلەن سەنئەت يۈكسەكلىكىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن شېئىرىيەت بىلەن خەلق ھەقىقىي يېقىنلىشالايدۇ. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا خەلق شېئىرنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان بولىدۇ.

ئۆتكەن بىر يىللاردا شېئىرىيەت بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدا خېلى زېددىيەت كېلىپ چىقتى. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىدەكلىكنى ساقلىيالمىدى. ئوقۇرمەنلىرىمىز شېئىرىيەتتىن يىراقلىشىپ كەتتى. شېئىرىيەت ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، شېئىرىيەت پۇچەكلىشىپ كەتتى. ھەتتا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان يالغان - ياۋىداق ۋە ساختا ھېسسىيات، كۆلكىلىك قەسەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن شېئىرلارمۇ ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن شېئىرىيەتتىن سوۋۇش ھادىسىسى يۈز بەردى.

مەنمۇ شېئىرىيەتتىن رايىم قايتقانلارنىڭ بىرسى ئىدىم. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بولساممۇ، بىراق كۆڭۈلگە ياقىدىغان شېئىرلار كۆپ بولمىغاچقا شېئىرلارنى ئاساسەن ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

ئېھتىمال 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى بولسا كېرەك، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كورىدور پائالىيىتىدە شائىر روزى سايىت تەلەپكە ئاساسەن بىر شېئىر ئوقۇپ

www.uyghurkitap.com



بەردى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شېئىرنىڭ ماۋزۇسى «ئارزۇنىڭ ئاقىۋىتى» ئىدى. شائىر شېئىرنى باشلىشىغىلا ئۇيقۇچان كۆزلىرىم جامدەك ئېچىلىپ، نېرۋىلىرىم جىددىيلىشىپ، يۈرەكلىرىم توسۇن تايدەك ئويناقشىپ كەتتى. ھازىر ئەسلىسەم شېئىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ:

ئاينى سوزۇپ مەن راۋاپ قىلىپ،
يەر شارىنى چالسام داپ قىلىپ،
يۇلتۇزلارنى يۇتسام ھاپ قىلىپ،
كۆڭلۈم ئۆتسە ئوخشاپ تايغانغا.

كۈننى تۇگمە ئەتسەم چاپانغا،
گۈزەللەرنى ناھال قىلسام تاپانغا،
خوش دېمىسە قوشسام ساپانغا،
كۆڭلۈم ئۆتسە ئوخشاپ خاقانغا.

شېئىر تۈگە ـ تۈگىمەيلا زال ئىچىدە شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. ئالقىش ساداسى ياڭراپ كەتتى. ئەلنىڭ كۆزى بار ئىكەن، نېرۋىسى ساق ئىكەن، ئاشۇنداق شېئىرلارنى، ئاشۇنداق شائىرلارنى ئالقىشلايدىكەن، چىن ھېسسىياتى بىلەن چاۋاك چالىدىكەن.

چاۋاكمۇ ھەر خىل بولىدۇ. يىغىنلاردىكى چاۋاك مەجبۇرىيەت ئۈچۈن چېلىنىدۇ. باشلىقىقا چېلىنغان چاۋاك زۆرۈرىيەت ئۈچۈن چېلىنىدۇ. بىراق شۇ ۋاقىتتىكى چاۋاك ھەقىقىي سۆيگۈ بىلەن چېلىنغان چاۋاك ئىدى. شېئىرىيەتتىكى چاڭقاق يۈرەكلەرنى قاندۇرغان بۇ ئۇلۇغ ئادەمگە ئۇقۇلغان مەدھىيە لىرىكىسى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ مېنىڭ روزى سايىتقا بولغان بۇرۇنقى غۇۋا چۈشەنچەم يېڭىۋاشتىن روشەنلەشتى. شېئىرىيەتكە بولغان تونۇشۇمدىمۇ بۇرۇلۇش بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن شائىرلارنى كۆرسەم ھەۋەسلىنىدىغان، شېئىرلارنى كۆرسەم ئوقۇيدىغان بولدۇم.

شېئىر دېگەن شېئىردەك بولسا ئۇنى چوقۇم ئوقۇغىلى ئادەم چىقىدىكەن. چۈنكى گۈزەللىكنى چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ كۈيلىسىمۇ ئاڭلىغىلى ئادەم چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟!

## 3. خەلق ھەقىقىي قەھرىمان

خەلق ھەقىقىي قەھرىمان. بۇ مۇقەددەس ھۆكۈم تارىخ تەرىپىدىن ئىسپاتلاپ چىقىرىلغان. ئەسىرلەردىن بۇيان بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ غايەت زور سىرلىق جەزىرىنى قۇچاقلاپ ياشاپ كەلدى. قاغجىراپ ياتقان قۇملۇقلار ئارىسىدا بوستانلىقلارنى بەرپا قىلدى. ئەنە شۇ كىچىك ـ كىچىك بوستانلىقلار بىلەن ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان بىپايان قۇملۇقلار ئۇلارنىڭ دۇنياسى. بۇ دۇنيادا ھەم خۇشاللىقمۇ، ھەم ئازابمۇ، ھەم ئاچچىق كۆز يېشىمۇ بار ئىدى.

ئانا تەكلىماكان ئۆزىنىڭ سېھىرلىك جىمىرلاشلىرى بىلەن ئاشۇ ئاددىي كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىق، كۆز يەتمەس جەزىرىدەك چەكسىزلىك ئاتا قىلدى.

تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداقمۇ، ناچار تەبىئىي شارائىت بىر مەزگىل بىزنى، بولۇپمۇ نوپۇس سانىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن دېھقانلىرىمىزنى ناھايىتى ھالسىرىتىپ قويدى. ناچار تەبىئىي شارائىت بىلەن ھەر خىل يەرلىك ئالۋاڭ ـ سېلىقلار بىزنى بېقىۋاتقان ئاشۇ دېھقانلارنى بەكلا ھالسىرىتىۋەتتى. ئىنى پۈتۈن بولمىدى، ئىشتىنى تىزىدىن ئاشمىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا ئۇلاردا نېمە ئامال؟

زىمىستان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتىم. ئۆستەڭگە تاش تىزىۋاتقان دېھقانلارنى كۆزەتكەچ كېتىۋاتسام، بىر يەردە 20 ـ 30 دەك دېھقان چۆرىشىپ بىرنېمىلەرنى تالىشىۋېتىپتۇ. مەن ئۇلارغا قىزىقىپ توپقا قوشۇلدۇم. زەن سالسام، ئۇلارنىڭ تالاشقىنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئىكەن. ئەسلىدە ئۇلار ژۇرنالدىكى «دېھقان يىغلايدۇ» دېگەن شېئىرنى ئوقۇشنى، ئاڭلاشنى تالىشىۋاتاتتى. ئۇلار شېئىرنى بەس ـ بەستە ئوقۇشماقتا، بەس ـ بەستە ئاڭلاشماقتا. ژۇرنال بىردەمدىلا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ كىرلىشىپ، پۈرلىشىپ كەتتى. ئۇلار ھەر خىل شەكىلدە تۇرۇپ غۇتۇلداشتى، يەرلىك خاقانلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشتى، شېئىرغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. «دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئۇستا قوشاقچى بولىدىكەن، مۇشۇنداق ئوغۇل بالىنى تۇغقان ئانىغا مىڭ مەرتەم رەھمەت» دېيىشتى. بەزىلىرى بىزنىڭ ھالىمىزغىمۇ يېتىدىغان، بىزنىمۇ چۈشىنىدىغان ئادەم بار ئىكەن دېسە، يەنە بەزىلىرى ئۈنسىز ياش تۆكۈشتى.

شائىر شۇنىڭغا ئۇلاپلا «دېھقان بولماق تەس»، «دېھقان ئاتا»، «دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش»... قاتارلىق شېئىرلارنى ئېلان قىلىپ، تىنچ تۇرغان دېڭىز سۈيىنى بىراقلا

دولقۇنلىنىۋەتتى. خەلقىمىز، دېھقانلىرىمىز ھاياتلىقتا باشقىدىن ئېرىشكەندەك شادلاندى. شائىرغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا شائىرنىڭ «دېھقان بولماق تەس» ناملىق ئۇنتۇلغۇ لىرىكىسى ئېشلىنىپ پۈتۈن شىنجاڭدا زىلزىلە پەيدا قىلدى. يىراق سەھرالاردا، ئاددىي ناۋايخانىلاردا، ئۆي - ئۆيلەردە دېھقان ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى. قويچىلارنىڭ راۋاپلىرىدا ناخشا قىلىپ ئوقۇلدى. لىرىكىدىكى شېئىرلارنى ھەتتا ساۋاتسىز دېھقانلارمۇ يادقا ئېلىپ، نەگە بارسا شۇ يەردە ئېيتىپ يۈرىدىغان بولۇشتى. ئۇلار بۇ شېئىرلارنى خۇددى قۇرئاننىڭ ئايىتىدەك كېچە - كۈندۈز زىكرى قىلىدىغان ھالەتكە يەتتى.

چۈنكى، شائىر خەلقنىڭ، دېھقانلارنىڭ يۈرىكىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھالىغا ھال، مۈڭىغا مۇڭ بولمىسا بولمايدىغان ئەھۋالغا كەلگەنلىكىنى، ئەنە شۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى خەلققە سەنئەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ جاكارلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

تۆۋەندىكى مىسرالارغا قۇلاق سالايلى:

پاراغەت دىلبىرى ئاچقۇچە قويۇن،
تۆت پەسىل توختىماي كۆرسىتەر ئويۇن.
قىشتا سوغ، يازدا ئۇپ، باھاردا قۇيۇن،
گاھ كەلكۈن، گاھ تومۇز قىسقۇزار بويۇن.
دەر قىسمەت: جاپاغا خام كېكىر، تويۇن،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

قىسقىسى، تەبىئەتنىڭ ھەر خىل ئاپەتلىرى دېھقانغا بىردەم ئاراملىق بەرمەيدۇ. شائىر مۇشۇ ھەقىقەتلەرنى ئىنچىكە كۆزەتكەن، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆككەن، دېھقانلارنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ باققان.

شائىر يەنە دېھقانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن چىرايلىق كىيىنىپ، شوخ تەبەسسۇم ئىلكىدە ياشىيالمايدىغانلىقىنى، شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ قىلچە پەرياد چەكمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت روھىي ھالىتىنى ناھايىتى ئاددىي تىل ۋاستىسى ئارقىلىق بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئۇ ئۆكۈز توختىماي تارتىدۇ ساپان،
شاكراپ تەر دەستىدىن شورلايدۇ چاپان.
كۆيىدۇ چوققىسى، كۆيىدۇ تاپان،
چاك - چاك يېرىلىپ قانايدۇ ئالقان.
ئۇ ھەرگىز ۋايجانلاپ كۆتۈرمەس چۇقان،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

جاھاندا دېھقاننى مۇشۇنچىلىك چۈشىنىدىغان يەنە قانچە ئادەم باردۇ؟ دېھقانلارنىڭ ئۆكۈز ئورنىدا ئىشلەيدىغانلىقىغا، چوققىسىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە كۆيۈپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئاچچىق تەر دەستىدىن شورلاپ كەتكەن چاپىنىغا، كەتمەن زۇلمىدىن قاناپ كەتكەن ئالقىنىغا ئىچ ئاغرىتىدىغان يەنە قانچە ئادەم باردۇ؟

ئۇ تەرگەن پاختىدىن بىزنىڭ ئۇستىۋاش،
ئۇ چەشلەپ يىققان دان بىزنىڭ يېگەن ئاش.
ھەم شۇنىڭ تەخسىگە چىققان گۆش، ئوتياش،
ئۇ باققان پىلىدىن بىزنىڭ يوتقانتاش.
ئۇ بولغاچ مەرد ھاتەم بىزمۇ شۇنداق شاش،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

ھاياتلىقنىڭ دېھقان ئارقىلىقلا پۈت تىرەپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىسە كېرەك. بىراق شائىر روزى سايىتتەك ئىنچىكە چۈشىنىشى ناتايىن. بەزىلەر دېھقانلارنى: «سەھرالىق تومپايلار، گادايلار» دەپ ئېغىزىنى بۇزىدۇ. بىراق شائىر روزى سايىت ئۇنداق تۈزكورلۇق قىلمىدى. دېھقانلاردىن ئىبارەت ئاق كۆڭۈل، ساددا، مۇقەددەس ئادەملەرنى ئۇلۇغلاپ، ئۇلارغا بولغان كۈچلۈك مېھىر - مۇھەببىتىنى ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق سۈرەتلەپ بەردى.

قىسقىسى، شائىر باشقىلار تازا دىققەت قىلمىغان، ياكى ئېتىبارسىز قارىغان تېمىلارغا دادىللىق بىلەن جەڭ ئېلان قىلىپ، تەكلىماكان بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ كۆلكە ۋە يىغىسىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئەڭ زور قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ نىداسىنى قەلەمگە ئالغان. شۇنداق بولغاچقا خەلق ئۇنى ئەزىزلىدى، شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان ژۇرناللار ناھايىتى بازار تېپىپ، قولدىن - قولغا توختىماي ئۆتۈپ تۇردى. شېئىرلىرى ئۇنتۇلغۇلاردا توختىماي ياڭراپ تۇردى.

خەلق ئۇنى راستىنىلا بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى. ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. مويسىپىتلار ساقاللىرىنى قاماللاپ مۇشۇنداق بىر ئەزىمەتنىڭ چىققانلىقىدىن پەخىرلەنسە، ياشلار خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كەتتى. شائىر ئۆي - ئۆيلەرگە تەكلىپ قىلىندى. پۇلى يوق ئاجىز دېھقانلار شائىرغا نامىزىدا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشتى. پۇلى بار بايلار ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتى. قەشقەر، ئاتۇش، ھەتتا غۇلجىلاردىن كېلىپ شائىرغا تون ياپتى.

www.uyghurkitap.com



مانا، خەلقنىڭ كۆزى بار، نىرۋىسى جايىدا. ھەقىقىي شېئىرلاردىن، ھەقىقىي شائىرلاردىن خەلق ئەنە شۇنداق زوقلىنىدۇ، ئەنە شۇنداق پەخىرلىنىدۇ.

## 4. شائىر ئەمگىكىنى كۆمۈۋەتمەيلى

جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيادا «ئۇيغۇر» دىن ئىبارەت بىر مىللەتنىڭمۇ بارلىقىنى جاكارلاۋاتقان نەچچە ئون ئەزىمەت ئارقا - ئارقىدىن چىقىۋاتىدۇ. بىز بۇلاردىن پەخىرلىنىشكە ئەلۋەتتە ھەقلىق. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئەنە شۇنداق ئەزىمەتلەرنى كۆرەلمەيدىغان، ياراتمايدىغان، چىدىمايۋاتقان، ئۇلارغا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن توسۇق قۇرۇشنى ئويلاۋاتقان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىزنىڭ ئەدەبىيات قوشۇنىمىزدا بۇ خىل ئۇسال ئىللەت تېخىمۇ ئېغىر. بىرەرسى ئازراق نەتىجە قازانسا، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولسا «مەندىن ئېشىپ كېتەرمۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن ھەر نېمىلەرنى قىلىپ شۇنى يىقىتىش، ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈش كويىدا پىتنە - پاسات تېرىپ يۈرمەكتە.

بىزنىڭ ئەل سۆيەر شائىرىمىز روزى سايىت خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئەنە شۇنداق ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ شۆھرەت قازىنىۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، ئاز ساندىكى بىرقىسىم چىدىماسلار ھەر خىل غەيۋەت - شىكايەتلەردە بولدى.

مەن روزى سايىت توغرىسىدا ئۆزۈم نەق ئاڭلىغان ئىككى مىسال ئالاي.

«دېھقان بولماق تەس» دېگەن شېئىرنى يېڭىلا ئاڭلاۋاتقان بىر يەرلىك ئەمەلدار ئاچچىقلاپ تۇرۇپ: «شۇنداق ئەھمىيەتسىز قوشاقنىمۇ قانقان بارمۇ؟ بۇنداق تاپتىن چىققان قوشاقلارنى قاتسا، دېھقانلارنى قانداق باشقۇرغىلى بولىدۇ؟ ھازىر ھەممىدىن ھاكىم بولماق تەس. يوقنى ئۇقمىسىمۇ يازىدىكەن» دەپ غۇدۇڭشۇپ كەتتى. بۇ چاغدا بىرنەچچەيلەن ھاكىمنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ شائىرنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىنى غاجاشقا باشلىدى.

بىر كۈنى كەچتە خېلى نامى بار بىر شائىر بىلەن بىر سورۇندا بولۇپ قالدىم. سورۇن يىغىلىشقاندا كاتتا بىر بايۋەچچە كىرىپ كەلدى ۋە شائىر بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شائىرلارنى ناھايىتى بەك ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ روزى سايىتنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ھېلىقى شائىرىمىزنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى - دە، «ئۇنداق شېئىرلارنى ياخشى دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، پەقەت ئاشۇ دېھقانلارنى قۇترىتىپ كۆرەڭلەپ كەتتى» دەپ خىجىل بولماستىن ئۆزىنى پەردازلاشقا باشلىدى. لېكىن ئەنە شۇ كىشەندىلەرنىڭ پىتنە - پاساتلىرى بىلەن شائىرنىڭ ئىناۋىتى چۈشكىنى يوق. شېئىرلىرىنىڭ قىممىتى تۆۋەنلىگىنى يوق.

## 5. خاتىمە

كامالەتكە يەتكەن شائىرى بولمىغان مىللەت قانىتى يوق قۇشقا ئوخشايدۇ. كامالەتكە يەتكەن شائىرنى قوغدىمىغان، ئاسرىمىغان، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە كۈچ چىقارمىغان مىللەت مېڭىسى يوق قۇشقا ئوخشايدۇ. بۇ نۇقتىنى بىز ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەك.


خەلق - ھەقىقىي قەھرىمان. خەلق سۆيگەننى، خەلق ھىمايە قىلغاننى ھەرقانداق كۈچ ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمايدۇ.

بۈيۈك شائىر روزى سايىتنى خەلق سۆيدى، خەلق ھىمايە قىلدى. جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شان - شەرەپ بولارمۇ؟

يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنى ياۋروپادىكى بەزى دۆلەت مەتبۇئاتلىرى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، يۇقىرى باھا بەرگەن. «ئۆيدىكى توپاق ئوي بولماس» دېگەندەك، يازغۇچىغا باشقىلار بەرگەن باھانى بىز بىرەلمىدۇق. باشقىلارچىلىك پەخىرلىنەلمىدۇق.

بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسلە، بىزنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنى دۇنياغا تەشۋىق قىلىش، كەڭ قورساقلىق بىلەن تونۇشتۇرۇش، بىر - بىرىمىزگە ئورا كولىماي دوستانە كەيپىياتتا يار - يۆلەكتە بولۇشتىلا قالدى.

گەرچە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش بىزدىكى ھوقۇق بولمىسىمۇ، بىراق خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئاشۇنچىلىك مايىل قىلالىغان ئۇلۇغ شائىر روزى سايىت نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشسە ئەلۋەتتە ھەقلىق بولاتتى.



# تىرىكچىلىك رەستىسىدىكى بىگانىلەر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ھەببۇللا رەجەپ

شەھەر زامانىۋى مەدەنىيەت، زامانىۋى تۇرمۇش شەكلى ۋە زامانىۋى مۇھىتنىڭ مەركىزىدۇر. بۇ جايغا ھەر تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارى مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇ تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە رىزقى - نېسىۋە ئىزدەپ يۈرگۈچىلەر ئۈچۈن ئوبدان مەنپەئەتگاھتۇر. ئۇ سالاپەتلىك تۇس بېرىپ تۇرغان ھەيۋەت بىنالار، بىر - بىرىگە تۇتاش كەتكەن تارام - تارام يوللار، مىغ - مىغ ئادەملىرى بىلەن جىددىيلىك تۇسىنى ئالغان. سېتىقچىلارنىڭ ھارۋا - غالتەكلىرى كوچا، رەستىلەرنى بىر ئالغان. ھۆپىگەرلەرنىڭ ئۆز چۈشىدىكى پۇلنى رېئال يانچۇقىغا تولدۇرۇش ئۈچۈن ساختا سۆپەتلەر بىلەن ماللىرىنى ماختاپ ۋارقىراشلىرى ۋايىغا يەتكەن، ئەقىدە - ئېتىقادى بىلەن كارى يوق، تېرىككەك ئادەملەردىن تەركىب تاپقان بازار مۇھىتى مانا بۇ شەھەردە بار. بۇ يەردە تەبىئەتنىڭ ئېغىر خانىۋەيران ھالىتىنى، زور ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلارنى، چىرىگەن ئەقىل مۇردىلىرىنى، ئاھالىلەرنىڭ پاسسىپ تىرىكچىلىكى ئەدەپ كەتكەن مەنزىرىلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىسەن. بۇ خىل مەنزىرە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ئۆزىگە دىئاگنوز قويالايدىغان، تارىخىي مەسئۇلىيەت بۇرچى ئېسىدە، ئىمانى ئەركەك، ئەقلى - ۋىجدانى كامىل كىشىلەرنىڭ قەلب دۇنياسىغا ئازاب، ئېچىنىش تۇمانلىرىنى پۈركەيدۇ. بۇ يەر پەقەت جاھاندارچىلىق، كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئالىي ئىستەك قىلغان زىيالىيلارنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىلگاھى بولۇپ قالماي، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تامام ئۇنتۇغان ياش ئاتا - ئانىلار، ئائىلىۋى قېقىلىشلار زەربىسىدە كۆڭلى زەخمە يېگەن سەبىي نارەسىدە باللار، ھەر خىل جىنايەت يولىغا مېڭىشقان رەزگىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئارامگاھىدۇر. كۈندە تۈت رەت خىزمەتكە بېرىپ - كېلىش ۋاقتىڭدىمۇ بۇ ۋەھىمىگە تولغان مۇھىتقا ئەندىكىش ئىچىدە قاراپ ماڭىسەن. ئەمدىگىنە بىرەر تاتلىق خىيالنى سۇرسەڭ مەغرۇرلۇقى تېپىپ چىققان شوپۇرلارنىڭ ئاچچىق سىگنال بېرىشى، كىملەرنىڭدۇ مۇرەڭگە مۇردەپ ئۆتۈپ كېتىشى خىيالىڭنىڭ بېلىگە تېپىپ، ئۇنى سەن بىلەن بىز كۆرەلمەيدىغان قەبرىگە دەپنە قىلىپ قويىدۇ. بىر ئەنسىزلىكتىن قۇتۇلساڭ، ئالدىڭدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ساختا ئازاب بىلەن ساختا نالە قىلىپ تۇرغان تىلەمچىنىڭ كىر باسقان بىچارە ئوبرازى چىراي ئاچىدۇ. ئۇلارنىڭ بىشەم، ھەتتا سەندىن مەغرۇر ھالدا پۇل تىلەشلىرى ئۆچمەنلىكىڭنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. دوقمۇش - دوقمۇشتا پۇتۇڭغا پۇتلىشىپ تۇرغان ئاققۇنلار، مەدىكارلار سەندىن ئىش ئىزدەپ ياكى بىرەر پاناھلىق تىلەپ بىشەملەرچە قاراپ تۇرىدۇ. شەھەر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىقتىسادىي قىممەتكە ئەرزىيدىغان ئېلېكترون - ئۈچۈر ۋە ئەقىل سودىسىنىڭ مەركىزى بولسىمۇ، ئەمما زامانىۋى مەدەنىيەتكە خىلاپ بولغان ئادەمگەرچىلىك كۈنسېرى سۇسلىشىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ، ئىنسانلار ئۆز تەبىئىتىدىن ياتلىشىپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭمۇ سەۋەبكار ئۇۋىسى بولۇپ قالدى. بىر ئاپتور ئاچچىق قىلىپ: «كالا ئېيتار:

بويۇنتۇرۇقتا سايان سۆرەيمىز،
تاتلىق بولغاچقا سارغايغان سامان.
ئىت ئېيتار: زەنجىرگە رازىمەن
يۇمشاق بولغاچقا ئاپئاق ئۇستىخان.
بىز ئېيتارمىز: بەختلىكمىز،
كالا، ئىت ئەمەس بولغاچقا ئىنسان.

لېكىن كالا ۋە بىز، بىز ۋە ئىت. . .

ئايرىماق بەستۇر ئۆزگىچە هامان» دەپ يازغىنىدەك، ئادەم ئۈچ ۋاخ تاماقنىڭ قۇلى بولۇپ ياشىسا، جان بېقىشنى ئالىي ئىستەك دەپ بىلسە ئۇنىڭ ئاشۇ ئىت، كالا تەبىقىسىگە تەۋە بولۇپ كېتىدىغانلىقى پاكىت تەلەپ قىلمايدۇ. نۇتقى ۋە تەپەككۇرى ئارقىلىق هايۋاندىن پەرقلىنىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ نەقەدەر پاجىئە ۋە مۇھەببەتسىز دۇنيا - هە؟ شۇ تاپتا بۇ خىل ياشاشنىڭ ئىنسانغا نىسبەتەن دەھشەتلىك بىر مەنىۋى تراگېدىيە ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ياشىغان ئادەملىرىمىز ئۈچۈن مىڭ - مىڭ ئەپسۇسلۇر.

پەرىشان كۆز قۇچىقىنى تەبىئەتكە يايغىنىدا، شەھەردىمۇ دەرەخلەر كېيىمىنى سېلىشقا باشلايدۇ. قەدرى خەس بولغان يوپۇرماقلار سۇپۇرگىلەرنىڭ ھەيدەشلىرى بىلەن ئەخلەتخانىلارغا ئۈزايدۇ. كۆزنىڭ سوغۇقى گۈللۈكلەردە، ئېرىقلاردا، كوچا - رەستىلەردىكى ئورۇندۇقلاردا مەستۇ مۇستەغراق بولۇپ يېتىۋالىدىغان زابويى مەدىكارلارنى ئىللىقراق جايدىن پاناھلىق ئىزدەشكە مەجبۇرلايدۇ. پەقەت بۈگۈنلا قورسىقىنى تويغۇزۇشنى ئەڭ بۈيۈك مەقسەت بىلگەن، ئەتىگە بارماقچە دەسمايىسى يوق مەدىكارلار ئۈچۈن تەبىئەت ھەقىقەتەن رەھىمسىزلىك قىلاتتى. شۇنداق كۈنلەردە ئادەملەر ئۈچۈن ئاڭلىماققا مەينەت تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان «ھاجەتخانا» مەدىكارلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك «جەننەتۇل مەئۋا» سىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ قالىسەن. ئادەم بۇ يەرگە پەقەت موھتاجلىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈنلا كىرىدۇ. ئەمما ئىنسانىي ئەخلاقى چىرىپ كەتكەن، ئادىمىيلىك مەسئۇلىيىتى ئەسلا سېزىمىنى يوقاتقان زابويلارنىڭ بۇ جايىنى پاناھگاھ قىلىپ، ئۆز ئاراملىقىنى تاپقانلىقى كىشىگە تولىمۇ بىزارلىق ئاتا قىلىدۇ.

مەن مۇشۇ كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرى ھاجەتخانىلارنىڭ بىرىگە كىرگىنىمدە، ئۈچ زابوينىڭ ئاستىغا قەغەز يەشكىنى سېلىپ بىر بوتۇلكا ھاراقنى تىكلەپ قويغىنىچە ئولتۇرغان ھالىتىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى «قاغا پوق يېمەستە» شارابتىن خۇمارلىنىپ كەتكەن بولۇپ، كالۋالىشىپ كەتكەن تىللىرىنى مەجبۇرىي زوۋانلاندۇرۇپ، چىڭقىلىپ سۆزلەيتتى. ئۇلار شۇ تاپتا دۇنيانىڭ، ھاياتنىڭ قاي رەۋىشتە چۆرگىلەۋاتقانلىقى بىلەن كارى يوق ھالدا كالۋا تىللىرى بىلەن ھەدەپ مەنتىقىسىز پولىرىنى ئاتماقتا ئىدى. تويغۇم بۇ مەنزىرىدىن يىرگىنىش، ئېچىنىش غەليانلىرى ئىچىدە مېنى ئىختىيارسىز كەينىمگە يېنىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇنداق يىرگىنىشلىك بەتبەشىرە ھايات خىلاپەتلىرى، ھايۋانىي ياشاش ئادەتلىرى ئەقلى - ھوشى جايىدا، ئادەمدەك ياشاش ئەخلاقىغا ئىگە ھەرقانداق بىر ئادەمدە يىرگىنىش، سەسكىنىش چۇقانلىرىنى قوزغايدۇ. بۇلار كىم؟ ئەلۋەتتە جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە نېسىۋە ئىزدەپ يىراق يەرلەردىن كەلگەن مەدىكارلار. يەنە كېلىپ قاۋۇل، ساغلام ئۇيغۇر يىگىتلىرى. ئۇلار ئىشلەپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئائىلىسىدىن، يۇرتىدىن ۋاز كېچىپ بۇ شەھەرگە كەلگەن. كەلگەنيۇ، ئەزەلدىنلا مەنىۋى تەربىيىلىنىشى ئاجىز بولغان بۇ مەدىكار «ئەزىمەت» لەر شەھەردىكى بۇزۇلغان ئىجتىمائىي ئەخلاق، چىرىك ئىجتىمائىي مۇھىت ئالدىدا پوككىدە تىزلانغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاجىز، ئەسلىمچى ۋۇجۇدى «بىر نان تاپسا داپ قىلىپ چالىدىغان» پۇچەك ھايات ئېقىنىغا ئېغىپ كەتكەن. ئەلۋەتتە، ئەخلاقىي جەھەتتە چىرىگەن ئادەملەردە ساغلاملىق ئېڭى، تازىلىق روھى دېگەنلەردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىنسان تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ئەزىز ئاق سۆڭەكلەردىن ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي كىشىلىك قۇدرىتىگە لايىق ئەمگەك نېسىۋىسىنى خاكسار قىلىپ، ئەسلى ماھىيىتىنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەن. ئابدۇقادىر جالالىدىن بىر ماقالىسىدە «زەئىپلىك ۋە رەزىللىكنى جۇل - جۇل كىيىملىك تىلەمچىلەر، نامرات بىچارىلەردىن ئىزدەپ تېپىش ئاسان، چۈنكى ئۇلاردىكى ئاجىزلىق، ئۇلاردىكى پاجىئە، ئۇلاردىكى خاراكتېر مېيىپلىقى، ئۇلاردىكى ئاددىي نەيرەڭ خۇددى ئۇستىۋاشلىرىغا ئوخشاش ئوچۇق - ئاشكارا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ» دەپ سۈپەت بەرگەنىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئاقما نوپۇسلار خۇددى كەلكۈندەك ھەممە يەردە يامراپ، شەھەرلەرنىڭ ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۇلار جىنايەتنىڭ مەنبەسى، رەزىل قىلمىشلارنىڭ سەۋەبكارىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ھەر كىم ئۆز نەرسىلىرىگە نىسبەتەن ھەر ۋاقىت يۇرەكئالدى بولۇپ يۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ بىخۇدلاشقان ۋاقتىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ نەپكە ئېرىشىش بىرقىسىم ئاقما نوپۇسلارنىڭ تىرىكچىلىك يولى بولۇپ قالغان. ئىككى يىل ئىلگىرى 60 ياشلىق ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ۋە

ئۇلارنىڭ 6 ـ 7 ياشلىق سەبىي نەۋرىسى بىر مەدىكار تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە قەتل قىلىنىپ، كىشىلەر قەلبىنى قاتتىق لەرزىگە سالدىغۇ؟ ئەسلى كوچىدا ئۆي ـ ماكانسىز قالغان بۇ ئاققۇنغا بۇ رەھىمدىل كىشىلەر ئىسسىق ئۆي، ئىسسىق ئاش ـ تاماق بېرىشتىن تاشقىرى ھەق بېرەتتى. ئۇ بۇنىڭغا شۈكۈر قىلماي ئۇلارنىڭ 2000 يۈەن پۇلىنى كۆزلەپ ئەنە شۇنداق رەزىل ۋاستىنى قوللىنىپ، ئېچىنىشلىق پاجىئەنى تېرىدى. بۇنداق مىساللارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ھازىر كىشىلەرنىڭ ئامانلىقىغا تەھدىت سالغۇچىلار ئاقما نوپۇس ۋە مەدىكارلار بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

مەن مەدىكارلىقنى يامان ئىش دېمەكچى ئەمەسمەن. نۇرغۇن دانىشمەن، ئېسىل زاتلارمۇ مەدىكارلىق قىلىش ئارقىلىق ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياراتقان. يېقىنقىلا ئالساق، مەمتىلى ئەپەندى بىلىم ئېلىش تەقەززاسىدا ئالمۇتا، ئىستانبۇل، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەرنى كېزىپ، مەدىكار ئىشلەپ ئىلىم ئېلىش ۋەسىلىسىگە يەتكەن. ئۇ ھەرگىز مەدىكارلىقنى روھىي گادايلىقنى، مەئىشەتكە بولغان قانائەتسىزلىكى ۋە مال ـ دۇنيا يىغىش مەقسىتىدە قىلغان ئەمەس. ئۇلار چەكسىز توق كۆزى بىلەن نادان خەلقنىڭ مەنىۋى يىلتىزىغا سۇ باشلاش، ئىجتىمائىي بالايىئاپەتلەرنى تۈپتىن تازىلاش يولىدا پۇرسەت كۈتۈش، ۋاقىتلىق ماددىي ئېھتىياجنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. توغرا، مەدىكارلىق ياخشى بىر تىرىكچىلىك يولى. لېكىن مەدىكارلىق ھالال نىيەت ئاساسىدا ساپ قان ـ تەر بەدىلىگە بولۇش كېرەك. تەڭرى ئادەمگە تەن ۋە روھنى ئاتا قىلغانىكەن، ئۇ پەقەت بېجىرىم، ساغلام بولسىلا ئىنسان بالىسىغا نېسىپ بولمايدىغان نېمە بار. توغرا، ئادەم ماددىي جەھەتتىن موھتاجلىق قىسمىتىگە دۇچار بولغاندا، ئۆزىدە مەنىۋى بېسىم ۋە ئازابنىڭ ئاچچىق مۇشت ئېتىشىغا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ماددىي ئېھتىياج تەلپىي قانغۇدەك «سۇ» ئىچمىسە، ئادەم روھىي جەھەتتىن قاغجىرايدۇ، چۈشكۈنلىشىدۇ. بۇ خۇددى نېتزى ئېيتقاندەك: «ئادەم ئۆزىنى باشقىلار بىلەن تەڭ دەپ قارايدىكەن ياكى باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلىمايدىكەن، ئۇ چوقۇم قۇللۇقنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ». بۇ نۇقتىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھاياتلىقلار ئىچىدە ئىنسان ئەقلى ۋە تەپەككۇرى بىلەن ئەڭ

قۇدرەتلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا دىيانەت ۋە پەزىلەتنى ئۆزىگە مىزان قىلىپ، ئۆزىدە بار بولغان تەن ۋە روھ ئامىللىرىنى تولۇق جارى ئەتكۈزسىلا، پانىيدىن ئىبارەت بۇ قىسقا كۆۋرۈكتە ئادىمىي سۈپەت بىلەن ياشاپ ئۆتىدۇ. پۇل ـ دۇنيا ھەرگىز بايلىقنىڭ بىشارىتى ئەمەس. ھەقىقىي بايلىق ـ ساغلاملىقتۇر. بىر پەيلاسوپ بىلەن سودىگەر چىلىق ـ چىلىق تەر دېگىزىنى ئاققۇزۇپ ئىشلەۋاتقان دېھقاندىن:

ـ ھەقىقىي بايلىق نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. دېھقان:

ـ ساغلاملىق! ـ دەپ جاۋاب بەردى.

پەيلاسوپ بىلەن سودىگەر قايىل بولماي، باشلىرىنى چايقىشىپ كېتىپ قالدى.

يىللار پەرۋازى بىر مەنزىلگە يەتكەندە پەيلاسوپ ئېغىر زەربىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ يېزىپ بولالمىغان كىتابلىرى بىر قۇرۇق ئارزۇ بولۇپ قالدى. ئۇ، بۇ چاغدا «ھەقىقىي بايلىق ـ ساغلاملىق» دەپ ئاستا پىچىرلاپ باقىي ئالەمگە ئۆز ئىسمىنى تىزىمغا ئالدۇردى. شۇ دەقىقىلەردە نۇرغۇن پۇل ـ مالنى سەرپ ئېتىپ، ئۆز كېسىلىگە داۋا تاپالمىغان سودىگەرمۇ، ئېتىزدا كەتمەن چېپىۋاتقان دېھقاننى ئېسىگە ئالدى. ئۇمۇ بايلىقنىڭ ساغلاملىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئاستا كۆزىنى يۇمدى. ساغلام، گۈزەل بەدەننىڭ بولۇشى ھەممە بايلىقنىڭ «ئالتۇن ئاچقۇچى»غا ئىگە بولۇشتۇر. بۇ خىل بايلىقنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يەتمەي، رەزىل قىلمىشلارغا يول ئاچقۇچى، ئىنسان ئەخلاقىغا يات ئىللەتلەرگە خۇشتار بولغۇچىلار زامانىنىڭ يۈزىدىكى جاراھەتتۇر.

يەھۇدىيلارنىڭ قان ـ ياشلىق تارىخى، يۇرتىدىن قوغلىنىشى، نەچچە مىڭ يىللىق سەرسان ـ سەرگەردانلىق تۇرمۇشى، بىزگە يەھۇدىيلارنىڭ ماددىي ۋە روھىي موھتاجلىقتا ئۆتكۈزگەن ھاياتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇلار يەر شارىنىڭ ھەممىلا يېرىدە، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈش بەدىلىگە ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ ئادىمىي قەدرىنى تۇرغۇزدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ھالاكەتلىك كۈنلەرگە قالغاندىمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمىگەن. چەكسىز ئۈمىد ئىچىدە سەرسان ـ سەرگەردانلىقنى شاھ ـ سۇلتانلىققا ئايلاندۇرۇشنى، ئۆزلىرى تارتقان زىيان، بۇزغۇنچىلىقلارنى ئاشۇرۇپ تولدۇرۇۋېلىشنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار

www.uyghurkitap.com

دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان قۇدرەتلىك، مەدەنىيەتلىك مىللەتكە ئايلىنالىدى. بۇ ھەقتە روھىي ئويغاق، ئىمانى ئەركەك`ئەدىب ۋە پەيلاسوپلىرىمىز كۆپ قېتىم ھەقلىق يوسۇندا كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئادەم ئۆزىنى بىلىش ۋە تونۇش ئاساسىدا ئاندىن تەرەققىي تاپالايدۇ. ئۆزىنى بىلىش تەرەققىياتىدا ئاجىزلىقلىرىنى ئاكتىپ ئامىللار بىلەن تولدۇرۇپ، ئادەمدەك ياشاش شوئارلىرىنى توۋلاپ چىقىدۇ. بۇ ئارقىلىق مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم ئۇل تېشىنى قوپۇرۇپ چىقىدۇ.

ئەسلى ھەممە ئادەم باراۋەر، ھېچكىم نامراتلىقتىن ئىبارەت بۇ تراگېدىيىلىك قىسمەتكە قېلىشنى خالىمايدۇ. ئەسلى ئۇلارمۇ ئادەم بولغاندىكىن زامان ئاتا قىلغان بارلىق ئەۋزەللىكلەردىن بەھرىمەن بولسا بولاتتى. ئەسلى بىز ئۇيغۇرلاردا «ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، مەڭگۈ ياشايدىغاندەك تاپاۋەت قىل» دېگەن گەپ بار ئىدى. كونىلارمۇ: «ئۆز غەيرىتىڭگە تايىنىپ تەر ئاققۇز، ئەمگەك قىلساڭ قارا يەرمۇ ھوسۇل بېرىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى بىكارغا ئېيتمىغان. جىسمانىي ئەمگەك خۇددى پىچتا پولاتنى تاۋلىغاندەك ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئەرلىكىنى تاۋلايدۇ. ھەرقانداق بىر گۈزەل دۇنيامۇ ئەمگەك بىلەن يارىلىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئورتاق تەلپۈنۈۋاتقان، قوغلىشىۋاتقان ۋە بەھرىمەن بولۇۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى مەئىشەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمگەكتىن يارالغان. ئەمگەك بىلەن ئۆتكەن ھايات جۇشقۇن بولىدۇ. سانسىز تامچىلار، بۇلاقلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن قايناق، جۇشقۇن دەريا - دېڭىزلار ھاسىل بولغىنىدەك، قايناق ئەمگەك مۇھىتىدا جەلپكار، گۈزەل ھايات بوستانى چېچەك ئاچىدۇ. شۇڭا ئەلمىساقتىن تارتىپلا ئەجدادلىرىمىز ئەمگەكنى سۆيگەن، قەدىرلىگەن. جاپا - مۇشەققەت باياۋانلىرىدا تەر ئاققۇزۇپ، گۈزەل ھايات بوستانلىرىنى قۇرغان. راھەت - پاراغەتنىڭ ئېرىنچەك چۈشلىرىگە ئەسىر بولماي، ئىجاد تۇلپارىدا بەيگىگە چۈشۈپ، ئىزدىنىش دېڭىزىدا غۇلاچ تاشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ياۋايىلىقىغا تىزگىن سېلىپ، ئۇلۇغۋار مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىگە ئېرىشتۇرگەن بۈگۈن بىلەن كېلەچەكنى باغلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئېتىزىغا سۇ باشلايدىغان ئالىيجاناب ئىدىيىلەر، تارىخ بېتىگە ئالتۇن ھەل بېرىدىغان يالقۇنلۇق پىكىرلەر، دۇنيانى زىلزىلىگە سالالىغان ناخشا - سازلار، پەن - تېخنىكىدىكى ئالەمشۇمۇل كەشپىياتلار. . . ھەممىسى ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟

ئەنە شۇ ئادىمىيلىك ئەخلاقتىن چەتنەپ كەتكەن مەدىكارلار بۇلارنى ئويلامدىغاندۇ؟ لېكىن ئۇلار ئۇچۇن بۇنى ھېس قىلىش ئارتۇقچە. چۈنكى ئۇلار بۇنى ھېس قىلسا، ھاجەتخانىلاردا تۈنەپ، ئاچچىق ھاراقنى سۈمۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا، مال - مۈلكىگە ئىبلىس قولىنى سوزمايدۇ. ئۇلاردىكى بۇ خىل روھىي ناكارلىق نەدىن كەلگەن؟ ئۇلاردىمۇ ئەسلى ساغلام تەن ۋە ساغلام روھ بار ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار نېمە ئۈچۈن يىرگىنىشلىك تۈس ئالغان رودىپايلارغا ئوخشاپ قالدى؟ لوقمان ھەكىمدىن: «سىلى ئۆزلىرى كۆرگەن ئىللەتلەر ۋە ئەيىبلەردىن قايسىلىرىغا داۋا تاپالمىدىلا؟» دەپ سوراشتى. لوقمان ھەكىم: «مەن بارچە ئىللەتلەرگە ھېكمەت تۈپەيلى داۋا تاپتىم، ئەمما بەتپېئىللىك ئىللەتلىرىنى داۋالىيالمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى، دەپ ھېكايەت قىلىدۇ ئۇلۇغلار. بۇلاردىكى روھىي ئاجىزلىق، ئەقلىي كەمتۈكلۈك مەنىۋى زەئىپلىكنىڭ داۋاسى بارمۇ؟ بۇنىڭ ئۆزى دەل بەتپېئىللىك ئىللىتىنىڭ ئەينەن ئىپادىسى بولماي نېمە؟

ھەرقانداق بىر ۋىجدان ئىگىسى زامان ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل يامان سۈپەتلىك ئۆسمىلەرگە، ئەدەپ كەتكەن رەزگى ئىللەتلەرگە نەشتەردەك ئاچچىق پوزىتسىيە تۇتىدۇ. مەككارلىق، شەپقەتسىزلىك، نومۇسسىزلىق، ھىيلىگەرلىكنىڭ ئاچچىق پۇراقلىرىدىن يىرگىنىش تۇيغۇسىغا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، مەدەنىي ئوبراز بىلەن ئۆزىنى جۇلالاندۇرۇشقا يۈزلەنگەن بۈگۈنكى زاماندا جىنايى ئىللەتتىن قول ئۈزمىگەن، ھايۋانىي ياشاش يولىنى تاللىۋالغان بىرقىسىم مەدىكارلار جەمئىيەتنىڭ پۈتىنىغا پۈتلاشقان چالما - كېسەك، يەلكىسىگە ئېسىلىۋالغان بىگانىلاردۇر. بۇ مەسىلىگە ئاددىي بىر مەدىكارلار نۇقتىسىدىن قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ قارا سايە ھەممىمىزنىڭ بېشىدا ئەلەڭلەپ يۈرىدۇ.




## ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ

بىر ھۇرۇن ئۆلگەندىن كېيىن، جەھەننەمگە سەپەر قىلىش يولىدا رەڭگارەڭ جۇلالىنىپ تۇرغان سارايىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ.

سارايىنىڭ خوجايىنى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— سەن بىرنەرسە يېيىشكە ئامراقمۇ؟ بۇ يەردىكى نەرسىلەرنى خالىغىنىڭچە يە؛ سەن ئۇيقۇغا ئامراقمۇ؟ بۇ يەردە ھەرقانچە كۆپ ئۇخلىساڭمۇ ھېچكىم ساڭا دەخلى قىلمايدۇ؛ سەن ئويۇنغا ئامراقمۇ؟ بۇ يەردە خىلمۇخىل كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى بار، خالىغىنىڭنى تاللىۋال؛ سەن خىزمەتكە ئۆچمۇ؟ بۇ يەردە ئىشلىگۈدەك خىزمەت تاپالمايدىغانلىقىڭغا ھۆددە قىلىمەن.

ھۇرۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇشاللىق بىلەن سارايدا ئۈچ ئاي يەپ ـ ئىچىپتۇ، ئۈچ ئاي ئۇخلاپتۇ، ئۈچ ئاي ئويناپتۇ.

ئەمما، ئۇنىڭغا كۈنلەر بارا ـ بارا مەنىسىز تۇيۇلۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سارايىنىڭ خوجايىنى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاغرىنىشقا باشلاپتۇ:

— مۇنداق كۈنلەر ئۇزىراپ كەتسە، ھەقىقەتەن مەنىسىز تۇيۇلىدىكەن. بەك تويۇپ كېتىۋېدىم، ئۇزۇلۇكسىز سەمرىپ كەتتىم؛ بەك جىق ئۇخلىۋېدىم، دۆتلىشىپ كەتتىم. ماڭا بىر خىزمەت بەرسىڭىز بولارمۇ؟

— كەچۈرگىن، ـ دەپتۇ خوجايىن، ـ بۇ يەردە خىزمەت يوق.

يەنە ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ، ھۇرۇن ھەقىقەتەن چىدىيالماي خوجايىنغا يەنە دادلاپتۇ:

— بۇ كۈنلەرگە ھەقىقەتەن چىدىمىدىم، ئەگەر ماڭا خىزمەت بەرمىسىڭىز، بۇ يەردە تۇرغىنىمدىن دوزاختا چۈشكىنىم ياخشى.

— سەن بۇ يەرنى جەننەت دەپ قالدىڭما؟ ـ دەپتۇ سارايىنىڭ خوجايىنى، ـ بۇ يەر ئەسلىدىلا بىر دوزاخ. ئۇ سېنى غايىدىن، ئىجادچانلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ، مۇنداق روھىي ئازاب كىشىنى خەنجەردەك تىك چوققىلارغا چىقىپ، ئوت دېڭىزىغا كىرگەندىنمۇ بەتتەر قىينايدۇ.

ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ! شۇ تاپتا سىز دوزاختىن سەكرەپ چىقماقچى بولۇۋاتامسىز ياكى ئۇنىڭغا سەكرەپ چۈشمەكچى بولۇۋاتامسىز؟

## بىر سۆز

ئەنگلىيىلىك بىر كىشى شۋېتسارىيىگە كاماندىروپكىغا چىقىپ ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆيىگە تېزرەك قايتىپ كەتمەكچى بوپتۇ، ئەمما ئۇ پوچتىخانىغا بېرىپ خوتۇنىغا تېلېگرامما ئۇرماقچى بولغاندا، يېنىدا تۈزۈك پۇلى قالمىغانلىقىنى بايقاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تېلېگرامما تېكىستىنى خىزمەتچى ئايالغا بېرىپ، باھاسىنى ھېسابلاپ كۆرۈشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئايال خەتنى ساناپ چىقىپتۇ ھەمدە باھاسىنى دەپ بېرىپتۇ، ئۇ يېنىدىكى پۇلنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى بايقاپ:

— تېكىستتىكى «قەدىرلىكىم» دېگەن سۆزنى چىقىرىۋېتىڭ، مۇشۇنداق قىلسىڭىز يېنىمدىكى پۇل يېتىدىكەن، ـ دەپتۇ.

ئايال مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



- ياق، بۇ سۆزنى قانداقلا بولمىسۇن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ، خوتۇنىڭىزنىڭ ئەڭ تەلمۈرۈۋاتقىنىمۇ مۇشۇ سۆز، خىجىل بولماڭ، بۇ پۇلنى مەن چىقىرىپ قوياي.

بۇ ھېكايە ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ناھايىتى تەسىرلىك چىققان. تېخىمۇ قىزىقى شۇكى، تېلېگراممىا ئۇرغان ھېلىقى كىشى ئەسلىدە مىجەزى چۇس، ئىچى تار ئادەمكەن. پوچتا ئىدارىسىدىكى ھېلىقى ئايال ئۆز تەبەسسۇمى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى يورۇتقاندىن كېيىن، ئۇ بارا - بارا ئۆزگىرىپ كىشىگە ئىللىق ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بوپتۇ.

## ئېشەك بىلەن ئات

بىر ئادەمنىڭ بىر ئېشىكى ۋە بىر ئېتى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئادەم ئېشەك ۋە ئاتقا يۈك - تاقىلارنى ئارتىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئېشەك ھېرىپ قېلىپ ئاتقا:

- مەن بولالمىدىم، يۈكۈمنى ئازراق بولسىمۇ كۆتۈرۈشۈپ بەرسەڭ بولاتتى! - دەپتۇ.

ئات ئېشەككە ياردەم بېرىشنى خالىماپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئېشەك يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ.

ئارقىدىن خوجايىن ئېشەكنىڭ يۈكىنى ئاتقا يۆتكەپتۇ ھەمدە ھېلىلا شىلىۋالغان ئېشەك تېرىسىنىمۇ ئاتقا ئارتىپ قويۇپتۇ...

تۇرمۇشتا ھەمىشە مۇشۇنداق بولىدۇ: باشقىلارغا ياردەم بەرگەنلىك ئۆزىگە ياردەم بەرگەنلىك.

## مېنىڭ تېخى ئالمام بار

قۇملۇقتىن ئۆزى يالغۇز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ساياھەتچى ئۇشتۇمتۇت يېتىپ كەلگەن قۇم بوران تۈپەيلىدىن نىشانىدىن ئادىشىپ قاپتۇ. تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى - نان ۋە سۇ سېلىنغان بوخچىسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ ھەممە يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ بىر تال كۆك ئالمىلا قالغانلىقىنى بايقاپتۇ.

ئۇ ھېلىقى ئالمىنى سىقىمدىغىنىچە ئوڭغۇل - دوڭغۇل دەسسەپ يۈرۈپ قۇملۇقتىن چىقىش يولى ئىزدەپتۇ. تۇيۇقسىز بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇ يەنىلا بىپايان قۇملۇقتىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ھارغىنلىق ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ئۇ پايانسىز قۇم دېڭىزىغا قاراپ، بىرنەچچە قېتىم «ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپتۇ، ئەمما قولىدىكى ئالمىغا قاراپ قويۇپ، يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويغاندىن كېيىن، يەنە غەيرەتكە كەپتۇ.

ئۇ پىژىلداپ كۆيدۈرۈۋاتقان قۇياشقا قارىماي، قۇم دېڭىزىدىكى مۇشەققەتلىك سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ، ھەر قېتىم تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، دەلدەڭشىگىنىچە ئاز - ئازدىن ئالغا سىلجىپتۇ، كۆڭلىدە تىنماي: «مېنىڭ تېخى ئالمام بار، مېنىڭ تېخى ئالمام بار...» دېگەننىلا ئويلاپتۇ...

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ ئاخىر قۇملۇقتىن چىقىپتۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى بىر چىشلەممۇ چىشلەنمىگەن ھېلىقى كۆك ئالما سولىشىپ ئەمەسلا بىرنەرسە بولۇپ قالغانىكەن، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا خۇددى بىر گۆھەردەك ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ قاپتۇ.

بىز ھايات مۇساپىسىدە ھەمىشە خىلمۇخىل ئوڭۇشسىزلىقلارغا ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ، خىيالىمىزغا كىرىپ باقمىغان مۇشكۈلاتلارغا پېتىپ قالىمىز. مۇنداق چاغدا ئاسانلىقچە «مېنىڭ ھېچنېمەم قالمىدى» دېمەڭ. ئەمەلىيەتتە، ھاياتلىق قۇملۇقىدا، ھېلىقى كۆك ئالما بولسا ئىشەنچكە ئوخشايدۇ.

## بۆلجۈرگەن يېيىش

### ئا جيەن

B، A ئىككىيلەنگە بىر تەخسىدىن بۆلجۈرگەن كەلتۈرۈلۈپتۇ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى بېسىلىپ قالغانلىقتىن زېدە بولۇپ كەتكەنىكەن. A ھەر قېتىم تەخسىدىن مىجىلىپ كەتكەنلىرىنى تېرىپ يەپتۇ ھەمدە تەسىراتىنى سۆزلەپتۇ:

- بۇ بۆلجۈرگەن بىمانداق ئۇسالدۇ؟

B دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىپتۇ، ھەر قېتىم تەخسىدىن زېدە بولمىغىنىنى تاللاپ يەپتۇ

ھەمدە خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈپتۇ:
– بىر تەخسە بۆلجۈرگەندىن شۇنداق ياخشىسىنى يېيەلىدىم، بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى ئىش بولدى!
دېمەك، A ھەر قېتىم ئۈمىدىنى كەينىگە ئېلىپ قويۇپتۇ، B بولسا خۇشاللىقىنى كۆز ئالدىغا قويۇپتۇ. شۇڭا ئوخشاش بىر تەخسە بۆلجۈرگەن يېيىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن تەبئىيلا ئوخشىمايدىغان تەسىرات بېرىپتۇ، تۇرمۇش مۇشۇ قائىدىگە ئوخشايدۇ. ئېيتىڭە، سىز A غا ئوخشامسىز ياكى B غىمۇ؟

## ئەخمەق قۇش

ئىسمىنى بىلىپ بولمايدىغان بىر قۇش ھەر كۈنى ئادەم ئولتۇرمايدىغان بىر ئۆينىڭ دېرىزە تەكچىسىگە قونۇۋېلىپ ئەينەككە ئۇسىدىغان، ئارقىدىن دومىلاپ چۈشىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئەمما ئۇ بۇ ئىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى ئون نەچچە مىنۇت ئۇسىدىغان، ئارقىدىن دومىلاپ چۈشۈپلا ئۇچۇپ كېتىدىغان بوپتۇ. كىشىلەر بۇ ئىشقا ناھايىتى ھەيران قېلىپ، بەس - بەس بىلەن «قۇش ئاشۇ ئۆيگە كىرىمەن دەپ شۇنداق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ قىياس قىلىشىپتۇ، ئەمما بۇ قۇش تۇرغان دېرىزە تەكچىسىنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر دېرىزە ئوچۇق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر «بۇ تازىمۇ ئەخمەق قۇشكەن» دېگەن يەكۈننى چىقىرىپتۇ.
ئاخىر بىر كۈنى چېپىلغاق بىرسى دۇربۇن بىلەن كۆزىتىپتۇ، نەتىجىدە ئىشنىڭ ھەقىقىتى ئايدىڭلىشىپتۇ. ئەسلىدە بۇ قۇش ئەينەككە چاپلىشىپ قالغان پەرۋانىلەرنى يەپ، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتقانىكەن.
كۆپچىلىك بۇنى ئۇقۇپ سۇرەن - چۇقان كۆتۈرۈشۈپتۇ. دېمەك، كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى باشقىلارغا تېڭىشقا، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەپ تۇرىۋېلىشقا ئامراق.

## ئادەم بىلەن دۇنيا

ئامېرىكىلىق بىر پوپ سىرتقا چىقىپ نۇتۇق سۆزلىمەكچى بوپتۇ، ئەمما مۇۋاپىق بىر نۇتۇق تېمىسى تاپالماپتۇ، قېرىنشقاندەك مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭ بالىسى بىر چەتتە چاتاق تېرىپ، ئۇنى تىت - تىت قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ بالىسىنى ئەپلەپ - سەپلەپ چىقىرىۋەتمەكچى بولۇپ، بىر ژۇرنالدىن دۇنيا خەرىتىسى بېسىلغان بىر پارچە قەغەزنى يىرتىۋاپتۇ، ئاندىن ئۇنى يىرتىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتكەندىن كېيىن بالىسىغا بېرىپ:
– سەن بۇ خەرىتىنى قۇراشتۇرۇپ چىقساڭ، ساڭا ئىككى يۈەن پۇل بېرىمەن، – دەپتۇ. بالا قەغەزنى ئېلىپ خۇشاللىق بىلەن چىقىپ كېتىپتۇ. پوپ «ئەمدى ئىككى سائەتكىچە ئارام تاپىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپتۇ، ئەمما بىرنەچچە مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا بالا گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا قايتىپ كېلىپ خەرىتىنى قۇراشتۇرۇپ بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پوپ ئۇنى ئېلىپ قارىسا ھەقىقەتەن شۇنداق تۇرغۇدەك. ئۇ ھەيرانلىق بىلەن:
– سەن قانداق قىلىپ مۇشۇنچىۋالا تېز قۇراشتۇرۇپ بولدۇڭ؟ – دەپ سوراپتۇ.
– خەرىتىنىڭ كەينىدە ئادەمنىڭ باش رەسىمى بار ئىكەندۇق، مەن ئادەمنىڭ باش رەسىمىنى قۇراشتۇرۇۋېدىم، خەرىتىمۇ ئۆزلۈكىدىنلا قۇراشتۇرۇلۇپ قالدى، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا. پوپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئەقلىگە كەپتۇ - دە، ئۆز نۇتقىغا «بىر ئادەم توغرا بولسا، ئۇنىڭ دۇنياسىمۇ توغرا بولىدۇ» دېگەن تېمىنى تاللاپتۇ.

## قەغەز ۋە قەغەز سېۋىتى

جىڭ جىڭ بىلەن يۈەن يۈەن رەسىم سىزىشقا ئامراق بالىلار ئىكەن. جىڭ جىڭنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا بىر دەستە قەغەز، بىر باغلام قەلەم بېرىپ، بىر تامنى كۆرسىتىپتۇ:
– ھەربىر رەسىمىڭنى تامغا چاپلىغىن، ئۆيىمىزگە كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كۆرسۇن.
يۈەن يۈەننىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا بىر دەستە قەغەز، بىر باغلام قەلەم، يەنە بىر قەغەز سېۋىتى بېرىپتۇ:

www.uyghurkitap.com



- ھەربىر رەسسامنى مۇشۇ قەغەز سىڭۈتىشكە تاشلاۋەر، ئۇنىڭدىن رازى بولۇش - بولماسلىقىنى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن.

ئۈچ يىلدىن كېيىن جىك جىڭ رەسسام كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپتۇ، پۈتۈن تام رەڭگى ئوچۇق، بەدىئىي قۇرۇلمىسى تولۇق رەسىملەر بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، كىشىلەر ئۇنى بەس - بەستە ماختىشىپتۇ.

يۈەن يۈەن كۆرگەزمە ئۆتكۈزەلمەپتۇ، چۈنكى ئۇ قەغەز سىڭۈتىدىكى رەسىملىرىنى توشقان ھامان تۆكۈۋېتەتتىكەن، ھەممە كىشى ئۇنىڭ قولىدىكى سىزىپ تۈگىتەلمىگەن ئاشۇ بىر پارچە رەسىمنىلا كۆرىدىكەن.

كىشىلەر 30 يىلدىن كېيىن جىك جىڭنىڭ تاملارنى تولدۇرۇپ كۆرگەزمە قىلىدىغان رەسىملىرىگە قىزىقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئەمما يۈەن يۈەننىڭ رەسىملىرى جاھان ئەھلىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپتۇ، رەسساملىق ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىۋېتىپتۇ.

كىشىلەر جىك جىڭنىڭ تامغا چاپلاپ قويغان رەسىملىرىنى ئېلىۋېتىپ قەغەز سىڭۈتىشكە تاشلاپتۇ، يۈەن يۈەننىڭ قەغەز سىڭۈتىشكە تاشلىۋەتكەن رەسىملىرىنى قايتا ئېلىۋېلىپ تامغا چاپلاپتۇ.

ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئالدىراشنىڭ نەتىجىسى يەڭگىللىك ۋە يۈزەكىلىك بولىدۇ، گۈلدەستە ۋە ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئازراق چوڭقۇرلۇققا ئىگە نەرسىمۇ بارا - بارا ئاددىيلىققا قاراپ ماڭىدۇ.

## ھايات ۋە ئىشەنچ

ئامېرىكىنىڭ نيۇ - يورك شەھىرىدە ئارتور دېگەن ياش بىر ساقچى ئۆتكەنىكەن. بىر قېتىملىق قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتىدە قارانىيەتنىڭ ئاپتوماتتىن ئاتقان ئوقى ئۇنىڭ سول كۆزى بىلەن ئوڭ تىزىغا تېگىپتۇ. ئۇ ئۈچ ئايدىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىققاندا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، قاملاشقان يىگىتلىكىدىن توكۇر ۋە قارىغۇ مېيىپقا ئايلىنىپتۇ.

نيۇ - يورك شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئوردېن ۋە لەۋھە تەقدىم قىپتۇ. مۇخبىر ئۇنىڭدىن:

- بۇ ھالىتىڭىز بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىسىز؟ - دەپ سورايتىكەن، ئۇ:

- مەن قارانىيەتنىڭ تېخى تۇتۇلمىغانلىقىنىلا بىلىمەن، - دەپتۇ. ئۇنىڭ يېگانە كۆزىدىن كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان غەزەپ ئۇچقۇنى چاقناپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئارتور باشقىلارنىڭ نەسىھەت قىلىپ توسقىنىغا قارىماي، ھېلىقى قارانىيەتنى تۇتۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپتۇ، ئامېرىكىنىڭ ھەممىلا يېرىگە دېگۈدەك بېرىپتۇ، ھەتتا بىر قېتىم ئەرزىمەس بىر يىپ ئۈچىنى دەپ ياۋروپاغا بېرىپتۇ.

توققۇز يىلدىن كېيىن ھېلىقى قارانىيەت ئاخىر ئاسىيادىكى مەلۇم كىچىك دۆلەتتە تۇتۇلۇپتۇ، ئارتور بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ھالقىلىق رول ئويناپتۇ. مۇۋەپپەقىيەتنى تەبرىكلەش يىغىنىدا ئۇ يەنە بىر قېتىم قەھرىمان بولۇپ قاپتۇ. نۇرغۇن تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئۇنى ئامېرىكا بويىچە ئەڭ قەيسەر، ئەڭ باتۇر ئادەم دەپ ئاتىشىپتۇ. ئەمما يېرىم يىلدىن كېيىن ئارتور ئۆز ھۇجرىسىدا تومۇرىنى كېسىپ ئۆلۈۋاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش سەۋەبىنى ئوقۇپتۇ:

«مۇشۇ يىللاردىن بۇيان مېنىڭ داۋاملىق ياشىشىمغا قاتىلنى تۇتۇۋېلىش ئىشەنچى تۈرتكە بولغانىدى... ئەمدى ماڭا زىيانكەشلىك قىلغان قاتىل جازالاندى، ئاچچىقىممۇ چىقتى، ياشاش ئىشەنچىممۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپلا غايىب بولدى. مەن ئۆزۈمنىڭ مېيىپلىكى ئالدىدا، ئەزەلدىن ھازىرقىدەك قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ باقمىغان...»

ھاياتتا ھەممە نېمىڭىز كەم بولسا، مەسىلەن، بىرەر كۆزىڭىز ياكى بىرەر پۇتىڭىزدىن ئايرىلىپ قالسىڭىز بولىۋېرىشى مۇمكىن، ئەمما ئىشەنچىڭىزدىن ئايرىلىپ قالسىڭىز بولمايدۇ.

## روھىي ھالەت ۋە ھەرىكەت

بىر پسىخىلوگ روھىي ھالەتنىڭ ھەرىكەتكە قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ،

بىر تەجرىبە ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئۇ ئالدى بىلەن ئون ئادەمنى بىر قاراڭغۇ ئۆيدىن ئۆتكۈزۈپتۇ، بۇ ئون ئادەم ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئارقىدىن پسىخولوگ ئۆيدىكى بىر چىراغنى ياندۇرۇپتۇ. غۇۋا چىراغ يورۇقىدا بۇ كىشىلەر ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرۈپ قورققىنىدىن قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىپتۇ، ئەسلىدە بۇ ئۆينىڭ تېگى يوغان بىر سۇ كۆلچىكى ئىكەن، سۇ كۆلچىكىدە ئون نەچچە چوڭ تىمساق بار ئىكەن. سۇ كۆلچىكىنىڭ ئۈستىگە تارغىنە بىر ياغاچ كۆۋرۈك سېلىنغان بولۇپ، بايا ئۇلار مۇشۇ كىچىككىنە كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنىكەن.

پسىخولوگ:

— ئەمدى قايسىڭلار مۇشۇ ئۆيدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈشنى خالايسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمەپتۇ.

بىرھازادىن كېيىن ئۈچ ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىرى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەمما سۈرئىتى بىرىنچى قېتىمقىسىدىن نۇرغۇن ھەسسە ئاستىلاپ كېتىپتۇ؛ يەنە بىرى دىر - دىر تىترىگىنىچە ياغاچ كۆۋرۈككە قەدەم قويۇپ، يېرىمىغا بارغاندا ئۆمىلەپ ئۆتۈپتۇ؛ ئۈچىنچىسى بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا بىردىنلا يېتىۋېلىپ، ئالدىغا يېرىم قەدەم سىلجىشقىمۇ پېتىنالماپتۇ.

پسىخولوگ ئۆيدىكى باشقا توققۇز چىراغنىمۇ ياندۇرۇۋېتىپتۇ، چىراغ نۇرى ئۆينى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا كىشىلەر ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا بىخەتەرلىك تورى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، تورنىڭ رەڭگى ئىنتايىن سۇس بولغاچقا، بايا كۆرۈنمىگەنلىكىنى بايقاپتۇ.

— ئەمدى قايسىڭلار بۇ كىچىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشنى خالايسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پسىخولوگ. بۇ قېتىم يەنە بەش ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

— سىلەر نېمىشقا خالىمايسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پسىخولوگ ئېشىپ قالغان ئىككەيلەندىن.

— بۇ بىخەتەرلىك تورى چىڭمۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپلا سوراپتۇ بۇ ئىككەيلەن.

نۇرغۇن چاغلاردا مۇۋەپپەقىيەت مۇشۇ كىچىككىنە ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنگە ئوخشايدۇ، مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى كۈچنىڭ ئاجىزلىقى، ئەقلىنىڭ كەملىكىدىن بولماي، بەلكى ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تەھدىتىدىن بولۇشى مۇمكىن. خەۋپ - خەتەر ئالدىدا نۇرغۇن كىشىلەر خاتىرجەملىكىنى بالدۇرلا يوقىتىپ قويىدۇ، ئالاقزادە بولۇپ تەمتىرەپ قالىدۇ.

## دوسكىدىكى ئاناتومىيە سىخېمىسى

ساقلىقنى ساقلاش دەرسى ئۆتۈلگەن كۈندىن تارتىپلا دوسكىغا ئادەم ئاناتومىيىسىنىڭ سىخېمىسى سىزىپ قويۇلدى، ئۇنىڭدا مۇھىم سۆڭەك مۇسكۇللىرىنىڭ ئىسمى ۋە ئورنى كۆرسىتىلگەنىدى. پۈتۈن ئوقۇش مەۋسۇمىدە بۇ رەسىملىك چۈشەندۈرۈش شۇ پېتى تۇرۇۋەردى، مۇئەللىم ئۇنى ئېغىزىغا ئېلىپمۇ قويمىدى. يېقىنقى بىر قېتىملىق سىناقتا، سىنىپقا كىرىپلا دوسكىنىڭ پاك - پاكىز سۈرتىۋېتىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا: «ئادەمدىكى ئاساسلىق سۆڭەكلەرنىڭ ئىسمى ۋە ئورنىنى ئېيتىپ بېرىڭ» دېگەن ئىمتىھان سوئالى يېزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۇق.

سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى:


— بىزگە بۇنى ئەزەلدىن ئۆتۈپ باقمىغان! — دەپ بىردەك ئېتىراز بىلدۈردى.

— بۇ باھانە - سەۋەب بولالمايدۇ، — دېدى مۇئەللىم، — بۇ بىلىملەرنىڭ دوسكىغا يېزىپ قويۇلغىنىغا بىرقانچە ئايلار بولدى.

بىز بىرنەچچە ئىسىم ۋە ئورۇننى قارىسىغىلا يېزىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇق. ئارقىدىن مۇئەللىم ئىمتىھان قەغەزلىرىمىزنى يىغىۋېلىپ يىرتىپ تاشلىدى ھەمدە بىزنى مۇنداق ئاگاھلاندۇردى:

— مەڭگۈ ئېسىڭلاردا بولسۇن، مائارىپ دېگىنىمىز باشقىلار ئېيتىپ بەرگەن نەرسىلەرنىلا ئۆگىنىش ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بېشارەت

(پوۋېست)

ئەسئەت ئەمەت

ئۇلار ئاخىر مېنى كۆمۈۋەتمەكچى ئىدى. مەن بىلەن ھېچكىم خوشلاشقىلى كىرمىدى. ئەلۋەتتە، كىرمەكچى بولسىمۇ كىرەلمىگەن بولاتتى. چۈنكى مەن ئىشىكنى ئەتە دەپنە ۋاقتىغىچە ئاچماسلىق نىيىتىگە كەلگەنىدىم. ناھايىتى ئۇزۇندا ياندىكى ئۆيدىن كىرىپ - چىقىۋاتقانلارنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلدى. مەنمۇ ھاردۇق يېتىپ ئۇخلاپ قالدىم، تۈن بويى يىغلاپ چۈش كۆرۈپ چىققانىدىم. ئويغىنىپ «مەن بۇ دۇنياغا قىيالمايۋاتامدىمەن نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدىم.

يەنە ئۇخلاپ، يەنە يىغلاپ چۈش كۆردۈم. تاڭ سەھەردە قاتتىق بىئارام بولۇپ ئويغىنىپ كەتتىم. بۇ بىئاراملىق تۈن بويى يىغلاپ چۈش كۆرۈپ چىققانلىقتىنمۇ ياكى جامائەتنىڭ مېنى تېزرەك كۆمۈۋېتىش ئۈچۈن تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىدىن پەيدا بولغانمۇ، بۇنىڭغا بىرنەرسە دەپ بولمايتتى.

بۇ ۋاقىتتا ئۆي تېخى تولۇق يورۇمىغان، بىرنەرسىلەرنى ئىلغا قىلىشمۇ تەس ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ بىرنەرسەمنى يىتتۈرۈپ قويۇشتىن قورققاندەك بىئاراملىقتىن زادىلا خالىي بولالمىدىم. ئۇلار مېنى ئۇنسىز چاقىرىۋاتاتتى، بۇنىڭدىن ناھايىتى ئېغىر بېسىم ھېس قىلىپ سىرتقا چىقتىم. سىرتمۇ ئۆيگە ئوخشاشلا غۇۋا ئىدى. لېكىن ئەتراپنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. مەن شۇنچە كۆپ كىشىلەرنى تۈن بويى ساقلاتقانلىقىمدىن خىجىل بولدۇم. ئەمما كىمدىن ئەپۇ سورىشىمنى بىلەلمىدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن باشچىلىق قىلىۋاتقان ئادەمنى ئىزدىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا باشچىدەك ياكى ئەگەشكۈچىدەك كۆرۈنەتتى. بەلكىم مەن پەرقلەندۈرەلمىگەندىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قول باغلاپ، بەدىنىنىڭ ئېغىرىنى ئوڭ پۇتىغا چۈشۈرۈپ ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تەقەززالىق بىلىنمەيتتى. ئەمما مەن ئۇلارنىڭ شۇنچە سەھەردە تەق بولۇپ تۇرۇشىدىن مەلۇم بىر تەقەززالىقنى پەرەز قىلدىم. ئۇلار مېنى دەپنە قىلىشقا شۇنچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغانىدى. ئادەتتە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا بۇ خىل ئەستايىدىللىقنى ھەرگىزمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ شۇنچە تولۇق ھالدا بۇ يەرگە جەم بولۇشى، يەنە كېلىپ تۈن تەڭدىن تارتىپ مېنى ساقلىشى - مەن ئۇلار ھېچ بولمىغاندا تۈن تەڭدىن بۇرۇن يىغىلىپ بولغان دەپ قارايمەن - مېنى خىيالغا سېلىپ قويدى. ئۇلار مېنى تېزرەك كۆمۈۋەتمىسە بولمايدىغان بىرەر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى دەپ قارىمايدىغاندۇر، ئېھتىمال ئۇلار مەن تۇغۇلغاندىن بۇيان مۇشۇ كۈننىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى كۈتكەندۇ. بۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى ھەتتا خېلى يىللار بۇرۇن باشلانغان بىر ئۈن - تىنسىز كۈتۈشنىڭ خاتىمىسىدەك، بۇ كۈتۈش قانچە تېز ئاخىرلاشسا شۇنچە ياخشىدەك تەسىر بېرەتتى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىمۇ مەلۇم بىر خۇشاللىقنى يوشۇرالماي قېلىۋاتقاندەك روشەن چاقناشقا باشلىدى. ئۇلار يەنە نەچچە يىل كۈتسىمۇ بەل قويۇۋەتمەيدىغاندەك كۆرۈندى.

مەن ئىشىكنى ئېچىپ چىققاندا ئۇلاردا

ئازراقمۇ ئىنكاس بولمىغانىدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئىغىر - بېسىق خاراكتېرى ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ توپىدىن ئېچىلغان يول بىلەن كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ مېنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن بار ئاماللارنى ئىشقا سالغانلىقىنى بىلدىم. ئۇلار ئۆينىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي ئورىۋالغان بولۇپ، پەقەت ئىشىك ئالدىدىن مانا مۇشۇ بىر ئاياغ يولنى ماڭا ھازىرلىغانىدى. بۇ يولنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئىنتايىن زىچ ھالەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بۆسۈپ چىقىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى (ئەمەلىيەتتە مېنىڭ قېچىش نىيىتىممۇ يوق ئىدى). بۇ يول مېنى ئەڭ كۆپ كىشىلەر ئوراپ تۇرغان ئېتىزلىقتىكى بىر كېچىكرەك سەيناغا باشلاپ باراتتى. سەيناغا بىر جىنازا قويۇقلۇق بولۇپ، ئۈستىگە قارا دۇخاۋا يېپىلغانىدى. مەن جىنازىنى كۆرۈپ كېچىچە ئۇنى چۈشەپ چىققىنىمنى ئەسكە ئالدىم. ئۇنىڭ قويۇلۇش شەكلىمۇ چۈشۈمدىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارا كىيىم كىيىۋالغاچقا ئاخىرلىشىۋاتقان كېچىدىن قالغان داغدەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇلارنىڭ تەكلىپ قىلىنىشىنى كۈتمەيلا جىنازىنىڭ يوپۇقىنى قايرىپ، يېتىشقا تەمشەلدىم.

— جىنازا كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرسى تېخى كەلمىدى، يەنە ھازا ئېچىپ مېڭىشقا ياللانغان ئادەممۇ يېتىپ كېلەلمىدى، بىردەم تەخىر قىل.

مەن ئۆرۈلۈپ گەپ قىلغۇچىنى ئىزدىدىم، بىلىشىمچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭ گەپ قىلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئەتراپىمدىن، يىراق - يېقىندىن تەڭلا ئاڭلىناتتى. ئۇلار خۇددى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك بىر خىل مەنىدە، ئوخشاش رىتىمدا سۆزلەيتتى. شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىناتتى.

— مەن بىرەرسىنىڭ ھازا ئېچىشىغا موھتاج ئەمەس، — دېدىم مەن ئۇلارغا.

— جىنازا كۆتۈرگۈچىنىڭ بىرسىنى قانداق قىلىمىز؟ — دېيىشتى ئۇلار.

مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كەلمەي قويغان جىنازا كۆتۈرگۈچىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان بىرەرسىنى ئىزدىدىم. بىلەكلىرى ئوچۇق، بېشىغا شاپاق دوپپا كىيگەن ئۈچ جىنازا كۆتۈرگۈچىگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇلار مېنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقتا ئىكەنلىكىمنى دەڭسەۋاتقاندەك قارايتتى. مەن ئەتراپىمغا بىر قۇر قاراشتۇرۇپ، كەلمەي قويغان جىنازا كۆتۈرگۈچىنىڭ ئورنىنى پەقەت ئۆزۈملا باسالايدىغانلىقىمنى بايقىدىم. بۇ سىڭارىيان تۇرغان كىشىلەر پەقەت كالىچىنى سۆرەپ، يول بويى توپا كۆرەپ مېڭىشقىلا ھەم مۇشۇنداق بىر جامائەتنى تەشكىل قىلىشقىلا يارايتتى.

— ئۇنىڭ ئورنىغا جىنازىنى ئۆزۈم كۆتۈرەي، — دېدىم مەن. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئەتەي قۇرغان تۇزىقىدەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ يەنە نېمە ھىيلە ئىشلىتىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن.

— مېيىت يۇيۇش ئىشىنى ئادا قىلدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇلار.

— ھەئە، — دېدىم مەن يانغا بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ.

— بىز كەلمەي قويغان جىنازا كۆتۈرگۈچى ئۈچۈن سەندىن ئەپۇ سورايمىز. بىز ئۇنى ساقلىساق تاڭ ئېتىپ كېتىدۇ. ئەمدى جىنازىغا چىقىپ يات. بىز نامىزىڭنى چۈشۈرىمىز.

مەن جىنازىغا چىقىپ ياتتىم، ئاندىن بايا ئاچقان يوچۇقنى تارتىپ يېپىپ قويدۇم. جىنازىنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. بېشىم پەس بولۇپ قېلىۋىدى، كېپەنلىكنى پومداپ ياستۇق قىلدىم. ئىمامنىڭ — ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمامدۇر، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاۋازى بايىقىغا ئوخشاش ھەممە تەرەپتىن ئاڭلىناتتى، — قۇرئان ئوقۇغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇلار ئۇزۇن بىر سۈرىنى تېخىمۇ سوزۇپ ئىشتىياق بىلەن ئوقۇدى، ئاندىن ئۇلار مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئۆزلىرىدىن سوراشتى ۋە ئۆزلىرى جاۋاب بەردى.

— ئۇ ئېھتىمال بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇ دەپنە مۇراسىمىنى ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلدى دەپ قارىمايمەن.

— ئۇنىڭ يېشى نەچچىدە ئىدى؟

— يېشىنى بىر خۇدا بىلىدۇ.

ئازراق سۈكۈتتىن كېيىن يەنە قەرزىم توغرىسىدا سوئال سورىلىپ:

— بۇ ھېساب - كىتاب خۇداغا قالدى، — دەپ ئىشىنى تۈگەتتى.

مەن جىنازىدىن قايتىپ چۈشتۇم. مەن ئاتا - ئانامغا بەرگەن ۋەدەمنىڭ ئەكسىچە كۆزۈمنى بۇلاردىنمۇ بەك چەكچەيتىۋالغانىدىم، ئۇلارنىڭ چىرايىدا مېنىڭ بۇ ھالىتىمدىن ئېسەنگىرەش غىل - پال ئەكس ئېتىپ قالاتتى. مەن جىنازا كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ جىنازىنىڭ ئۈچ تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن جىنازىنىڭ ئالدى - سول تەرەپكە ئۆتتۈم، تەرتىپ ئورنىتىلغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىرئاز كۈتۈشكە توغرا كەلدى. ئاندىن بىز تەڭلا جىنازىنى كۆتۈرۈپ يولغا چۈشتۇق. كىشىلەر ئۈن - تىنسىز ھالدا يولغا پاتقۇدەك سەپ بىلەن بىزگە ئەگەشتى. جىنازا ئىچىدە ئادەم باردەك خېلىلا ئېغىر ئىدى. جىنازا كۆتۈرۈپ 200 مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن، جىنازىدا ھەقىقەتەنمۇ ئادەم بارلىقىنى جەزملەشتۇردۇم. «بايا تەرتىپ ئورنىتىلغىچە بىرەرسى زاراتكارلىققا مېڭىپ بېرىشقا ھۆرۈنلۇق قىلىپ جىنازىغا چىقىۋالغانمىدۇ» دەپ ئويلىدىم. ئاندىن «جىنازا دېگەن مۇشۇنداق ئېغىر بولسا كېرەك، بۇرۇن مەن كۆتۈرۈپ باقمىغاچقا ئېغىر ياكى يېنىكلىكىنى مەن نەدىن بىلەي » دەپ ئۆز - ئۆزۈمنى بەزلەشكە تىرىشتىم. لېكىن قانچە قىلساممۇ جىنازىدا ئادەم بارلىقىغا بولغان گۇمانىمنى كاللامدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. مەن دەپنە مۇراسىمىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان پەيتتىكى بۇ پىشكەللىكتىن بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. جىنازا كۆتۈرگۈچىنىڭ كەلمەسلىكى مېنىڭ شۇم پېشانىلىكىمنىڭ بىر بەلگىسى ئىدى. ئەسلى ئۇ كەلگەن بولسا ئۆزۈمنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا ئۆزۈمنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرىدىغان بۇنداق نەس باسقان ئەھۋالغا قالمىغان بولاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ كۈنگىچە كۈنلىرىمنى جاپادىن قېچىش بىلەن ئۆتكۈزگەنىدىم. ئۇلارنىڭ مېنى شۇنچە ئوڭايلا - ئۆلگەن - ئۆلمىگەنلىكىم ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بارمايلا - دەپنە قىلىشقا كىرىشىشى بەلكى مېنىڭ چىدامسىزلىقىمدىنمۇ بولسا كېرەك.

دەپنەمنى تېزلەتكەن نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. بۇنداق قۇرۇق خىياللارنىڭ ئۆزۈمگە ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۆزۈمگە «بولدى، بەس» دېدىم. مەن ئۇلارغا «زاراتكارلىققا ئۆزۈم مېڭىپ بارسام بولمىدىمۇ، ئىشلىتىلمىگەن جىنازىنى كۆتۈرۈپ نېمە جاپا تارتىپ يۈرىمىز» دېمەكچى بولدۇم. لېكىن جىنازا بولمىغاندا بۇ دەپنە مۇراسىمىغا ئوخشىماي قالىدىغانلىقى دەرھال ئېسىمگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاۋارىچىلىققىمۇ كۆنۈشكە تىرىشتىم. «بۇ مېنىڭ جاپالىق كۈنلىرىمنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىمى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ يەنە ئۆز- ئۆزۈمنى بەزلىدىم. لېكىن بۇنىڭ ئۈنۈمى كۈتكەندەك ياخشى بولمىدى. چۈنكى ئۇ دۇنيادىمۇ خاتىرجەم ئۆتۈشۈمگە ئانچىلا ئىشىنىپ كەتمەيتتىم. كىم بىلىدۇ، ھەممە مۇشەققەت، ئازاب - ئوقۇبەت دەل يەتتە كەتمەن توپا قەبرەمگە تاشلانغاندىن كېيىن باشلىنامدۇ تېخى!

مەن ئۆزۈمنى مۈشۈكنىڭ تىرناقلىق ئىككى قولى ئارىسىدا گاھ تېپچەكلەۋاتقان، گاھ يۇقىرىغا ئېتىلىۋاتقان چاشقاندەك سەزدىم ھەم قاتتىق قورقۇنچتىن تىترەپ كەتتىم.

بۇ تولىمۇ سۈس ئۆتكۈزۈلگەن دەپنە مۇراسىمى ئىدى. بۇرۇقتۇرمىلىقتىن ھەتتا ئادەمنىڭ ئىچى پۇشاتتى. ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىشىۋالغان چوڭ - كىچىك، ئوششاق چۆرىلەر بىزگە ئىپادىسىز، ھەتتا پەرۋاسىز ھالەتتە بىر خىلىلا قاراپ تۇراتتى. ئۇلار دەپنە قىلىنغۇچىنى بىلىدىغاندەك كۆپرەك ماڭا قارايتتى. بىزنىڭ - دەپنە جامائىتىنىڭ تېزرەك ئۆتۈپ بولالمايۋاتقىنىدىن ئۇلارنىڭ ئىچى سىقىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر چاغدا يىراقتىن بىرىنىڭ داد - پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن دادامنىڭ ئۇخلاپ قوپۇپ مېنى ئۇزاتقۇسى كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن مەن بالىسى ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىساممۇ ئۇ يىغا ئاۋازىنى دادامنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتالمىدىم. لېكىن «دادام بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بەك قايغۇرغاچقا ئاۋازى ئۆزگىرىپ قالغان گەپ» دەپ ئۆزۈمنى ئازراق بولسىمۇ تەسەللى تاپقۇزۇشقا تىرىشتىم. ئەلۋەتتە، دەپنە مۇراسىمىدا بىرەر تۇغقىنىڭىزمۇ قايغۇرمىسا خۇددى كىشىلەر سىزنى چاۋاك چېلىپ، تەنتەنە قىلىپ ئۇزىتىۋاتقاندەك تەسىر بېرىدىكەن. مەن ئۇلارنى پەقەت ئاچچىقىمدىلا «دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشماڭلار» دېگەنىدىم. ئۇلار قاتناشسا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە مەن بار ئىكەنمەن دەپ ئويلىغان ھەم روھىي چۈشكۈنلۈكىممۇ ئازراق پەسكويغا چۈشكەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ يىغىچى دادام ئەمەس ئىدى، يىغا ئاۋازى ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىپ ئاخىر ئۇ ئادەم ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. بۇ مېنى كۆپ ئۈمىدسىزلەندۈردى، لېكىن بۇ يىغىچى ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن دەپنە مۇراسىمىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىق كۆتۈرۈلگەندەك بولدى ھەم ئىشىكلەرنىڭ ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ چىرايىدا ئازراق بولسىمۇ قىزىقىش پەيدا بولدى، كۆڭلۈم خېلى كۆتۈرۈلۈپ جىنازىمۇ بايىقىدەك ئېغىر بىلىنمىدى. ئۇ ئادەمنىڭ پەريادى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ دىلىنى ئېزەتتى. مەن ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي چىرايىدىن تونۇشلۇق ئىزدىدىم. ئەمما تاپالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن شۇنچىلا ئۆرۈپ دەرد چېكىۋاتقىنى

مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ ھەتتا ئاق بەلۋاغمۇ باغلىۋالغانىدى. ئاشۇ نامسىز قېرىندىشىنى كۆرمەكچى بولۇپ جىنازىغا ئېسىلاتتى. تەمبەل ئىككى ئادەم ئۇ جىنازىغا ئېسىلسىلا ئۇنى ئىتتىرىۋېتەتتى، ئۇلار ئۇنى جىنازىغا ئەسلا يېقىن يولاتمىدى. ئەمما ئۇمۇ يول بويى ئۇلارغا بوي بەرمەي كىشىنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلغۇدەك دەردلىك ئاھاڭدا ئاھ ئۇرۇپ، جىنازىغا پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن مەن جىنازىدا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىرەر قېرىندىشى يېتىۋالغانمىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. ئەگەر جىنازا قۇرۇق بولسا، ئۇنىڭغا بىر كۆرسىتىپ قويۇشقان بولسا ئۇمۇ پەسكويىغا چۈشۈپ قالغان، بۇ خىل ئۈزلۈكسىز ھەپىلىشىشمۇ بولمىغان بولاتتى. ئەمما ئۇلار يول بويى ئېتىلىش - توسۇش، يەنە ئېتىلىش، يەنە توسۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋەردى. مەن ئۇنىڭ تەكلىپ قىلىنغان يىغىچى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ كىمگە ھازا ئېچىۋاتقىنىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ بۇنىڭغا ئۆزۈمنى زادىلا ئىشەندۈرەلمىدىم. چۈنكى بۇ دۇنيادا يالغاندىن بولسىمۇ ماڭا بۇ دەرىجىدە قىيالمايدىغان ئادەمنىڭ بولۇشىغا كۆزۈم يەتمەيتتى. شۇڭىمۇ جىنازىدا ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر قېرىندىشى بار ئوخشايدۇ دېگەن خىيالىمدىن ۋاز كەچمىدىم. ئەگەر ئۇ مەن ئۈچۈن ھازا ئېچىۋاتقان بولسا مەن ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن بۇنچە ئاۋارە بولماسلىقىنى تەۋسىيە قىلغان بولاتتىم. ئەگەر ئۇنىڭ ھەقىقەتەن مەن ئۈچۈن شۇنچىلا دەرد تارتقۇسى بولسا، جىنازىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئۆزۈمنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا ئۆزۈمنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرگىنىم يەتمىگەندەك، بىرسىنىڭ جىنازىغا چىقىپ يېتىۋالغىنى ھەممىدىن يامان بولدى. ھاۋانىڭ سۈرۈن بولۇشىغا قارىماي چېكەمدىن تىنماي تەر قۇيۇلاتتى. ئاخىرەتلىك كىيىمىممۇ قارا تەرگە چۆمۈلدى، زاراتكارلىق تېخى كۆرۈنمەي تۇرۇپ ھازىدار ئادەمنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ، دەرمانى قۇرۇپ، پۇتلىرى يول مېڭىشقىمۇ قولاشماي قالدى.

قارا كىيىملىك، قول باغلاپ ئۈن - تىنسىز كېتىۋاتقان دەپنە جامائىتىنىڭ سىپى كۆز يەتكۈسىز دەرىجىدە ئۇزۇن ئىدى. قىزغۇچ قۇياش دەرەخ بويى ئۆرلىگەن، كېچىكىپ ئويغانغان خورازلار قىچقارماقتا، كىشىلەر مېنىڭ دەپنە مۇراسىمىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان بولسا كېرەك، بىزنىڭ ئۆيدىن تاكى زاراتكارلىققىچە يول بويىدىكى ئۆيلەردە تۇرۇشلۇق كىشىلەر يوللارغا سۇ سېپىپ كۆتۈرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان چاڭ - توزاننى جىمىقتۇرۇۋەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە دەپنە مۇراسىملىرىدا بۇ خىل ئەھۋال بەكمۇ كەم ئۇچرايتتى. چۈنكى بۇ يول بويىدىكى كىشىلەر كۆپ ھاللاردا دەپنە جامائىتى ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتكەندە ئاندىن كىمنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپاتتى ھەم سەپكە قېتىلىش - قېتىلماسلىقنى ئىختىيارىي تاللايتتى. جامائەتنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - تۇمان جامائەتنىڭ ئۈستىدە، جامائەت كېتىپ بولغاندا بولسا يوللاردا، ئېتىزلىق ۋە ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدە خۇددى قىشلاقتىن پادىلار قايتقاندەك ھەممە ياقتا لەيلەپ يۈرەتتى. بۇ توزانلارنىڭ بېسىقىشىغا خېلى ۋاقىت كېتەتتى، يول ياقىسىدا جامائەتكە قاراپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن كىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىش قىزىقىشى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. تونۇشلىرى بولسا ئۆكۈنەتتى، ناتونۇش بولسا ھېسداشلىق قىلاتتى. ئەمما بۈگۈنكى ئەھۋال پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئىدى، ھېچكىمنىڭ چىرايىدىن ھېسداشلىق، ئۆكۈنۈش ئىپادىلەنمەيتتى. خۇددى بۇرۇنلا كۆمۈۋېتىشكە تېگىشلىك، بەكمۇ كېچىكىپ دەپنە قىلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، بۇ كېچىككەن دەپنە مۇراسىمىدا جامائەتنىڭمۇ چوڭ مەسئۇلىيىتى باردەك ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرگە تولىمۇ بىپەرۋا، سوغۇق ھالەتتە قاراپ تۇراتتى، ھەتتا ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىغا سۇ سېپىۋەتكەنلىكىدىنمۇ ئۇلارنىڭ بۇ دەپنە مۇراسىمىنى قانچىلىك مەنسىتمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. چۈنكى دەپنە مۇراسىمىدا كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانمۇ مۇراسىمغا ئالاھىدە دەبدەبە قوشاتتى. مۇراسىم ئاياغلاشقاندىمۇ بۇ توپا - چاڭ نەچچە سائەت يۇرتنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرۈپ، شۇ ھەيۋەتلىك مۇراسىمنى كىشىلەرگە ئەسلىتەتتى ھەم ئۇلارنى قايغۇغا سالاتتى. مېنىڭ بۇ مۇراسىمىمدا ئازراقمۇ توپا - چاڭ يوق بولۇپ، بۇ ھال جامائەت كوچىدىن ئۆتۈپ بولۇشىغا بۇ مۇراسىمنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن تامامەن ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. يەنە كېلىپ يول بويىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئالدىلىرىغا چىقىۋېلىشقان بۇ كىشىلەر بەدىنىنىڭ ئېغىرىنى ئوڭ پۇتىغا چۈشۈرۈپ بىزنىڭ تېزرەك ئۆتۈپ بولۇشىمىزنى - بىزنىڭ تېزرەك ئۇنتۇلۇپ كېتىشىمىزنى بىتاقەت بولۇپ كۈتمەكتە. ئۇلار

www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىدىكى بۇ خىل ھېسسىياتىنىمۇ يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى. شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ چىرايىدا كۆتۈشتىن ئەسەرمۇ يوق، ئۇلارنىڭ بىر تۈرۈپ بىزگە قاراۋاتقاندەك، بىر تۈرۈپ ھېچنەرسىگە قارىمايۋاتقاندەك بۇ خىل مۆرەككەپ ھالىتى كىشىنى گاڭگىرىتىپ قوياتتى.

ھازىردارنىڭ ئەمدى جىنازىغا ئۆزىنى ئاتقۇدەك دەرمانى قالمىغانىدى، مېنىڭ ئەھۋالىممۇ ئۇنىڭدىن بەتتەر بولۇپ، بىز ئايىغىمىزنى سۆرەپ زاراتكارلىقا - كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ ئۇزۇن بىر يىلاندەك ئالغا سۈرۈلەتتۇق. ماڭغانسېرى ماڭا جىنازىدا بىر ئادەم ئەمەس، ئىككى ئادەم باردەك بىلىنىدى، يېتىپ كەلمىگەن جىنازا كۆتۈرگۈچى چوقۇم بۇ ئىشنىڭ تولىمۇ جاپالىق بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلىۋالغان بولسا كېرەك، مەن شۇ تاپتا بولسىمۇ ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم، كىم بىلىدۇ، جىنازىدا جىنازا كۆتۈرگۈچى يېتىشۋالدىمۇ تېخى! ئۇلار بۇنداق ئىش قىلىشتىن ھەرگىز نومۇس قىلىپ ئولتۇرمايدۇ.

باشقا ئۈچ جىنازا كۆتۈرگۈچى بىر - بىرىدىن كۈچلۈك بولۇپ، يەلكىلىرىدە ھېچنەرسە يوقتەك ماڭاتتى. مەن دىققەت قىلىپ يېنىمدىكى جىنازا كۆتۈرگۈچىنىڭ مەندىن پاكار بولۇۋېلىپ، جىنازىنىڭ ئالدى تەرەپ ئېغىرلىقىنى پۈتۈنلەي ماڭا ئىتتىرىپ قويغانلىقىنى بايقىدىم. بۇ تولىمۇ نومۇسسىزلىق ئىدى. مەن قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭدىن ئېگىز بولالمايتتىم. بولالىغان بولسامۇ بۇنداق قىلىشنى خالىمىغان بولاتتىم. چۈنكى بۇ ساختىپەز ئەبلەخ مېنى كۆتۈرۈشكە ھارامزادىلىك قىلىۋاتقان بىلەن، مەن ئۆز - ئۆزۈمگە ھارامزادىلىك ئىشلەتسەم بولمايتتى. مەن قانداقلا ئويلاي يەنىلا بۇ جىنازىدا ياتقۇچى ئۆزۈم دېگەندىنمۇ خالىي بولالمايۋاتاتتىم. گەرچە ئۇ جىنازا كۆتۈرۈشتىن قېچىپ جىنازىغا چىقىۋالغان ئەبلەخ بولسىمۇ.

پېشانەمدىكى تەرلىرىمنى سۈرتۈپ ھازا ئاچقۇچىنى ئىزدەپ ئارقامغا قاراپ - قاراپ قوياتتىم. ئۇ بايىلا ئالدىمدا دەلدەڭشىپ كېتىپ باراتتى، ئەمدى ئۇ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندەك ئاقتىمۇ - كۆكتىمۇ يوق ئىدى. باشقىلار ئۇنى يىقىلىپ قالغان يېرىدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ جىنازىغا سېلىپ قويغاندەك. شۇ پەيتتە جىنازا شۇنچىلىك ئېغىر ئىدى. ئاڭلاشقا قارىغاندا، دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ گۇناھى قانچە ئېغىر بولسا مېيىتىمۇ شۇنچە ئېغىر بولارمىش.

دېمەك، مەن دۇنياغا كېلىپ ئەڭ ئېغىر گۇناھلارنى سادىر قىلغانىدىم. مەن كەيپىمنى چۈشۈرىدىغان بۇنداق خىياللارنى قىلماسلىققا تىرىشىپ، ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ ئېتىز - قىرلارنى، ئىشىك ئالدىلىرىغا چىقىۋېلىشقان سۆرۈن تەلەت ئادەملەرنى كۆرۈۋېلىشقا تىرىشتىم. گەرچە بۇ كىشىنى بىزار قىلسىمۇ.

ئۇلار بىزنىڭ تېزرەك ئۆتۈپ بولۇشىمىزنى كۈتمەكتە. ھازا ئاچقۇچىغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇنى تېپىشقا كۆزۈم يەتمىسىمۇ مەن ئەتراپىمغا قاراپ ئۇنى ئىزدەيتتىم، نېمىلا بولسۇن مەن خالاي - خالىماي ئۇ مەن ئۈچۈن خېلىلا دەرد تارتقانىدى.

قۇياش ئۇزلۇكسىز ئۆرلىمەكتە، ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى كۈنىدىكى بۇ مۇشەققەتلىك سەپەر تولىمۇ جاپالىق ئىدى. زاراتكارلىق بولسا تېخىچە كۆرۈنمەيتتى.

- بىز سىنىڭ سالماقراق بولۇشىڭنى تەۋسىيە قىلىمىز، - دېدى ئۇلار، - زاراتكارلىقا بالدۇر بېرىۋالغان بىلەن يەنە قېرى - چۆرىلەرنىڭ كېلىپ بولۇشىنى كۈتىدىغان گەپ.

ئۇلارنىڭ مېنى ئاستا مېڭىشقا ئۈندەۋاتقانلىقىنى تەستە چۈشەندىم، ئۇلار ئادەمنى تېخىمۇ چارچىتىۋېتىدىغان رىتىمدا مېڭىشقا باشلىدى.

- سولغا، - دېيىشتى ئۇلار بىر ئايلانمىغا كەلگەندە.

بىز ئاچا يولنىڭ سول تەرىپىگە بۇرۇلدۇق، بۇ يولنىڭ ئۇچى ئېتىزلىققا تۇتىشاتتى. بىز ئېتىزلىققا بارغۇچە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى جىگدە شاخلىرى جىنازىغا ئىلىنىشىۋېلىپ خېلى ئاۋارىچىلىق بولدى. بىز بىر كىچىك ئېرىقتىن ئاتلاپ يولدىن خېلىلا ئېگىز ئېتىزلىققا چىقتۇق. ئېتىزلىقنىڭ ئۇ چېتى كەڭ سايلىق ئىدى. بىز ساي بويىدىكى يېرىمىنى پەسىللىك كەلكۈن يالاپ گۇمۇرۇۋەتكەن بىر پارچە ئېتىزلىققا كەلگەندە ئۇلار:

- يېتىپ كەلدۇق، جىنازىنى قويۇڭلار، - دېدى.

بىز جىنازىنى قويدۇق. ئىچىدە ئادەم بار - يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن يوپۇقنى قايرىپ باققۇم كەلدى. لېكىن جامائەتنىڭ ئالدىدىلا بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. نېمىلا دېگەنبىلەن جىنازىنى قويۇش بىلەن قۇشتەك يېنىكلەپ قالدىم. مەن شۇ تاپتىكى ئىچ - ئىچىمنى قاپلىۋالغان، چۈشىنىپ بولمايدىغان قانائەت

ھېسسىياتى بىلەن ئارقامغا ئۆرۈلدۈم، ئۇلار سالماق قەدەملەر بىلەن چۆرەمگە ئۈن - تىنسىز يېغىلماقتا ئىدى. سەپىنىڭ ئاخىرىنىڭ كېلىپ بولۇشىغا خېلى ۋاقىت كېتىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇلارنىڭ جىنازىنى نېمىشقا بۇ يەرگە قويۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. چۈنكى بۇ زاراتكارلىق ئەمەس ئىدى. ئەتراپتا ھېچقانداق زاراتكارلىق كۆرۈنمەيتتى. مەن ئۇلارنىڭ مېنى بۇنداق يار بويىدىكى كىشىلەر تاشلىۋەتكەن ئېتىزلىققا دەپنە قىلىۋېتىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. بۇ چاغدا كۈنمۇ خېلى ئۆرلىگەن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى قىزغۇچ قۇياش ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىلىرىنى بەكمۇ ئۇزارتىۋەتكەن، ئۇلار ئېغىرىنى ئوڭ پۇتىغا چۈشۈرۈپ سىڭارىيان ھالەتتە ماڭا ئىپادىسىز بىر نەزەردە قارىشىپ تۇراتتى. خېلى ھازادىن كېيىن سەپنىڭ قۇيرۇقىمۇ كېلىپ بولدى، ئەمدى يول بويى چۇشۇپ قالغانلار بىر - ئىككىدىن كېلىپ سەپكە قېتىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ تولۇق كېلىپ بولۇشىنى كۈتۈشكە بىر كۈن يېتىشمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. كېلىپ بولغانلار ئۆز خىيالىدىكىنى تاپالمايۋاتقاندەك ئەس - يادى جايىدا ئەمەس بىر ھالەتتە ماڭا ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردى. ئۇلار ئوخشاشلا قارا كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، چىرايلىرىمۇ ئوخشىشىپ كەتكەچكە ھەممىسى بىر ئادەمنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىدەك كۆرۈنەتتى. مەنمۇ كۆرۈش دائىرەمگە سىغقان كىشىلەرگە بىزەڭلىك بىلەن چەكچىيىپ قاراپ تۇردۇم، ئۇلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بەكمۇ بىلگۈم بار ئىدى.

ئۇلاردىن بىر كىشى ئالدىغا چىقتى. بۇ كىشىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئادەمنىڭ كۆپەيتىلمىسى ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. چۈنكى ئۇ قانداق ھەرىكەت قىلسا باشقىلارمۇ شۇنداق ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇ كىشى ئوڭ قولى بىلەن ئوڭ قولىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

- گۆركار، - دەپ چارقىردى.

- گۆركار يوق، - دەپ جاۋاب بېرىشتى ئەتراپتىكى كىشىلەر تەڭ سۆزلەپ، - بىز بىر ھەپتە بۇرۇن ئۇنى تەكلىپ قىلغان، ئەمما ئۇ بۇ يەرگە كەلگۈچە مۇدۇرۇپ كېتىپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ. ئەلۋەتتە بۇمۇ بۈگۈن دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ پېشانىسىنىڭ كاجلىقىدىن بولدى، ياكى گۆركار يالغان ئېيتىپ ھەرقانداق گۆردىن چوڭقۇر كولىنىش تەلەپ قىلىنىدىغان بۇ گۆرنى كولاشتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقاندۇ. لېكىن بىز گۆركارنى ئەمەس، بەلكى دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ شور پېشانىسىنى ئەيىبلەشكە مەجبۇرمىز.

- مېنى بىرەر زاراتكارلىققا دەپنە قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، - دېدىم مەن. لېكىن بۇ گېپىمنىڭ ئوشۇقچە ئىكەنلىكى ئۆزۈمگە ئايان ئىدى.

- كەينىڭدىكى يارلىق ئەسلىدە زاراتكارلىق ئىدى، قەبرىلەرگە كەلكۈننىڭ نەزىرى چۈشكەن گەپ.

- ئۇنداقتا گۆر كولاپ ئاۋارە بولغاندىن مېنى ياردىن ئىتتىرىۋەتسەڭلارلا بولمامدۇ، مەن دەپنە قىلىنسامۇ بەربىر ئىككى كۈن ئۆتمەي ماڭا كەلكۈننىڭ نەزىرى چۈشىدۇ.

- سەن بىزگە ئاقساقاللىق قىلما، شۇنچىلا كۆپ ئادەم مۇھىم ئىشلىرىنى تاشلاپ ئەتىگەندىن بېرى سەن ئۈچۈنلا پايپېتەك بولدى. بۇلارنىڭ سېنى دەپنە قىلىشتىن باشقا ئىشى يوق دەپ ئويلامسەن، كەتمەننى قولۇڭغا ئال - دە، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ گۆرۈڭنى قاز. بىزنىڭ ۋاقتىمىز ئىنتايىن قىس، بىز بۇ يەردىن ئايرىلماي ساڭا مەدەت بېرىمىز.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى جىنازىنىڭ يوپۇقىنى قايرىپ بىر گۈرجەك، بىر كەتمەننى ئېلىپ كەلدى - دە، ئالدىمغا تاشلىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئاندىن گۆركارنىڭ كەلمەسلىكىدىن ئۇلار ئاللىقاچان خەۋەردار ئىكەن دەپ ئويلىدىم، بۇلارنىڭ يەنە نېمە ئويۇنى بارلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. مەن كەتمەننى ئېلىپ ئۇلار كۆرسەتكەن يار لېۋىگە يېقىن بىر يەرنى زەردە بىلەن چېپىشقا باشلىدىم. كەلمەي قويغان گۆركار ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن ياكى قانداقتۇر ئورۇنلاشتۇرۇلغان گۆركار دېگەن نەرسە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەستۇر. بۇلار ھىيلە ئىشلىتىپ دەپنە قىلىنغۇچىنى باشتا ئۆزىنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈشكە سالغان، ئەمدى بولسا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ گۆرىنى ئۆزىگە قازدۇرماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ نىيىتى مېنىڭ روھىمنى پۈتۈنلەي سۇندۇرۇپ تاشلاش، مەن ئۇ دۇنياغا بېرىشتىن بۇرۇن مېنى پۈتۈنلەي يەكسەن قىلىۋېتىش ئىدى.

مەن ئەمدى ئارقىمۇ ئارقا كېلىدىغان پېشكەللىككىلا ئېشىنىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ئۇلار يەنە قەستەن قەبرەمنى يار لېۋىگە قىستاپ قويغانىدى. بۇ دالىدا بىرەر قەبرە بولغان بولسا مېنى شۇنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىشسىمۇ بۇنچە غېرىبلىق ھېس قىلمىغان بولاتتىم. مەن قەبرە كولاش ھەلەكچىلىكىدە بولۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە

ئۇلار يەنە شۇ تۇرۇشى بىلەن گۇدۇڭلاپ تەپسىر ئوقۇيتتى. يەر بەك قاتتىق، يەنە كېلىپ جىنازا كۆتۈرۈپ چارچاپ كەتكەچكە ئىششىم ئانچە تېز يۇرۇشمىدى، كۈن خېلى ئۆرلەپ جامائەتنىڭ سايىسى خېلىلا قىسقارغانىدى. مەن يەرلىكنى يوتامغا كەلگۈدەك كولاپ بولغاندا كەتمەن كۆتۈرگۈدەكمۇ هالىم قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن كەتمەننى قويۇپ ئارام ئېلىشقا ئولتۇردۇم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى چىقىپ، چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن سايىسىنى ئۆلچەپ كۆردى، ئاندىن ئۇلار تەڭلا:

- بىزنىڭ ساڭا ئاجراتقان ۋاقتىمىز توشتى، - دېيىشتى.

مەن ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ جىمجىت تۇردۇم.

- كالتە ئۆمۈر بولساڭمۇ هەرهالدا ئارىمىزدا بىر ئەزا بولۇپ ياشىغانىڭ، بىزدىن نارازى بولغىنىڭ كۆزۈڭدىن چىقىپ تۇرىدۇ، لېكىن شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىزنىڭ سېنى رازى قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز يوق.

- مەندىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولساڭلار ئۈمىدىڭلار يەردە قالىدىغان بولدى.

- سەن هېچكىمدىن ئالمايتتىڭ هەم هېچكىمگە بەرمەيتتىڭ، چۈنكى ئالساڭ قايتۇرالمايتتىڭ.

ئۇلار گېپىنىڭ ئاخىرىغا بىر دۇرۇتنى ئۇلىۋەتتى، ئۇلار تەڭلا ئىشارەت قىلىپ، مېنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا چاقىردى هەم ئارىسىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن بوشاتتى. مەن ئۇ ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇم. بىرنەچچە ئايەتتىن كېيىن ئۇلار بىردىنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كولىنىپ بولمىغان يەرلىككە قاراپ ئولىشىپ كېلىشتى. مەن جامائەت قاينىمىدا قالدىم. قىستا - قىستاڭچىلىقتا ئۇياق - بۇياققا ئىتتىرىلىپ بىر چاغدا ئۆزۈمنى توپىنىڭ سىرتىدا كۆردۈم. ئوتتۇرىغا كىرىشكە قانچە تىرىشىپ باقساممۇ بەك چارچاپ كەتكىنىم ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆنۈمى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بوينۇمنى سوزۇپ بولۇۋاتقان ئىشلارغا هەيران بولۇپ قارايتتىم. ئوتتۇرىدا نېمە ئىش بولۇۋاتقىنىنى كۆرەلمىدىم. پەقەت خېلىغىچە چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. مەن ئۇلارنىڭ ئىشىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالدىم. دەپنە مۇراسىمىنىڭ مۇشۇ باسقۇچىغا كەلگەندە ئۇلار مېنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتكەنىدى. مەن بۇنى زادىلا كۈتمىگەنىدىم. بۇنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم هەم بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا قاراپ باقماقچى بولدۇم. ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى مېنىڭ ئورنۇمغا دەپنە قىلغىنىنى بىلىپ بولمايتتى ياكى ئۇلار تولۇق كولاپ بولۇنمىغان گۆرنى قايتا تىندۇرۇۋاتقاندۇ، مەن هەممىگە تەييار هالەتتە ئۇلارنىڭ هەرىكىتىگە قاراپ ئولتۇراتتىم. ئوتتۇرىدىن خېلىغىچە چاڭ - توزان ئۆرلەپ تۇردى، بۇ توزانلار سايىگە قاراپ ئۇچقاندا زور بىر تۇركۈم جامائەت كۆرۈنمەي قالاتتى. توزانلار تېخى تولۇق بېسىلماي تۇرۇپ ئۇلار يەنە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. خەتمە قۇرئان قىلغاندىكى ئاۋاز بارلىق ئېگىز - پەس ئاۋازلارنى سۈپۈرۈپ كەتتى. بىر ئايەتنى هەممىسى گۇدۇڭلاپ ئوقۇيتتى. تۈگىمەس ئارىنى جىمجىتلىق باستى. بۇ چاغدا ئۇلار دۇئاغا قول كۆتۈرگەنىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇندىن كېيىن «ئامىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەن يەر يۈزىدە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەستەك ماڭا دىققەتمۇ قىلماي ئەتراپىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. بىرەرسى چىقىپ «بىز دەپنە قىلىشقا ئېلىپ چىققان ئادەم بۇ يەردە تۇرىدۇ، قاراڭلار» دەپمۇ قويمىدى. مەن ئۇلاردىن بىرەرسى بولسىمۇ ماڭا دىققەت قىلار دېگەن ئۈمىدتە گەۋدەمنى كېرىپ، باشقىلار مېنى ئايلىنىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان هەم باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك بىر هالەتتە تۇردۇم. كۆزۈمنى بولسا تېخىمۇ چەكچەيتىپ هەربىر ئۆتكۈچىگە چەكچىيىپ قارىدىم. بارلىق ئورۇنۇشلىرىم بىكارغا كەتتى. ئۇلار ئاللىقاچان مېنى كۆرمەسلىككە پۈتۈشۈۋالغاندەك يېنىمدىن ئەگىپ ئۆتسىمۇ ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇلارنىڭ توپى شالاڭلاپ ئاخىر بىرنەچچىلا ئادەم قالدى. كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ كەتكەن، تەمتىرەپ ئاران ماڭىدىغان، زاراتكارلىقتا قانداق مېڭىپ كەلگىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىغان بىر كوسا قېرى ئالدىمغا كېلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئۇزۇن قاراپ كەتتى، ئاندىن ياقىسىنى تۇتتى ۋە ياقىسىنى تۇتقان قولىنى ماڭا ئۇزاتتى. مەن ئۇنىڭغا قولۇمنى بەردىم.

- لاغايلاپ يۈرمەي خاتىرجەم يات، - دېدى ئۇ ۋە ئەندىككەندەك قولىنى شارتلا تارتىۋالدى، ئاندىن هېچكىمگە گەپ قىلمىغاندەك سوڭنى قالمىغان كالىچىنى پۈتنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ سۆرەپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ كۆزىگە غايىب كۆرۈنۈۋاتقاندەك ئىككى تەرىپىگە سۈپكۈچلىدى، ئاندىن يەنە يولىغا چۈشتى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

قېرىنى دېمىگەندە ماڭا ھېچكىم دىققەت قىلمىغانىدى. ئۇ قېرىمۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر قىلىقلارنى قىلغاچقا ئۇنىڭ مېنى كۆرگەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمەيتتىم. دەبدەبە بىلەن باشلانغان دەپنە مۇراسىمى مانا مۇشۇنداق پېشكەللىك بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. كىشىلەرنىڭ ئايىغى تامامەن ئۈزۈلگەندە - قەبرە بېشىدىكى ئىككى ئادەمنى دېمىگەندە - ئاندىن قەبرە بېشىغا كەلدىم. ئەتراپتا بىرەر قەبرە بولمىسىمۇ ئۇلار بۇ قەبرىنى باشقا قەبرىلەرگە ئايرىلىشىپ كەتمىسۇن دېگەندەك جىگدە شېخىدا بەلگە قىلىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىغانىدى. راستىمنى ئېيتسام، كۆمۈلۈپ بولغان يەرلىككە قاراپ خۇددى بىرسى مېنىڭ ئۆيۈمنى تارتىۋالغاندەك بىئارام بولدۇم. مېڭەم قېيىپ، كۆزلىرىم تورلىشىپ كەتتى، دەپنە مۇراسىمىم ئۆتكۈزۈلۈپ بولغان تۇرۇقلۇق، بۇ دۇنيادا يەنە لاغايلاپ يۈرىدىغانلىقىمنى ئويلىسام كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولاتتى. مەن ئامال بار ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ شۇ تاپتىكى ھەقىقىي ئەھۋالىمنى بىلىپ يېتىشكە تىرىشتىم. «بۇ مېنىڭ قەبرەم، مەن ھازىر ئۇنىڭ ئىچىدە، ماڭا كۆرۈنۈۋاتقان بۇ ئەھۋاللار بولسا خىيالىي تۇيغۇ» دەپ ئويلىدىم مەن. «ئەلۋەتتە دەپنە قىلىنىش بىز ھايات چېغىمىزدا تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنداق قارا يەرنىڭ تېگىدە يېتىش ئەمەس»، «ئۇنداقتا پەرىشتە، مالايىكىلەر قېنى، ياق، مەن دەپنە قىلىنمىدىم». «سەن دەپنە قىلىندىڭ، يەر يۈزىدە لاغايلاپ يۈرگىنى بولسا سېنىڭ ئەرۋاھىڭ». «ئەرۋاھ دېگەن تەنسىز بولىدۇ، مېنىڭ تېنىمنى نېمە دەيسەن». «بۇ يەنىلا سەندىكى خىيالىي تۇيغۇ». «ئۇنداقتا، ھاياتلىقمۇ خىيالىي تۇيغۇمۇ؟»

مېڭەم چېگىشلىشىپ ھېچنەرسىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي قالدىم. شۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ئىشىنەتتىمكى، روھىم بىلەن تېنىم بىر يەردە ئىدى. قانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنىڭ دەپنە قىلىنىپ بولغانلىقىغا ئۆزۈمنى ئىشەندۈرەلمىدىم. مەن ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئۇلارنىڭ قۇرۇق گۆرنى تىندۇرۇۋەتكەنلىكىگە ئىشەندىم. ئەمما ئۇلارنىڭ شۇنچە دەبدەبىلىك دەپنە مۇراسىم ئۆتكۈزۈشى پەقەت بىر ئورىچەكنى تىندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈنمىدى. ئۇلارنىڭ سانى ھەتتا بىر تۇمەنگە يېتەتتى. شۇنچىۋالا ئادەم تاڭ سەھەردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مۇراسىم كىيىمى كىيىپ، تەرەت ئېلىپ شۇنچە تەقەززا بولۇپ ئۆتكۈزگەن بۇ مۇراسىمنى مۇشۇنچىلىك ئىشمىدى، پەقەتلا ئورەك تىندۇرۇش بولسا بۇ زادىلا ئەقىلگە سىغمايتتى. بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلىشىمگە ئەسلا كۆزۈم يەتمىدى، شۇڭا ۋاقىتىنچە «بىرنەچچە كۈن ئۆيدە ھاردۇقۇمنى چىقىرىپ، ئاندىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى گۆركارنى تېپىپ سورىمايمۇ، تېخىمۇ بولمىغاندا ھايات ۋاقتىمدىكىدەك بەھۇزۇر ياشاپ يۈرۈۋەرمەيمۇ، ئۇلار ئۆزى دەپنە قىلىشمىسا مەندە نېمە ئىلاج، بۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىك ئەمەستە» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم.

بۇ جاي ئەزەلدىن ئادەم تۈگۈل ئىنس - جىنمۇ كېلىپ باقمىغاندەك يەنىلا شۇنداق چۆل ئىدى. ئىككى ئادەم يېڭى تۇپراق بېشىدا ئولتۇرۇپ، خەتمە قۇرئان قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن بۇ ھىجراننىڭ ئۇلارغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇشلۇق ئىزدەپ بىھۇدە ئاۋارە بولدۇم. ئاخىر «بۈگۈنكى دەپنىگە ھەقىقىي ياللانغانلار پەقەت مۇشۇلار بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدىم. بۇلارنى تەكلىپ قىلىش ماڭا ھېچقانداق ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كەلمەيدۇ دەپ قارايتتىم. مەن ئۆلگەنىكەنمەن، بۇ دۇنيادىكىلەرنىڭ ماڭا ئاتاپ قىلغان بارلىق ئىبادەتلىرى مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. چۈنكى مەن دەل ئۆلگەن كۈنۈمگىچە قىلغان - ئەتكەنلىرىم ئۈچۈن ھېساب بېرەتتىم. بۇ دۇنيادىكىلەرنىڭ شۇنچە قىلغان ئىبادەتلىرى بەرىبىر ئىدى. دۇئا پەقەت دۇئا قىلغۇچىنىڭ ياخشى تىلىكىلا ئىدى. ھېچبولمىغاندا قارىماققا شۇنداق ئىدى. كىم بىلىدۇ، ئۇلار دۇئا قىلغان بولۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ مېنى قارغاۋاتامدۇ تېخى. بۇ دۇئاچىلارنى تەكلىپ قىلغاندىن جىنازا كۆتۈرگۈچى بىلەن گۆركارنى تەكلىپ قىلغان بولسا بۇنچە ھالىمدىن كەتمىگەن بولاتتىم. شۇڭا مەن بۇ دۇئاچىلارنىڭ ماڭا ياخشى تىلەك تىلىشىگىمۇ، جامائەتنىڭ ماڭا ياخشى تىلەك تىلەيدىغان ئادەمنى تەكلىپ قىلىشىغىمۇ ئىشەنمەيتتىم. گەرچە جامائەت ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرمىسىمۇ ئۇلار ئۆزىنى خېلى سورايدىغانلاردەك قىلاتتى. ئۇلار ئەستايىدىللىق بىلەن خېلى ئۇزۇن خەتمە قۇرئان قىلدى. ئۇلار شۇ تاپتا كېتىپ قالسىمۇ ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمىگەن بولاتتى. ياكى ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدىغاندۇ، دەپنە جامائىتى - بۇ جايغا ئىزىنىمۇ قالدۇرماي كەتكەن ئۇ كىشىلەر بۇنىڭدىن كېيىن زادى ئادەم ئۆلمەيدىغاندەك جىنازىنىمۇ ئالماي كېتىشكەنىدى، جىنازىنى ئالماي كەتكىنى بىر ھېسابتا ياخشى بولدى دەپ ئويلاپ قالدىم، چۈنكى

ئۇلار جىنازىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغان بولسا جىنازىنىڭ بىر تەرىپىنى ماڭا كۆتەرتكۈزمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ. مەن ھېلىقى ئىككى ئادەم دۇئا قىلىپ بولغۇچە بىرئاز تۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇم. «ئۇ دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ئوزۇقى دۇئا» دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلىغان، ئەگەر بۇ گەپ راست بولسا، ئۇلار مېنى راستىنلا قارغىمايۋاتقان بولسا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ماڭا پايدىسىمۇ تېگىپ قالار دېگەن تەمەدىنمۇ خالىي بولالمىدىم. چۈنكى مەن ئاچارچىلىقنىڭ تەمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان تېتىپ كۆرگەن، شۇڭا ئۇ دۇنيادىمۇ ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن ئازراق ئاۋارە بولغاننىڭ ھېچ يامىنى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئالدىمدا كېتىۋەرسە مەنمۇ ھايالشمايلا يېتىپ بېرىپ تاپشۇرۇۋالاتتىم.

ئۇلارنىڭ قىرائىتى ئۈزۈلگەنسېرى مەن ئۇلاردىن ناھايىتى مىننەتدار بولدۇم. ئۇلارنىڭ سېخىيلىقى ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇراتتى، ئۇلارنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرۇپ بەكمۇ ھېرىپ كەتتىم. «ھارامزادىلىكنى شۇنچىلا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتەمسەن» دەپ بۇ ئىككىسىگە بىر تۇرۇپ غەزىپىم كەلدى، چۈنكى ئۇلار ياللانغانلىكەن، لايىقىدا بىر ئىش قىلىپ قويۇپ كېتىپ قالسا بولاتتى، ئۇلارنىڭ بۇنچىلا كۆچەپ ئەزۋەيلەپ كېتىشىدىن ئەرۋاھىم ئۈچۈشقا، ھەتتا ئۇلارنىڭ مېنى قارغاۋاتقىنىغا ئىشىنىشكە باشلىدىم. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ باشتىكى خۇشاللىقلىرىم پۈتۈنلەي غايىب بولدى. مەن ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئالدىم. ئۇلارنىڭ دۇئاسى تۈگىمەسكە قالغانىدى. مەن ئىچىمدە ئۇلارغا مىڭ لەنەت ئوقۇپ كىشىلەر كەتكەن تەرەپكە قاراپ يولغا چۈشتۈم. كۈن خېلىلا تىكلەشكەنىدى. مەن شۇ تاپتا ئۆيگە بېرىپ، پۇت - قولۇمنى سوزۇپ ئوبدان بىر ئارام ئېلىۋېلىشنى ئويلايتتىم، بۇگۈنكى مۇراسىم بىرەر ھەپتە يېتىپ ئارام ئالسامۇ ئەسلىمگە كېلەلمىگۈدەك جۇلىقىمنى چىقىرىۋەتكەنىدى. مەن تېزلا چوڭ يولغا چىقىۋالدىم، شۇنىڭغا ھەيران قالدىمكى، كىشىلەر يەنىلا ئەتىگەنكى پېتى ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىدا گەۋدىسىنىڭ ئېغىرىنى ئوڭ پۇتىغا چۈشۈرۈپ سىگارىيان ھالەتتە بوشاپ قالغان ئۈچ - چېكى يوق كوچىلارغا قاراپ تۇرۇشاتتى. خۇددى دەپنە مۇراسىمىنىڭ ئاخىرى تېخى باردەك، ھەتتا مېنىڭ مۇشۇنداق ئوسال ھالدا قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى بىلىدىغاندەك، ئەمما ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ھېچنەرسىنى بىلگىلى بولمايتتى. يولدا بايا ئۆتكەن كىشىلەر

قوزغىۋەتكەن ئوت - خەس ۋە يوپۇرماقلار پىرىلداپ ئۇچۇشۇپ يۈرۈشەتتى. يول ياقىسىدىكى بىر ھويلىنىڭ سۇغۇچىدىن بىر مۈشۈك ئىككى ئاسلىنىنى ئەگەشتۇرۇپ چىقتى. ئىشىك ئالدىدىكى ئايال مۈشۈك چىقىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئۇنى «پىش - پىش» دەپ چاقىرىشقا باشلىغاندەك قىلاتتى. ئۈچ جانىۋار بولسا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلىمايۋاتقاندەك ئۇدۇل ئېرىق تەرەپكە قاراپ كېتىۋەردى.

ئۇلار ماڭا ئەسلا دىققەت قىلمىدى، خۇددى مۈشۈككە دىققەت قىلمىغاندەك. ئەمما ئۇلار دەل دەپنە مۇراسىمىنىڭ داۋامىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن مىدىرلىمىغانىدى. ئەمما مەن بىلەن ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. يول بويىدىكى تېرەك، جىگدىلەردىن بىرە - بىر يوپۇرماق ئاجرىلىپ يولغا، ئېرىققا پىرىلداپ چۈشەتتى. مەن ھارۋا چاقلىرى چوڭقۇر ئىز سالغان، تېزەك ۋە ماياقلار تېرىلىپ تۇرغان، مېنىڭ قىسقا ھاياتىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ ئەگرى - بۈگرى يولدا سۆرىلىپ، ھېرىپ تۇرغۇدەك ماغدۇرۇم قالمىغاندا ئۆيگە كېلىپ قالغانىدىم. ئىشىك ئەتىگەن مەن ئېچىپ چىقىپ كەتكەن پېتى تۇراتتى. قارىغاندا، ئۆيدىن تېخى ھېچكىم سىرتقا چىقمىغانىدى.

ئۆيگە كىرىش ماڭا بەك قىيىن تۇيۇلدى. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ بۇ ئوسال ھالىتىمنى قوشنىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ دەرھال ئىشىكتىن كىرىپ كەتتىم. بۇ ئۆيدە ماڭا ئورۇن قالمىغاندەك تۇيۇلۇپ نېمە ئىش قىلىشىمنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم. «مەن ئۆلگەن ئادەم، ئەمدى كېلىپ ئۇلارنى پاراكەندە قىلسام قانداق بولىدۇ» دەپ ئويلاپ قالدىم. مەنمۇ رىزقىم تۈگىگەن بۇ دۇنيادا بىر مىنۇت تەمتىرەپ يۈرۈشنى خالىمىغان بولاتتىم. ئەمما ئىشنى ئۇلار مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان تۇرسا مەندە نېمە ئامال، پەقەت ھاردۇقۇمنى چىقىرىۋېلىپ قايتىپ كەتسەم بولمىدىمۇ ياكى گۆركارنى ئىزدىشىمگە ئۆيدىكىلەر ياردەم بېرىپ قالار، دېگەن ئويلار بىلەن ئۆزۈمنى بەزلەپ ئۆيگە كىردىم. ئۆيدە ھېچقانداق ھازا ئالامىتى يوق ئىدى، خۇددى مەن ئېتىزلىققا قوي باققىلى چىقىپ كەتكەندەك. بىر تۇرۇپ بۇمۇ ياخشى بولدى، چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ بەك قايغۇرۇپ كېتىشىنى خالىمايتتىم. يەنە بىر تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قايغۇرمىغىنى بەكلا كۆڭلۈمگە كەلدى. شۇ تاپتا ئانام ئەس - يادى جايىدا ئەمەس بىر ھالەتتە ئوچاققا ئېسىلغان قازاندىكى

www.uyghurkitap.com

نېمىنىدۇر بىرنەرسىنى ئېلىشتۇرۇۋاتاتتى، قازاندىن قويۇق هور كۆتۈرۈلەتتى. ئوچاقتا ئوتۇن پاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭى موخوركا ئىسى بىلەن تولغانىدى. دادام سۇپىنىڭ ئۈستىدە دۇم ياتاتتى، مەن ئۇنىڭ يېنىغىراق بېرىپ ئۇنىڭ سۇپىدىكى كىگىزنىڭ بۇرجىكىنى قايرىۋېتىپ ئاغزىدىكى تاماكىنىڭ ئىسىنى بۇلۇڭدىكى ئورىغا پۈركۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئورىنىڭ ئىچىدىكى قانداقتۇر يىراق بىر يەردىن بىرسىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى كېلەتتى. بۇ دادامنىڭ چوڭ دادام بىلەن ئالاقە قىلىش ئۇسۇلى ئىدى.

بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتكەن بىر كېچىسى ئىشىكتىن هېچكىم چىقماي تۇرۇپ ئۆيدە بىر ئادەم كەم چىقتى. بىز ئەتىگەندە تورۇستىن ئۆتۈپ كەتكەن يامغۇر چېلەك، قاچىلارغا توكۇلداپ چۈشۈۋاتقان بىر پەيتتە، ئادەتتە كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان چوڭ دادامنىڭ يوقلۇقىنى تەستە بايقىدۇق. بەزى كۈنلىرى چوڭ دادام زادىلا كۆزگە كۆرۈنمەي بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈۋالاتتى، شۇڭىمۇ باشتا بىز چوڭ دادامنىڭ يوق بولۇشىنى بۇرۇنقىدەك ئىش دەپ قارىغانىدۇق. ئەمما نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ چوڭ دادام قايتا كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىزدەشكە كىرىشتۇق، لېكىن تاپالمىدۇق. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئانام ئورىدىن چامغۇر ئالماقچى بولۇپ ئورىنىڭ چوڭقۇر هاڭ بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيۇقسىز بايقاپ قاپتۇ. دادام شۇنىڭدىن كېيىن تاماكا چەككەنلىرىدە ئورىغا ئېڭىشىپ يېتىپ ئورىنى تۇكۇرۇك قاچىسى ئورنىدا ئىشلىتىدىغان بولدى. كىم بىلسۇن، ئۇ بىر كۈنى تاماكا ئىسىنى ئورىغا پۈركۈپ چوڭ دادامنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن چوڭ دادامنىڭ ئاشۇ يامغۇرلۇق كېچىدە غايىب بولغانلىقىنى پەرەز قىلدۇق. دادام ئورىغا بېشىنى تىقىپ:

— دادا، سەن هاياتمۇ؟— دەپ ۋارقىرىغانىدى.

— بالىلىرىم، مەن هايات، مەن بەكلا قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، مېنى تېزرەك تارتىۋېلىڭلار،— دەپ جاۋاب بەرگەنىدى چوڭ دادام. مۆلچەرىمىزچە چوڭ دادام 10 - 15 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىدەك قىلاتتى. چوڭ دادام پېشكەللىككە ئۇچرىغان مۇشۇ پەيتتە دادامنىڭ بىر هىيلە - نەيرەڭ ئىشلەتكۈسى كېلىپ قالدى. بۇ كۈنى دادام ئانامغا:

— دادام پۈتۈن ئۆمرىنى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكۈزدى. چوڭ دادام بولسا ئۇنىڭغا بىر كوزا زىخچە ئالتۇن قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن، دادام ئۇ بايلىقنى كوممۇنا يىللىرى ئۆلگۈدەك تاياق يەپمۇ تاپشۇرمىغانىكەن، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىمۇ شۇ بىر كوزا ئالتۇن ئۈچۈن نەچچە ئىتنىڭ تايىقىنى يەپتۇ. بۇ قېرى مېڭىسىگە تاياق يەپ كېتىپ، ئۇ ئالتۇنلارنى بۇ دۇنيادا خەجلىگىلى قويمىسا ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىپ خەجلەيمەن دەپ ئويلاۋاتسا كېرەك، بۇ قېرىنى ئىقرار كەلتۈرىدىغان پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ بايلىقنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى دەپ بەرمىسە ئۇنىڭ ئورىدىن چىقنىمەن دېيىشى ئۇخلاپ چۈشى،— دېدى. ئاندىن بۇ ئەقىلنى ئويلاپ تاپقان بېشىنى ئىخلاس بىلەن سىلاپ قويدى.

— لېكىن دادىسى،— دېدى ئانام،— شۇنچە ئۆلگۈدەك تاياقلارمۇ ئىقرار كەلتۈرەلمىگەن ئۇ بايلىقنى بىزگە دەپ بېرىشىگە هېچ كۆزۈم يەتمەيدۇ.

— ئۇ بۇرۇن ياش ئىدى، شۇڭىمۇ ئۇ تاياقلار ئۇنىڭغا كار قىلمىغان. هازىر ئۇ قېرىپ كاردىن چىقتى، ئۇنىڭ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئاۋازىدىن بىلمىدىڭلارمۇ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ دەپ بەرمىگىنىنى بىر كۆرەي.

دادام بۇ گەپلىرىنى چوڭ دادامنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرىمەي يۇقىرى ئاۋازدا دېدى، ئاندىن ئورىغا بېشىنى تىقىپ چوڭ دادام بىلەن سودىلىشىشقا باشلىدى.

— دادا، سەنمۇ بىلىسەن، بىز نامراتلىقتىن ئىتنىڭلا كۈنىنى كۆردۇق. ئادەمدەك بىرەر كۈن ياشاپ باقمىدۇق، سەن چوڭ دادام قالدۇرۇپ كەتكەن بايلىقنى خىراجەت قىلىپ كۈنىمىزنى ياخشىلاشنى ئويلاپ باقتىڭمۇ، مەن مەسچىتنىڭ ئىمامىدىن سورىدىم، ئۇ دۇنياغا بايلىق ئېلىپ كەتكىلى بولمايدىكەن، بارغان ئادەم بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن ساۋابلىرىنى پۇلغا تېگىشىپ خەجلەيدىكەن، ئەگەر گۇناهى بولسا گەدىنىگە قەرز يۈكلىنىپ، ساۋاپنىڭ پۇلىدىن تۆلەپ قىلىنىدىكەن. ئەگەر گۇناهى ساۋابىنى بېسىپ كەتسە، قەرزى تۈگىگىچە باشقىلارغا قۇل بولۇپ ئىشلەيدىكەن. سېنىڭ بۇ دۇنيادا شۇنچە تاياق - توقماقلار ئاستىدا ياشاپ كەلگىنىڭمۇ كۆپ ساۋابلىق ئىش. سېنىڭ ئۇ دۇنيادىكى پۇللىرىڭ ئېشىپ - تېشىپ تۇرامدۇ، كىم بىلىدۇ. تېخى سەن ئۆز ئەجىلىڭ بىلەن ئەمەس، شېھىتلىك بىلەن ئۆلىدىغاندەك تۇرىسەن. بۇ قېتىم ئورىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈشۈپ كەتكىنىڭ دەل شۇنىڭ بېشارىتى، ئەگەر شىبھەت بولساڭ ئۇ دۇنيادىكى پۇللىرىڭ كەڭتاشا دېگەن گەپ. لېكىن ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۇ دۇنيادا قانچىلىك پۇلۇڭ بولسىمۇ بىزگە بىر پۇڭمۇ ئەۋەتىپ بېرەلمەيسەن. چوڭ دادامدىن قالغان پۇللارنى دەپ بەرسەڭ شۇ پۇل بىلەن ئادەمدەك بىر ياشاپ باقساق نېمە بولار. بۇ پۇللارنى كەمبەغەل ئەۋلادلىرىڭغا قالدۇرۇشمۇ چوڭ ساۋابلىق ئىشقۇ، دېمەك، بۇ پۇللارنى بىزگە بەرگىنىڭ ئەمەلىيەتتە دەل ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتكىنىڭ ئەمەسمۇ، ياخشىراق ئويلىنىپ باق. سەن بايلىقىڭ ئورنىنى دەپ بەرمىسەڭ مەن سېنى تارتىپ چىقارغۇدەك ماغدۇرغا قانداق كېلىمەن، سېنى تارتىپ چىقىرىدىغان تاننى قانداق سېتىۋالىمەن، بۇلارنى ئويلاپ كۆردۇڭمۇ؟

ۋارقىراپ سۆزلەيمەن دەپ كۈچەشتىن دادامنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ بىرەر جاۋاب بولارمىكىن دەپ يەنە ئورىغا بېشىنى تىقتى. چوڭ دادام ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك پەقەتلا يەنە شۇ گېپىنى تەكرارلىدى، گېپىدە قاتتىق بىر ئەنسىزلىك بار ئىدى.

— مەن بەكلا قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، مېنى تېزرەك تارتىۋېلىڭلار.

— بۇ تەرسا قېرىنىڭ ئىمانغا كېلىشىگە ھېچ كۆزۈم يەتمىدى، — دېدى دادام لەسسىدە بولۇپ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ چوڭ دادامنى تارتىپ چىقىرىشقا لازىملىق تاننى سېتىۋېلىپ، تاننى چوڭ دادامنىڭ قولى يېتىشكە ئاز قالغۇدەك ئارىلىققا ساڭگىلىتىپ كۆز - كۆز قىلسا، چوڭ دادامنىڭ بايلىقنى دەپ بېرىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئويلاپ بىر تانا سېتىۋالماقچى بولدى. دادام ئانامنىڭ بۇ ئىسراپچىلىقنى توسۇشىغا پىسەنت قىلماي:

— كەلگۈسىدىكى زور بايلىققا ئازراق مەبلەغ سالغاننىڭ ھېچ يامىنى يوق، — دېدى. ئەمما ئائىلىدىكى دەتالاش تاكى سىرتقا يېيىلىپ كەتكۈچە داۋاملاشتى. دادامنىڭ چوڭ دادامنى ئورىغا مەڭگۈ مەھكۇم قىلىپ قويغۇسى بولماسلىقى مۇمكىن، تاننى كۆز - كۆز قىلىپ بايلىققا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىشتىن باشقا، ئۇ تەرسا قېرى ئىقرار كەلمىگەندە تانا يەنىلا ئۇنى تارتىپ چىقىرىشقا لازىم بولاتتى. ئۇ يەنە چوڭ دادامنىڭ ئۇنۇمى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان قارغاشلىرىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئانامدىن يوشۇرۇنچە كاتتىكى بۇغداي ئارىسىدىن ئون يۈەن پۇل ئېلىپ مېنى ئەگەشتۈرۈپ بازارغا باردى.

— بۇ تانا دەل ئون يۈەن، — دېدى مىلىچمالچى ساختا ھىجىيىپ. ئۇ تانىسىنى دادامنىڭ كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ كۆز - كۆز قىلدى، — بۇ تانا شۇنداق پۇختا، بىر بوۋاينى ئەمەس، بىر ئۆكۈزنىمۇ ھەرقانداق يەردىن تارتىپ چىقىرالايدۇ.

دادام تانىغا قولىنى ئۇزاتتى.

— ياق، — دېدى مىلىچمالچى بېشىنى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن چايقاپ، — بۇ تانا بىلەن سىز نۇرغۇن بايلىقنى تارتىپ چىقارماقچى، بۇ ئىش پۈتۈن بازارغا پۇر كەتتى. شۇڭا ھېچكىم سىزگە تاننى ئەللىك سومدىن تۆۋەن سېتىپ بېرەلمەيدۇ.

— چاقچاق قىلىشقا ۋاقتىم يوق، تاننى ئەكەل، — دېدى دادام ئۇنىڭغا ئون يۈەن پۇل تەڭلەپ. مىلىچمالچى تاننى دۇكىنىنىڭ بۇلۇڭىغا تاشلىدى:

— بازاردىكى تانىلارنىڭ باھاسى ئەللىك يۈەنگە ئۆسكىلى نەچچە كۈن بولدى. بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز يوق ئوخشىمامدۇ، ئەتە قانچىگە ئۆسىدۇ، بۇنى بىر خۇدا بىلىدۇ، شۇڭا ۋاقتىدا بىرنى سېتىۋېلىڭ.

دادام مېنى باشلاپ يەنە بىر مىلىچمالچىغا يولۇقتى، ھەممىسى تەڭ كېلىشىۋالغاندەكلا ئەللىك يۈەن دەپ تۇرۇۋالدى، يەنە تېخى بۇ تانىلار بىر - بىرىدىن قىسقىراشقا باشلىغانىدى. بۇلارنىڭ چوڭ دادامنى تارتىپ چىقىرىشقا يېتىش - يەتمەسلىكىنى تېخى بىلمەيتتۇق. دادام ئۆيدىكى دەتالاشنىڭ سىرتقا يېيىلىپ كەتكىنىدىن قاتتىق پەرىشان بولدى، شۇنداقتىمۇ بوشاشماي «ناھىيە بازىرىغا بېرىپ باقايلى، ئائىلىمىزنىڭ داڭقى ئۇ يەرگىمۇ يېتىپ بارمىغاي ئىنلاھىم» دېدى. بىز خېرىدار ساقلاپ كۈچلۈك كۈن نۇرىدا ئادەمنىڭ قېقىغا ئايلىنىپ قالاي دېگەن بىر شوپۇرنىڭ يېنىغا باردۇق. ئۇنىڭ ئادەتتە توپا، شېغىل توشۇشقا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تىپلىق ئۈستى ئوچۇق ماشىنىسى يەنە ئىككى ئادەم چىقسا توشاتتى، ئۇ ھىجىيىپ بىزنى ماشىنىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى، ئادەتتە كىشىلەر بۇ ماشىنىغا ئەرزان دەپلا چىقاتتى. بىز چىقىپ جايلاشتۇق، شوپۇر خېرىدارلاردىن بىر يۈەندىن پۇل يىغدى، بىزگە كەلگەندە:

— سىلەر بەش يۈەندىن ئون يۈەن تاپشۇرۇڭلار، — دېدى.

— نېمىشقا باشقا خەق بىلەن ئوخشاش پۇل

ئالمايسەن، ـ دېدى دادام تېرىكىپ، ئاندىن شاپاق دوپپىسى بىلەن يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى.

ـ سىلەرنى قانداقمۇ باشقا يولۇچىلارغا سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟! سىلەر دېگەن كۆپ نەپ ئېلىپ كېلىدىغان بىر تانا سېتىۋالماقچى بولۇپ ناھىيە بازىرىغا بارىسىلەر - دە! ـ دېدى شوپۇر.

ـ ئادەم ئەمەس، خۇمسى نېمىكەنسەن، ـ دادام شۇنداق دەپ ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتتى.

ـ ئەينەككە قارىساڭ خۇمسىنى كۆرىسەن، ـ دېدى شوپۇر مېنى دۈشكەلەپ ماشىنىدىن چۈشۈرگەچ. مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ بولۇشۇمغا شوپۇر مېنى دادامغا قارىتىپ ئىتتىرىۋەتتى، دادام مېنى تۇتۇۋېلىپ:

ـ ناھىيە بازىرىغا بارغۇچە ماشىناڭ ئاغدۇرۇلۇپ، بىرسىڭمۇ ھايات قېلىشمىغايسەن، ئىلاھىم، ـ دېدى. ماشىنىدىكى چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش ھەممىسى بىزگە تىل ياغدۇرۇشقا باشلىدى. دادام بەنقىلىق بىر ھەرىكەتنى قىلىۋېتىپ:

ـ سەن ئۆيگە كەت، مەن بازارغا پىيادە بېرىپ تانا ئەكېلەي، ـ دېدى ماڭا.

كەچتە دادام سەپرايى ئۆرلىگەن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئائىلىمىزنىڭ داڭقى ناھىيە بازىرىغىمۇ يېتىپتۇ، بىز ئۈچۈن تانىنىڭ باھاسى ناھىيە بازىرىدىمۇ ئوخشاش ئىكەن، ئۇ بازاردا بەش مولۇق گىردە بىلەن بەش مولۇق لەڭپۇڭ يەپ لەڭپۇڭچىنىڭ تونۇپ قېلىشى بىلەن ئون يۈەن تۆلەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بىز تانىغا ئېرىشەلمىدۇق، چوڭ دادام بولسا تانىنى كۆرمىگۈچە بايلىقىنىڭ قەيەردىلىكىنى دەپ بەرمەيمەن دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ چوڭ دادام ئورىنى مەڭگۈلۈك ماكان قىلدى. بەزىدە خۇيى تۇتۇپ قالسا بايلىقنى ئۇ يەردە، بۇ يەردە دەپ دادامنى بىھۇدە ئېتىز - ئېرىقلارنى، ئۆينىڭ ئەتراپلىرىنى قازدۇراتتى. ئۆينىڭ تورۇسىدىكى ياغاچنىڭ ئىچىدە دەپ ئۆينىمۇ بىر قېتىم ئاچقۇزدى، دادام دائىملا بايلىق تېپىلمىغاندىن كېيىن ھېرىپ - چارچاپ كىرىپ ئورىغا زەھەرلىك تىللارنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. كېيىن چوڭ دادام نېمىلا دېسە ئىشەنمەس بولدى، ئېھتىمال كېيىنكى گەپلىرىنىڭ بىرەرسى راست بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئەمدى دادامنىڭ يەنە سىناپ كۆرۈشكە ماجالى قالمىغانىدى. كېيىن چوڭ دادام سوئال سورىساقمۇ جاۋاب بەرمەيدىغان بولدى، كىشىلەر تانىنى نېسىگە ساتىمىز دەپ ئىشىك ئالدىغىمۇ ئېلىپ كېلىشتى، ھەتتا بوۋاينى تارتىپ چىقىرىشىپ بەرمەكچىمۇ بولۇشتى، لېكىن بىر - بىرىگە ئۇلاپ شۇنچە ئۇزارتىلغان تانىلارمۇ بوۋاينى تارتىپ چىقىرىشقا يەتمىدى. ئىشقىلىپ چوڭ دادام تېخىچە ھايات ئىدى. ئۇ ئەمدى ئورىغا كۆنۈپ قالغان بولسا كېرەك، شۇڭا بىزگە بۇرۇنقىدەك يېلىنىپ - يالۋۇرمايتتى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ دادام چوڭ دادامنى ئەسلەشكە باشلىدى، دادام شۇنچىلا ئىش قىلسىمۇ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىمىدى، دېمەك، چوڭ دادام ئۇنىڭ قانچىلىك يامانلىقىنى كۆرسىمۇ ئۇنى قارغىمىغانىدى. دادام بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندى، بىر كۈنى دادام ئورىغا بېشىنى تىقىپ ۋارقىرىدى:

ـ دادا، بىز سەندىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايمىز، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى كەچۈر. بىزنىڭ سېنى تارتىپ چىقىرىشتا ھېچقانداق يامان نىيىتىمىز يوق، پەقەت بۇرۇنقىدەك ئۆتسەك دەيمىز، ئۇنداق قىلماي تانىنىڭ ئۇچىنى تۇت.

چوڭ دادام كاجلىق قىلىپ ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى، ئاخىر دادام نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ياردىمىدە بېلىنى باغلاپ، مەشئەل كۆتۈرۈپ، تانىنى بولدى دېمىگۈچە چۈشۈرۈۋېرىشنى ئېيتىپ ئورىغا چۈشتى. نەچچە ئون مېتىر تانا ئورىغا كىرىپ كەتتى. لېكىن ھېچقانداق جاۋاب بولمىدى، كىشىلەر تانىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنى تۇتۇپ كۆپ ساقلىدى، ئاندىن تانىنى تارتىپ چىقاردى، دادام ئورىدا ئۆزىنىڭ ھېچنەرسە كۆرەلمىگەنلىكىنى، شۇنچە چاقىرسىمۇ ھېچقانداق جاۋاب بولمىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭدىن كېيىن دادام ئورىغا بىرەر سائەت تاماكا ئىسسىنى پۈركۈپ چوڭ دادامنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىلا تەسەللى تاپىدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا ئانام:

ـ ئىپلاس مۇناپىق، داداڭنىڭ ئۆپكە كېسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتاي دەمسەن، يەنە قان تۈكۈرسۇن دەمسەن، ئۇنى ئارامىدا قوي، ـ دەپ دادامغا كايىيتتى، بۇ ئانامنىڭ چوڭ دادامغا كۆيۈنگىنى ئەمەس، بەلكى دادامنى تىللاپ قورسىقىنى بوشىتىۋېلىشقا ئوبدان باھانە تاپقىنى ئىدى. ئانام نېمىلا دېگەنبىلەن چوڭ دادامغا كۆيۈنۈپ يەنىلا بىر ئىش قىلىپ بەردى، يەنى ئۆيدىكى ئەخلەتلەرنى سىرتقا ئەمەس، بەلكى ئورىغا تۆكىدىغان بولدى، ئۇ بۇنى چۈشەندۈرۈپ:

ـ بىرىنچىدىن، ئورا تىندۇرۇلسا ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىز يىقىنلىشىشى مۇمكىن؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ئەخلەتلەردە جانغا ئەسقاتىدىغان ئوزۇقلۇق بار، ئەخلەتخانىدىكى تولۇمدەك سەمرىپ كەتكەن چاشقانلارنى كۆرگەنمىدىڭ، ئەلۋەتتە داداڭ بۇ ئوزۇقلاردىن بەھرىمەن بولسا ئۆزۈنراق جان ساقلىشىغا پايدىسى بار. بەھرىمەن بولمىسىمۇ زىيىنى يوق، چۈنكى بۇ ئەخلەتلەر بەربىر تۆكۈۋېتىلىدۇ ئەمەسمۇ، - دەيتتى.

ئۇ دادام بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان چاغلىرىدا بۇ ئىشنى دادامغا قىلىپ بەرگەن چوڭ ئىشىدەك داۋاملىق دادامنىڭ يۈزىگە سالاتتى. ھەتتا «ھېلى بىكار مەنمۇ ئورىغا كىرىۋالىمەن» دەپ ئورىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولاتتى. لېكىن بۇ ئۆيدە بۇ ئورىدىن ھەممىدىن بەك قورقىدىغان ئادەم يەنىلا ئانام ئىدى.

چوڭ دادام مانا شۇنداق ئورىغا مەڭگۈ ماكانلىشىپ كەتكەنىدى.

مېنىڭ ئۆيگە كىرىشىم ئۇلاردا ئازراقمۇ ئىنكاس پەيدا قىلمىدى، ئۆيگە ھېچكىم كىرمىگەندەك ئۇلار ئۆز ئىشى بىلەنلا ئىدى، مەن ئىككى قولۇمنى ئاغزىمغا كانايچە قىلىپ:

- دادا، ئانا، - دېسەممۇ ئۇلار يەنىلا دىققەت قىلمىدى، ئاخىر ئانامنىڭ قۇلىقىغا كېلىپ گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

- گۆركار يەرلىكنى تەييارلاپ قويمىغاچ ئۆيدە بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىپ تۇراي دەپ كەلدىم.

- داداڭ كىمنى ئالسا ئاناڭ شۇ، - دېدى دادام بۇلۇڭدا قەھرى بىلەن، - ئاخىرىدىكى گېپى بولمىغىنىدا ئۇنى چوڭ دادامغا گەپ قىلىۋاتىدۇ دەپ قالغان بولاتتىم، - نېمانچە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ كېتىسەن.

- سەپرا چوشقا، - دېدى ئانام غۇتۇلداپ، مەن ئۇنىڭ بۇنداق دېگىنىنى ئاغزىنىڭ مىدىرلاش ھالىتىگە قاراپ بىلىۋالدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېچقانداق ئاۋاز چىقارمىغانىدى.

- كۆمۈشتىن باشقا ھەممە ئىش تۈگىدى، - دېدىم مەن.

- بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى، - دېدى ئانام ئاغزىنىڭ ئۇچىدا گەپ قىلىپ.

- رەھمەت، - دېدىم مەن.

- ئۇلار سېنى نېمىشقا كۆممەيدىكەن، بۇ بىر ئوچۇقتىن - ئوچۇق ناھەقچىلىكقۇ، - دېدى دادام بۇلۇڭدىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ.

مەن ھەممە ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم، ئاندىن:

- بەكلا ھېرىپ كەتكەچكە بىرنەچچە كۈن ھاردۇق چىقىرىۋالاي دەپ كېلىشىم، - دېدىم.

- بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى، - دېدى دادام ئانامنىڭ گېپىنى تەكرارلاپ.

- ئانا، مېنىڭ رىزقىم راستتىنلا تۈگىدىمۇ؟ - دېدىم مەن، بۇ دۇنيادا زادى ھەققىم قالمىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەي.

- بىز ئەسلى سېنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشىڭنى كۈتمىگەنىدۇق. رىزقىڭغۇ ئەسلىدىن يوق ئىدى، ھەرھالدا باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن يورۇق دۇنيانى خېلى كۆردۈڭ، مانا بۇ سەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ غەنىيمەت، - دېدى ئانام.

- سىلەر بىر تەكىيگە باش قويغاندا ھۇزۇرلىنىشقىلا بېرىلىپ كېتىپ، مېنىڭدەك بىر ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىنى ئويلىمىغانمىدىڭلار؟

- ئۇ كۈنى سېنىڭ تۆرىلىپ قالىدىغانلىقىڭنى ئالدىن بىلگەن بولساق ھەرقانداق ھۇزۇر - ھالاۋەتنىڭ مېھرىدىن كەچكەن بولاتتۇق. خۇدا گۇناھىمىزنى كەچۈرەر، - دېدى ئانام. - بۇنداق ئالدىنى ئېلىش ھېچقانداق بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ھەرقانداق ئىشنى ئالدىن بىلىشكە بىزنى ھەۋەس قىلمايدۇ دەمسەن. ئەگەر مەن ئالدىن بىلگۈچى بولسام داخانلىق قىلىپ كۈنىمىزنى گۇلدەك ئۆتكۈزگەن، سېنىڭ دۇنياغا رىزقىڭ بىلەن تۆرەلگەن - تۆرەلمىگىنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىغان بولاتتىم. داخانلارنىڭ جىنلىرىتىمۇ يالغانچى بولۇپ كەتكەچكە كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىدىن قۇرۇق قالدى. لېكىن مەن يەنىلا ئەڭ ئىشەنچلىك بىر داخانغا «بىزنىڭ ئائىلىگە دائىر بېشارەت بولسا ماڭا دەپ قويۇڭ، راستلىقى ئايدىڭلاشسا پۇل بېرىمەن» دەپ نەرخىنىمۇ سۆزلىشىپ قويغانىدىم. سەن قورسىقىمدا تۆت ئايلىق بولغاندا مەن تېخىچە سېنى تۇغۇش - تۇغماسلىق توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتىم. بىر كۈنى ئۇ «بۇ بالىنى تۇغۇڭ» دېدى. سەن تۇغۇلدۇڭ. لېكىن رىزقىڭ يوق بولۇپ قالدى. ئەھۋال مانا شۇنداق.

- سەن بىر شۇم پېشانە، - دېدى دادام كۆڭلۈمنى ئاياپ ئولتۇرماي، ئۇ ئورىدىن تۇرۇپ ئوچاق بېشىغا كەلدى، - سەن ئۆزۈڭنى جاھاندا بىر سانىما، بىر ئادەمنىڭ ئورۇقدىنىدا بىر مەملىكەت بولغۇدەك بالا بولىدۇ. سەن شۇ بالىلارنىڭ ئەڭ نەس باسقان بىرسى.

- سېنىڭ دۇنياغا كېلىشىڭدىن ھەتتا

خۇدانىڭمۇ خەۋىرى بولمىسا كېرەك، ئادەم بۇ دۇنياغا رىزقى بىلەن كېلىدۇ، لېكىن سەن تۇغۇلغاندا كۆكسۈمگىمۇ سۈت كەلمىگەن. ئەگەر سېنى بىھوشلۇق ھالىتىدە تۇغقان بولسام ئۆزۈمنىڭ تۇغقىنىغا ھەرگىز ئىشەنمىگەن بولاتتىم، سەن بوۋاق چېغىڭنى كالا سۈتى بىلەن ئۆتكۈزگەن.

– موزاينىڭ ھەققى بىلەن،– دېدى دادام چېكىپ تۈگىگەن تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى مىجىقلاپ ئولتۇرۇپ.

– مەن پات - پات باشپاناھسىز قالغان موزايدەك سوزۇپ مۆرىگۈم كېلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم،– دېدىم مەن. ئاندىن غېرىب - مىسكىن موزايدەك كەينى - كەينىدىن بىرقانچىنى مۆرىۋەتتىم.

– موزايدىنمۇ قاملاشتۇرۇپ مۆرىدىڭ،– دېدى ئانام.

– قوتانغا سولاپ قويساق تېخىمۇ بەلەن مۆرىگەن بولاتتىڭ،– دېدى دادام.

– سەپرا چوشقا،– دېدى ئانام ئۈنسىز غۇتۇلداپ.

– مەن مەيلى قانداق دۇنياغا كەلگەن بولسام شۇنداق كەلگەن بولاي، موزاينىڭ رىزقى ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېگەن بولاي، زادى مېنىڭ تۆرىلىشىمدە كىم ئەيىبلىك؟– دېدىم تەرسالىق بىلەن.

– بۇ ئاناڭنىڭ سەۋەنلىكى،– دېدى دادام گېپىنى كېسىپ ئېيتىپ.

– يوق يەپسەن،– دېدى ئانام ئېرەنشىمىگەن بىر قىياپەتتە،– سېنى تۇغقۇچە ۋە چوڭ قىلغۇچە دەردنى يەتكۈچە تارتتىم. سەن مانا مۇشۇنىڭدىن سېنى خۇدانىڭ مېنى جازالاش ئۈچۈنلا ياراتقانلىقىنى بىلىۋالالايسەن. سەن تۇغۇلغاندا كۆكسۈمگە سۈتنىڭ كەلمىگىنىگىلا قاراپ باقمامسەن، خۇدا مېنى جازالاشنىلا ئويلاپ سېنىڭ رىزقىڭنى يارىتىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان گەپ، سەن پەقەت خۇدانىڭ مېنى جازالاشتا ئىشلەتكەن ۋاستىسى. خۇدا مېنى جازالاپ بولۇپ سېنى تاشلىۋەتتى، خۇددى ئىشلىتىلىپ بولغان تەرەت چالمىسىنى تاشلىۋەتكەندەك.

ئانام ئەمدى سۆزلەشتىن توختاپ قازاننى ئېلىشتۇرۇشقا باشلىدى.

– مەن بەكلا چارچاپ كەتتىم،– دېدىم بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىمنىڭ ئەخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ لەسسىدە بولۇپ.

– ھازىر ھاۋا بەك ئىسسىق، پۇراپلا قالىماڭ قانچىلىك تۇرساڭ ئىختىيارىڭ،– دېدى دادام سۇپىغا يانپاشلاپ.

دادامنىڭ گېپى بىلەن تەڭ ئانامنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى.

– بۇ ئۆي سېنىڭ گۆرۈڭ ئەمەس، ئۇلار سېنى نېمىشقا كۆممەيدىكەن، ئارقامدىن ماڭ،– دېدى ئۇ چۆمۈچنى قازانغا تاشلاپ. قازاندىن ھەممىمىزگە قىزىق ئاش چاچرىدى. ئانام چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ بىردەمدىلا ئىشىك يېنىغا بېرىپ قالدى.

– داداڭنىمۇ ئۆلۈكمىكىن دەپ گۇمانلىنىمەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىشىلەر بىر ئۆلۈك بىلەن ياشاۋېتىپسەن دەپ مېنى تىرىك كۆمۈۋەتمىگىدى دەپ ئەنسىرەيمەن. ئۆلۈك بىلەن بىرگە ئۆتۈش شەرىئەتكە خىلاپ. لېكىن بەزىدە ئۆزۈمنىمۇ رىزقىم تۈگەپ بولغاندەك ھېس قىلىمەن. ئىشلار مانا شۇنداق مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنى قانچە ئويلىساڭمۇ بىكار.

ئانام شۇنداق دەپ دادامنىڭ ئارقىمىزدىن:

– زۇۋانىڭنى يىغ قانجۇق، ھېلى بوغۇزلىۋېتىمەن،– دەپ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. شۇنچە چارچاپ كەتكەن بولسامۇ كۈچىنىپ ئانامغا يېتىشىپ مېڭىشقا تىرىشتىم.

ئانام تېزلىك بىلەن بىر تار كوچىغا بۇرۇلدى، مەن ئۇنىڭ مېنى نەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مەن باشتا مېنى زاراتكارلىققا باشلاپ بېرىپ ئۆزىلا كۆمۈۋېتەمدۇ نېمە، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمدى بولسا بىز باشقا تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا ئۇ مېنى نەگە باشلاپ بارىدىغاندۇ دەپ ھەيران بولدۇم. ئۇ شۇنداق يوغان ھەم تېز قەدەملەر بىلەن مەھەللىمىزدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ئۆرۈلۈپ ماڭا بىر قارىۋېتىپ كەينىمدىن كىر دېگەننى ئىشارەت قىلىپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كىردىم. ئىمام پېشايۋان سۇپىسىدا قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرقى دادامنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ئەرشنى يۆلەپ تۇرغاندەك كىبىرلىك» بولۇپ، ئەرشنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى. ئۇ بولمىسا بىز ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئاسماننىڭ ئاستىدا قېلىپ مىجىقىمىز چىقىپ كېتىدىغاندەك تەسىر بېرەتتى. ئانام شۇنداق بىر خەۋپتىن ئامان ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن چەكسىز مىننەتدار بولغاندەك ئىنتايىن ئەدەپلىك، رايىش قىياپەتتە سورىدى:

- قارىھاجىكا، بىزنىڭ بالىمىز دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىنلا قايتىپ كەپتۇ. بۇنىڭ نىمە ئىشلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقاي دەپ كىرىشىم.

قارىھاجى بېشىنى قۇرئاندىن كۆتۈرۈپ بىردەم ماڭا، بىردەم ئانامغا قارىدى. ئاندىن ئانامغا ئايغى تەرەپنى كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئانام سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە قورۇنغان ھالدا ئولتۇردى، مەن ئۆرە تۇرۇۋەرىم. قارىھاجىنىڭ پۈتكۈل دىققىتى قۇرئاندا ئىدى. ئۇ بىرھازادىن كېيىن بۇرنىنى كوچىلاپ، بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ئورنىدىن تۇردى. كالىچىنىمۇ كىيمەي يالاڭ ئاياغ ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ھايالشماي ئۆيدىن دەسسەتكۈچىسى بار بىر يۇمىلاق ئەينەك ۋە بىر كىچىك قايچا كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ سۇپىدا بايىقىدەك بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بۇرنىدىن ئۆسۈپ چىققان يىرىك تۈكلەرنى قايچىلاشقا باشلىدى. ئۇ ئەينەك بىلەن بۇرنىنىڭ تۆشۈكىنى كۆزىگە ئۇدۇللاپ، ئۆزىگە تامامەن يات كۆرۈنىدىغان قايچىنى ئەستايىدىللىق بىلەن بۇرنىغا تىقىپ پەخەس بىلەن قايچىلايتتى. ئۇ قايچىنى قويۇپ قايچىلىنىپ چۈشۈپ كەتمىگەن تۈكلەرنى بارماقلىرىنى بۇرنىغا نۆۋەت بىلەن تىقىپ كوچىلاپ چۈشۈرەتتى.

ئۇ قايچا بىلەن ئەينەكنى قويغاندا بىز ئاخىر مېنىڭ ئىشىم توغرىسىدا ئېغىز ئاچار دېگەن ئۈمىدتە ئۇنىڭغا قارىدۇق. بۇ چاغدا ئۇنىڭ «مېڭىش ئىقتىدارى بار بۇتقا ئوخشايدىغان» ئايالى ھويلىغا چىقتى، ئۇ بىزگە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بىر قاراپ قويۇشى ئۇنىڭ شۇ كىشىگە قىلغان ئەڭ چوڭ ئىلتىپاتى دېگەنىدى، دادام.

ئۇنىڭ نىمە ئويلايدىغانلىقىنى، قانداق ئاھاڭدا گەپ قىلىدىغانلىقىنى تېخى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئېرىگە قاراپ تۇراتتى. بۇ ئايال توغرىسىدا دادام يەنە:

- بۇ خوتۇننىڭ بالا تۇغۇشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن، بۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۇنىڭ ئاياللىق ئەزاسى بارلىقىغا، ھەۋسى بارلىقىغا، بىر ئادەم بىلەن ئەر - ئاياللىق قىلىدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. ئۇ دېگەن ئايال سۈرەتلىك بۇت دېگەنىدى. ئەمما ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن بەش بالىنىڭ ئانىسى ئىدى. ئۇ ئېرىگە قاراپ تۇرغان شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كىبىرلىك ئېرى كەمتەر قىياپەتكە كىرىپ، ئورنىدىن تۇردى. كالىچىنى كىيىپ باغقا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئايالمۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئانام ئىككىمىز چوڭقۇر ئۇھ تارتتۇق. باغ تەرەپتىن قارىھاجىنىڭ تەرەت ئېلىۋاتقاندىكى ئاۋازلار كېلەتتى. ئاۋاز توختىغاندىن كېيىن ئۇ باغدىن گىدەيگەن ھالدا چىقىپ كەلدى - دە، پېشايۋان تۈۋرۈكىنىڭ يېنىغا كەلدى. تۈۋرۈكتىكى مىخقا ئېسىلغان لۆڭگىنى ئېلىپ سالماقلىق بىلەن باش - كۆزىنى سۈرتتى. بۇ چاغدا مەن دادامنىڭ بۇ ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك مۇلاھىزىلىرىنى ئەسلەپ قالدىم. دادام ئۇ گەپنى دېگەن چاغدا ئۆيدە ئانام بىلەن مەندىن باشقا يەنە بىر دىۋانىمۇ بار ئىدى. بۇ دىۋانىنى دادامنىڭ بىردىنبىر ئاغىنىسى دېيىشمۇ بولاتتى. چۈنكى دادامنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ئۈچىمىزنىڭ ئارىسىدا پەقەت شۇ دىۋانىلا كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. سوئاللارنى ۋە ئورتاق پىكىرلىرىنى قويۇپ، ھەتتا توغرا دەيسىز دېگەندەك گەپلەر بىلەن دادامنىڭ پىكرىنى ۋە زېھنىنى تېخىمۇ قاناتلاندۇرۇپ، ئاخىرىدا دادامنى ئۆز مۇلاھىزىلىرىدىن تولۇق ھۇزۇرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرەتتى. بۇ ھال دادامنىڭ ئۇ دىۋانىنى داۋاملىق ئۆيگە تەكلىپ قىلىش غەيرىتىنى ئاشۇراتتى. ئائىلە قىيىنچىلىقىمىز سەۋەبلىك ئانام ئۇ دىۋانىگە بىر بۇردا نان بېرىشكىمۇ قارشى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئائىلىدە غىزالىنىشىغا ئانام جان تىكىپ قارشى تۇراتتى. دادام بۇنداق بىر ئىخلاسمەن سۆھبەتدىشىدىن بىرەر تاۋاق ئاش ياكى بىر مەيدان جېدەل سەۋەبلىك ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئۇ دىۋانىمۇ كىشىنى بىزار قىلىدىغان سۆھبەت سەۋەبلىك بىر تاۋاق تاماقتىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمايتتى. دادام ئۈچۈن بۇ دىۋانىنىڭ دىۋانىلىقى بۇ دىۋانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدەكلا مۇھىم ئىدى. چۈنكى ئۇ دىۋانىنىڭ كۆڭلى ياخشىلىنىپ كەتسە دادامنى تاشلىۋەتمەيدۇ دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمايتتى. لېكىن بۇ دىۋانىنىڭ راۋاج تېپىشىدىن ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالى بەكرەك چوڭ ئىدى. چۈنكى ئۇ ماڭا كۈندىن - كۈنگە تۈگىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭغا ئەڭ قايغۇرىدىغان ئادەم يەنىلا دادام ئىدى. بۇ دىۋانە شۇ كۈنى ئېغىر زۇكام بولۇپ قالغان بولۇپ، دادامنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئانام ئىككى تال تۇرۇپ ۋە بىر سىقىم گۈرۈچ بىلەن دىۋانىنىڭ زۇكامىغا شىپالىق شوۋىگۈرۈچ قايناتتىۋاتاتتى. دادام بولسا «نۇتۇق» سۆزلەۋاتاتتى:

- ھەرقانداق بىر چۈپرەندە قىياپەتلىك ئادەمنىڭ ئىچىدە بەھەيۋەت كىبىرلىك بىر مۇناپىقلىق يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. بەزىلەرنىڭ بىر

www.uyghurkitap.com

ئۆمۈر چۈپرەندە قىياپەتتە ئۆتۈپ كېتىشى پەقەتلا ئۇنىڭ ئىچىدىكى پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان ئاشۇ مۇناپىققا ئۆزىنى كۆرسىتىش پۇرسىتىنىڭ بولمىغانلىقىدىن.

ئۇ ئەلۋەتتە يۇقىرىقى گەپلەرنى نۇرغۇن گەپلەر بىلەن چۈشەندۇرەتتى. رەتلەپ كەلسە دېمەكچى بولغىنى ئاشۇلار ئىدى. دىۋانە بولسا يەنىلا شۇنداق ئەستايىدىل ئاڭلايتتى. مەن بىر تۇرۇپ ئۇلارنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقىپ قالغاچقا دوست بولۇپ قالغانمۇ نېمە، دەپمۇ ئويلاپ قالغاندىم.

دادام قارىھاجىنىڭ كىبىرى توغرىسىدا تېخى نەچچە كۈن بۇرۇنلا ئۆيدە ئانام ئىككىمىزگە باشقىچە بىر مۇلاھىزىسىنى سۆزلىگەنىدى.

– ئۇ دېگەن گىدىيىشىنىمۇ قاملاشتۇرالماي- دىغان بىر چۈپرەندە ئىدى. ئۇنىڭ بىرقانچە مىنۇت ئاشۇنداق تۇرۇشىمۇ ئاز كۈچ كەتمەيدۇ. بۇ دېگەن بىر مۆجىزە، خوتۇنى قولىغا قامچا ئېلىپ، ئۇ قاملاشتۇرالمىسا ئۇرۇپ مۇشۇ دۇنيادىكى ئەقلى ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ ياۋا بىر ھايۋاننى كۆندۈرگەندەك شۇنداق قىياپەتتە تۇرۇشقا كۆندۈرۈپ چىققان. تۇغۇلۇشىدىن بىر چۈپرەندىنى شۇنداق بەھەيۋەت قىلىشقا كەتكەن ئۇ خوتۇننى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

دادام ئۇلارغا بولغان كۆزقارىشىنى توختىماي ئۆزگەرتىپ تۇراتتى. . بەزىدە يېڭى پىكىرلىرى خىيالىغا كەلسە دىۋانىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تەقەززا بولاتتى. دادام بىر گەپنى تەكرارلاشنى ياقتۇرمايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ يېڭى، ئۆزى مۇھىم دەپ قارىغان پىكرىنى ئۇتتۇرىغا قويغاندا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تولۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بەزىدە دىۋانە ئۈزۈنچە كەلمەيتتى. دادام باشتا ئۇنى كېسەل بولۇپ قالغانمىدۇ دەپ ئەنسىرەشكە باشلايتتى. ئەنسىرىشى بارغانسېرى راۋاجلىنىپ ئۇنى ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئاندىن غەمگە پاتاتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ياخشى پەزىلەتلىرى، كىشىلەردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەقىل - پاراسىتى ھەققىدە بىرگە يەنە سۆزلەشكە باشلايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قورسىقى تويۇپ بىزنى تاشلىۋەتتى، چوقۇم شۇنداق دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەرگەن تاماقلىرى ئۈچۈن تۈگىمەس مىننەتنى باشلايتتى. بۇنىڭغا ئانام قوشۇلاتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ گېپى تۈنجى قېتىم بىر يەردىن چىقاتتى. ئەمما تۇيۇقسىز ئۇ دىۋانە ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ ئاۋارە بىر قىياپەتتە پەيدا بولۇپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى قۇرۇق سۆزلىرىنى كۈز بورىنىدەك سۈپۈرۈۋېتەتتى.

بىر قېتىم دادام ئىشىك ئالدىدا دىۋانىنى ئۇزىتىۋاتاتتى. ئۇ كۈنى بۇ دىۋانىنىڭ ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس بولۇپ، ئۇنىڭ تىلەمچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ماغدۇرىمۇ ھالى يوق ئىدى. دادامنىڭ ئۇنى مۇشۇ ھالدا ئۇزىتىپ قويغۇسى بولمىسىمۇ ئائىلىمىزنىڭ يەنە بىر ئادەمنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگۈدەك ئەھۋالى بولمىغاچقا ئامالسىز يەنىلا ئۇنى ئۇزىتىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنى ئۇزىتىشقا مېنىڭمۇ بىللە چىقىشىمنى تەلەپ قىلغانىدى. دىۋانىنىڭ يەنە بىر قېتىم كېلەلىشىگە مېنىڭ ھېچ كۆزۈم يەتمەيتتى. ئۇ كەلمىسە دادام قانداق قىلار دەپ غەم قىلىشقىمۇ باشلىغانىدىم. ئىشقىلىپ ئۇ دادامنىڭ جانجىگەر دېگۈدەك دوستى ئىدى. دادام قىيالمىغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتتى. ھەتتا بۇ چاغدا دادام ماڭا ئۇ دىۋانىنى ئۆيدە ئېلىپ قالالمىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىلەمچىلىك قىلىشىپ بېرىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلغانىدى. دادامنى بۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. لېكىن دادام يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى سەۋەبلىك بۇ قەدەمنى باسمىغانىدى. ئۇ كېيىن دىۋانىنى ئېلىپ قالمىغىنى ياكى دىۋانىگە ياردەم قىلماي ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى جىنايەتكار ھېسابلىغانىدى. دىۋانىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى بولسا ئۆزى پەرەز قىلىپ چىققانىدى.

– ئۇنىڭ ئاشۇ ئەھۋالدا ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس،– دېگەنىدى ئۇ،– مەن ئۇنى ئۇزاتقان كۈنى ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى تۇيغانىدىم.

– كىم بىلىدۇ، كۈنى ياخشىلىنىپ سىزنىڭ تېتىقسىز مۇلاھىزىلىرىڭىزدىن قۇتۇلۇپ كەتكەندۇ؟– دېدى ئانام.

– دىۋانىلەر كۆپىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىپ قېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

مۇشۇ كۈنگىچە ئۇ دىۋانىنىڭ كەلمىگىنىگە ئىككى يىل بولغانىدى. دادام ئەمدى ئۇنى يەنە كۆرۈش ئۈمىدىدىن ۋاز كەچكەن، ئەمدى چوڭ دادام چۈشۈپ كەتكەن ئورىغا ئىنىس پۈركۈپ يۆتەلگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدىغان بولغان. دادامنىڭ بۇ ئىشى بىزنى بۇرۇنقىدەك بىزار قىلمىسىمۇ چوڭ دادامنىڭ يۆتەلگەن

www.uyghurkitap.com



ئاۋازىنى ئاڭلىسام بەكلا بىئارام بولۇپ كېتەتتىم.

دېۋاننى ئاخىرقى قېتىم ئۇزاتقان شۇ چاغدا ئېشەك ئالدىدىن قارىھاجى ئۆتۈپ قالغان. ئۇ ئېشىكىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغان شۇ پەيتتە دادام بۇ سادىق دوستى ۋە سۆھبەتدىشىغا ئاخىرقى لېكسىيىسىنى سۆزلىگەن، لېكىن بۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەنىدى. ئۇ دېۋانىگە قىيالمايۋاتقان شۇ پەيتتە قارىھاجى ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قارىھاجى توغرىسىدىكى شۇ «مەشھۇر» لېكسىيىسىنى سۆزلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق سادىق تىڭشىغۇچىسى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن لېكسىيە سۆزلەشتىنمۇ قالغانىدى.

دادام دېۋاننى ئاخىرقى قېتىم ئۇزاتقان شۇ كۈنى قارىھاجىغا قاراپ دېۋانە بىلەن ئىككىمىزگە «قاراڭلار، ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا پادىشاھلارنىڭ پۇشتىدەك قىياپىتىگە» دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭ تۇرقىدىن ھېچقانداق پادىشاھلارغا خاس قىياپەتنى بايقىمىغانىدىم. «گەرچە تۇغۇلۇپ پادىشاھ كۆرۈپ باقمىغان بولسامۇ پادىشاھ ئۇنداق بولمايدۇ، ھېچبولمىغاندا ئېشەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەمنى قانداقمۇ پادىشاھقا ئوخشاتقىلى بولسۇن» دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭدا كېيىن بولسا ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى.

مەن شۇلارنى ئويلاپ بۇ قورۇغا كىرگەندىن بۇيانقى ئېغىر بېسىمنى يېنىكلىتىشكە تىرىشتىم. لېكىن بۇ خىيال مېنىڭ بۇ كىشىگە بولغان كۆزقارىشىمغا توختىماي ئارىلىشىپ كېتەتتى: ھەتتا ئادەم ئانچە ئېغىر ئالمايدىغان بەزى ھەرىكەتلەر ماڭا بۇرۇنقىدىن بەكرەك تەسىر قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. دادام ھەقىقەتەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى، خاتىرجەملىكىمىزنى يولدىن چىقىرىۋەتكەنىدى.

مەن بۇ ئۆيگە كەلگەنگە ھەقىقەتەن تويغانىدىم. يەنە داۋاملىق ئۆرە تۇرغۇدەك ھالىم يوق ئىدى. شۇڭا ئانامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم، ئانام مېنىڭ ئىجازەتسىز ئولتۇرغىنىمدىن ئالاقزادە بولۇپ خۇددى بىر ئادەمگىلا ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدىغاندەك ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئورنىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭلى جايىغا چۈشمەيۋاتاتتى. قارىھاجى نامىزىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. بىر قولىغا قۇرئاننى، بىر قولىغا تەسۋىنى ئالدى. ئانام ئۆرە، مەن ئولتۇرغان ھالەتتە داۋاملىق ساقلىدۇق. ئۇ تۇيۇقسىز مېنىڭ ئولتۇرغىنىمنى بايقاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا قەھرلىك چەكچەيدى. ئۇ قۇرئاننى، قۇرئان ئۈستىگە تەسۋىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ بېرىپ سۇپا گىرۋىكىگە يۆلەكلىك ھاسىسىنى ئېلىپ ھاسىنىڭ ئۇچىنى غەزەپ بىلەن دۈمبەمگە سانجىدى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى كۈتمىگەچكە تۇيۇقسىز زەربىدىن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. ئانامنىڭ بولسا قورقۇنچتىن چىرايى ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

- ھۇ مۇناپىق، ئۆزى ئولتۇرۇۋېلىپ ئانىسىنى ئۆرە تۇرغۇزغىنىنى، - دېدى ئۇ قەھر - غەزىپىنى باسالمىغان ھالدا ماڭا دېۋەيلەپ كېلىپ، - ئاناڭنىڭ بىر كۈن قورساق كۆتۈرگىنىنىڭ ھەققىنى ئاناڭنى ئون قېتىم ھەرەمگە يۈدۈپ ئاپىرىپمۇ تۆلىيەلمەيسەن، يوقال كۆزۈمدىن.

- قارىھاجىكا، - دېدى ئانام تىۋەنچىلىك بىلەن، - ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىنى مەن تەلەپ قىلغان، ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ جىنازىسىنى ئۆزى زارائىكارلىقتا كۆتۈرۈپ باردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ گۆرىنى ئۆزى قازدى. قارىمامسىز، ئۇنىڭ ھەتتا ئولتۇرغۇدەكمۇ ئەھۋالى يوق.

- سەندەك، - دېدى ئۇ ھاسىسىنىڭ ئۇچىنى ئانامنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ، - بالا تەربىيىلەشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقان خوتۇنلارنى يۇندا ئازگىلىغا كۆمۈۋەتسە بولىدۇ. سەنلەر بالىلىرىڭنى ھېچنېمىنى مەنسىتمەيدىغان چوڭ قىلىپ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇشمامسەن، ئۇ قانداقلا ئەھۋالدا قالسۇن، ئۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلماسلىقى كېرەك، سەن كېلىپ ئولتۇر.

- رەھمەت قارىھاجىكا، - دېدى ئانام، - بىز سىزدىن بىر ئىشنى...

- ئولتۇر، - دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ھاسىسىنى ئانامنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلغان يەرگە ئۇرۇپ.

ئانام گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ ھاسا ئۇرۇلغان يەرگە ئولتۇردى. ئەمدى ئانامنىڭ مېنىڭ ئىشىمدىن ئېغىنىز ئاچقۇدەك غەيرىتى قالمىغان، چىقىپ كېتىش بولسا خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان بىر ئىش بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا بىز يەنە داۋاملىق كۈتتۇق. ئۇ بولسا بىردە ئانامغا، بىردە ماڭا قاراپ توختىماي تەسۋى سىيرىيتتى. مەن سالپىيىپ ئاران ئۆرە تۇراتتىم. ئۇ بىزدىن زادى كۆزىنى ئالمايتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىر خۇدا بىلەتتى.

مەن ۋاقىتنىلا ئەمەس، ئانامنىڭ نەپەسىنىمۇ توختاپ قالغاندەك سەزدىم. بىز مۇشۇنداق نەچچە كۈن تۇرساقمۇ ئۇ پىسەنت قىلىپ قويمايدىغاندەك قىلاتتى. كىم بىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ سۇر-ھەيۋىسىنى تونۇتۇشقا پۇرسەت تۇغۇلغان مۇشۇنداق بىر كۈننى خۇدادىن قانچە يىل تىلىگەندۇ. مەن ئاخىر غەيرەتكە كەلمىسەم ئانامنىمۇ تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغاندەك قىلاتتىم. ئۇ بىزگە چەكچىيىپ قاراپ تۇرسىمۇ ئاخىر ئانامغا:

- ماڭ ئانا، چىقىپ كېتەيلى،- دېدىم. ئانام قورقۇپ تۇراتتى. لېكىن يەنىلا چىقىپ كەتكىنىمىز، باشقا كەلگەننى كۆرگىنىمىز تۈزۈك ئىدى. شۇڭا ئانام دەرھال ئورنىدىن تۇردى. بىز مېڭىشقا تەمشىلىشىمىزگە ئارقىمىزدىن پەيلى بۇزۇلغان بىرسىنىڭ:

- سىلەر نېمىگە كىرگەن؟- دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

بىز دەرھال ئارقىمىزغا ئۆرۈلدۇق. ئۇنىڭ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئانام تۆۋەنچىلىك بىلەن:

- بالىمىز زاراتكارلىقتىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭچە، كىشىلەر ئۇنى كۆممەپتۇمىش، سىزدىن بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى سوراپ باقاي دەپ كىرىشىم. مۇشۇنداق تومۇزدا گۆرسىز چىرىپ كېتەرمۇ دەپ ئەنسىرەيمەن،- دېدى.

ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى.

- نېمىشقا گۆرۈڭدە ياتماي شوكۇلداپ يۈرىسەن، جاھاندا سۆرۈلۈپ يۈرۈپ تويمىغانمىدىڭ؟- دېدى ئۇ.

- ئۇلار مېنى كۆممەي تاشلاپ كەتتى. شۇڭا ئامال يوق قايتىپ كەلدىم،- دېدىم مەن.

- سەن كىمنىڭنى ئالدايسەن، ئەتىگەن سەھەردە لەكمىنىڭ ئادەم ھېچ ئىشى يوقتەك سېنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن پايپېتەك بولدى. سەن كۆممەي تاشلاپ كەتتى دەمسەن. ئۇلار ھېچقاچان بۇنداق ئىش قىلىپ باقمىغان. ماڭ، گۆرۈڭگە قايت،- ئۇ ھاسىسىنىڭ ئۇچى بىلەن مېنى ئىتتىرىپ ئىشىك ئالدىغىچە ئاپاردى. ھاسا بىلەن يەنە بىزنى ئۇرماقچى بولۇپ ھاسىسىنى كۆتۈردى، ئەمما مېنىڭمۇ غەزەپكە كەلگەن ئەلپازىمنى كۆرۈپ مېنىڭ ھۇجۇمىمدىن پەخەس بولۇپ ھاسىسىنى چۈشۈردى. ئاندىن ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەن ئانامغا قاراپ:

- دادىسى ئۆيدىمۇ، ئۇ بۇنىڭغا كۆپرەك نەسىھەت قىلسۇن، سەن ياغ پۇرىتىۋەت. يەنە قايتىپ كەتمىسە بىز ئۇنى مۇھىتنى ئاسراش ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىمىز. ئۇ كەتمىسە سىلەرنىڭمۇ جاۋابكارلىقىڭلار سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. گەپ شۇنداق بولسۇن.

شۇ چاغدا قارىھاجىنىڭ قوتىنىدىن ئىككى تال يېشىل چىۋىن ئۇچۇپ چىقىپ ئانام ئىككىمىزنى ئەگىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. قارىھاجى بىگىز بارمىقىنى ماڭا قاراتتى. شۇنىڭ بىلەن چىۋىنلەر ماڭا قوندى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر تال ناسىۋال قاپاقنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزاتتى:

- مە، بۇنى ئۆزۈڭگە سېپىپ بەر. تېزرەك تېگىشلىك جايىڭغا كەت.

مەن قاپاقنى ئالدىم. سىرتقا چىققاندا تاشلىۋېتەرمەن دەپ ئويلىدىم.

- قارىھاجىكا،- دېدى ئانام دۇدۇقلاپ،- جامائەت تاسادىپىي كۆممەي قالغان بولسىچۇ، بۇرۇن تۇراخۇننىڭ ئوغلىمۇ زاراتكارلىقتىن قايتىپ كەلگەنىكەن، شۇنداق ئىش بولۇپ قالمىسىكەن دەيمەن.

قارىھاجى بىدئەت گەپ ئاڭلىغاندەك ئانامغا قەھرلىك ھۆمىيدى، ئاندىن قولى بىلەن ئىشىكنى ئىما قىلىپ چىقىپ كەت دېگەننى ئۇقتۇردى. كۆزلىرى غەزەپتىن ياندى، ئانام ئىككىمىز ئىشىكتىن چىقتۇق. ئۇ ئىشىكنى ھاسا بىلەن ئىتتىرىپ ياپتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگۈچە ئانام ئارانلا ئەسلىگە كەلدى.

- شۇ كاسكا داداڭ تولا سۆزلەپ ھەممە ئىشىمىزنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. بۇلارنىڭ بىزنى قوغلىۋەتمىگىنىگە مىڭ شۈكۈر. بىزنى ياشىغىلى قوي، ئۇلار سېنىڭ يەنىلا ئۆيدە ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ قالسا بىزگە ئاۋارىچىلىق بولىدۇ. بىزنى تار يەردە قىستىماي دەرھال قايتىپ كەتكىن، بىزدىن رازى بولغىن.

مەن قولۇمدىكى كىچىك قاپاقنى ئۆيىمىزنىڭ قارشى تەرىپىدىكى باغنىڭ ئۇ تەرىپىگە كۈچەپ ئېتىۋەتتىم. ئانامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

- نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن. گۆرۈڭنى تاپقۇچە ئۇ ساڭا لازىم بولمامدۇ. بۇ دۇنيادا غەرەز ئۇقماي ئۆتۈپ كەتكىنىڭنىڭ ھېسابىنى مەن بېرىپ قالمىغىيدىم دەپ ئەنسىرەيمەن.

ئانام شۇلارنى دەپ ئېرىقتىن ئاتلاپ قاپاقنى ئىزدەپ كەتتى. مەن ئەتراپىمدا ئۇچۇپ يۈرگەن رو چىۋىننى - قارىھاجىنىڭ يەنە بىر سوۋغىتىنى تۇتۇش ئۈچۈن بىرھازا تىركەشتىم. بارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تىرىشچانلىقىمنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ قوغلىۋېتەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلغان چېغىمدا ئانام لايغا مىلىنىپ كەتكەن قاپاقنى ئۆستەڭدە يۇيۇۋاتاتتى. ئانام ئالدىمغا كېلىپ:

— مە، بىزنى ئەنسىرەتمەي دېسەڭ بۇنى ۋە چىۋىننى يېنىڭدىن ئايرىما، ئۆتۈنۈپ قالاي. بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقان كۈنىمىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. بىزگە يەنە ئىش تېرىپ بەرگۈچى بولما.

مەن قاپاقنى ئېلىپ يانچۇقۇمغا سالدىم. «ئۇلار مەندىن خاتىرجەم بولىدىغانلا بولسا بوپتۇ. ئۇلارنى ئەنسىرىتىدىغان ئىشنى قىلماي» دەپ ئويلىدىم.

— كەتكىنى بالام، — دېدى ئانام، — بىزغۇ ساڭا قىيالمايمىز، ئەمما بۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى.

— مەن بەكلا ھېرىپ كەتتىم. قۇرئان ئوقۇپ ياغ پۇراتمىساڭلارمۇ بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىپ ھاردۇقۇمنى چىقىرىۋېلىپ كەتسەم بولمىدىمۇ، — دېدىم. ئاندىن ئۆيگە ئۇنىڭ ئالدىدا كىرىپ كەتتىم.

— يەنە قايتىپ كىرىپسەنغۇ؟! — دېدى دادام پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— ھەئە، — دېدىم مەن، مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا پىسەنت قىلىپ ئولتۇرماي. ئاندىن ئۆيگە ئانام كىردى. ئۇ ئاچچىقىنى دادامدىن ياكى مەندىن ئالالىشىغا كۆزى يەتمىدىمۇ ئۇدۇل ئوچاق بېشىغا كېلىپ پىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئېشىنى ئاپىرىپ ئورىغا تۆكۈۋەتتى. مەن ئورىدىن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلارمەن دەپ قۇلىقىمنى دىڭ تۇتتۇم، ئەمما ئورىدا ئادەم يوقتەك جىمجىت ئىدى.

مەن ئۆزۈم ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ سۇپىغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

ياتقىنىمغا ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا بىرسى مېنى تۇرتۇپ ئويغىتىۋەتتى. مەن چالا ئۇيقۇلۇق ھالەتتىن سەگەكلەشكىچە كۆزۈمنى ئاچالماي بەكلا قىينالدىم. مېنىڭ ئويغىنىشىم ئۆلۈكنىڭ تىرىلگىنىدەك بەكمۇ مۈشكۈلگە توختىدى. مېڭەم سەگەگەندە ئويغىنىش ئۈچۈن تىركىنىشىپ بەكمۇ چارچاپ كەتكىنىمنى ھېس قىلدىم. چېكەم، بەدەنلىرىم ئاچچىق تەرگە چۆمگەن، تولا ئۇخلاپ بەكمۇ ئېزىلىپ كەتكەنىدىم.

— قوپ، قوپ دەيمەن، — دەيتتى بىر ئاۋاز. مەن بۇ ئاۋازنى تولىمۇ يىراقتىن تاكى ئويغانغىچە ئاڭلىغىنىمنى تۇيۇقسىز ھېس قىلدىم. بۇ دادامنىڭ ئاۋازى بولۇپ، دادام يەنىلا ئۇزلۇكسىز شۇنداق ۋارقىراۋاتاتتى، — قوپ دەيمەن، سەن ياتقانغا بەش كۈن بولدى، سېنى ئويغىتالماي ئاناڭ ئىككىمىز چارچاپ ئۆلەي دېدۇق. بىز نۆۋەتچىلىك قىلىپ كېچە - كۈندۈز تىنماي چاقىردۇق. كۆزۈڭنى ئېچىپ بۇ ئۆيگە ئوبدانراق قارا.

مەن ئاستىمدىكى كىگىزگە تايىنىپ ئازراق مىدىرلىدىم، ئاغزىمنىڭ بۇرجىكىدىن ئىككى رو چىۋىن گىڭشىلداپ ئۇچۇپ ئۆينىڭ تورۇسىغا قوندى. ئەتراپىمدىمۇ چىۋىندىن بىرنەچچىسى ئۇچۇپ يۈرەتتى.

— بۇ ئۆي ئۆلۈكخانا ئەمەس، — دېدى ئانام، — سەن بۇ ئۆيدە ياتقاندىن كېيىن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۇۋۇلاپ كەلگەن قارلىغاچلارمۇ تېزىپ كەتتى، قارلىغاچ يوق بۇ ئۆيگە ئەمدى ئامەت قانداق كىرىدۇ، قوپ دەيمەن. سەن بۇ ئۆيگە مەڭگۈ تارقىلىپ كەتمەيدىغان سېسىق پۇرىقىڭنى قالدۇرۇپ كېتىدىغان بولدۇڭ. پۇرىقىڭ ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرىغا سىڭىپ كېتىپتۇ.

— بۇ پۇراق سىلەرگە مېنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ، — تىلىم كالۋالىشىپ، گەپنىمۇ ئوڭشاپ قىلالمايۋاتاتتىم، — سىلەر مېنى يادىڭلارغا ئالىمىز دەپ قىينىلىپ يۈرمەيسىلەر.

ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى داغدام ئېچىۋېتىلگەنىدى. ئانام رەپىدىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىكى چىۋىنلەرنى قوغلاۋاتاتتى.

— شورۇڭ قۇرۇسۇن، سەن بۇ ئۆيدە يېتىۋەر، بىز سېنىڭ گۆرۈڭگە بېرىپ ياتايلى، — ئانام جەھلى بىلەن تىنماي سۆزلەپ چىۋىنلەرگە تاشلىناتتى، چىۋىنلەر بۇ تامدىن قوغلىسا ئۇ تامغا، ئۇ تامدىن قوغلىسا تورۇسقا قونۇۋېلىپ، يۇمىلاق كۆزلىرى بىلەن ماڭا ئاچ كۆزلەرچە تىكىلەتتى. ئانام چىۋىنلەرگە ئەگىشىپ ئەتراپىمدا تىنماي ئايلىناتتى.

بۇ ئىشلار ئۇلارنى يەتكۈچە پاراكەندە قىلغانىدى. مەن ھېچقاچان ئۇلارنىڭ بۇنداق چېچىلغىنىنى كۆرمىگەنىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ مېنى بىرپەس يالغۇز قالدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىشقا مەندە ئازراقمۇ دەرمان يوق ئىدى. دادام يەنە شۇ چاقىرىشى بىلەن مېنى ئورنۇمدىن تۇرۇشقا مەجبۇرلايتتى. ئۇنىڭ ماڭا ۋارقىراپ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ گۆركارنى ئوقۇشۇپ قويغىلى خېلى كۈن بولغانلىقىنى، ئىشەكنىڭ مېنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ساقلاۋاتقىنىغا ئۈچ

كۈندىن ئاشقىنىنى، ئۇنىڭ ھارۋا شوتىسى ئىچىدە كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم.

— سەن مۇشۇنداق يېتىۋەرسەڭ ئاخىر ئېشەكنىڭ جېنىغا زامىن بولىسەن، — دېدى دادام، — گۆرۈڭدە زېرىكىپ قالىمەن دەپ ئېشەكنىمۇ — بىزنىڭ شۇ بارى - يوق مۈلكىمىز بولغان ئېشەكنىمۇ ئالغاچ كېتەي دەۋاتامسەن، چۆچۈرىنى خام سانىما، ئۇ ئۆلسە ئىتتى بارلارغا سېتىۋېتىمەن.

— نېمىشقا بىزنى ئايىمايدىغانسەن. ئۇلار بىزگە بەرگەن مۆھلەتنىڭ ۋاقتى توشۇپ بولدى. ئەمدى بىر كېچە قونساڭمۇ بولمايدۇ. سېنىڭ بىزگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، بىزگە رەھىم قىل، بىزنىڭ سېنى تۇغقان گۇناھىمىزنى كەچۈر.

مەن كۆپ بولسا پەقەت بىر كۈن ئۇخلىغانىدىم. چۈنكى ھاردۇقۇم ئازراقمۇ چىقمىغان، لېكىن ئۇلار «بەش كۈن» دەپ مېنى تېزرەك يولغا سېلىۋەتمەكنىڭ قەستىدە ئىدى. لېكىن بۇنى ئۇلاردىن كۆرسەممۇ بولمايتتى. مەن ئۇلارنىڭ مۆھلەت بەرگىنىگە، مۆھلەتتىن ئۆتۈپ كەتسە ئۆيدىكىلەرگە رەھىم قىلىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئەمما تېخىچە ھاردۇقۇم چىقمىغان، مىدىرلىغۇدەكمۇ ئەھۋالىم يوق ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ مېنى كىچىككىنە بولسىمۇ ئارام ئالغىلى قويۇشىنى تىلەيتتىم. . .

كۈچلۈك سىلكىنىشتىن چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم. مەن ياتقان بۇ داق يەر تىنماي جالاقلاپ تىترەيتتى. ئۈستۈمدە ھېسابسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. مەن تومۇزنىڭ ئاخىرلىشىش مەزگىلىدىكى مۇشۇ سۈرۈن كېچىدە ئۆزۈمنىڭ ئېشەك ھارۋىسى ئۈستىدە ياتقانلىقىمنى بايقاپ ھاڭ - تاڭ قالدىم. ئېشەك شەھەر سىرتىدىكى يول بىلەن ھاسىراپ، پۇشۇلداپ بىر خىلدا كېتىپ باراتتى. مەن شۇ پەيتتىلا دادامنىڭ ئىككى قولتۇقۇمدىن، ئانامنىڭ ئىككى پۇتۇمدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ چىقىپ ئېشەك ھارۋىسىغا ياتقۇزغانلىقىنى، ئىككى پۇتۇمنىڭ ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ساڭگىلاپ قالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ «خەير - خەير» دېيىشكەنلىكىنى، دادامنىڭ ئېشەككە بىر قامچا سالغانلىقىنى، ئېشەكنىڭ ئوركۈپ مېڭىپ كەتكىنىنى خىرە ئېسىمگە ئالغاندەك بولدۇم ياكى پەرەز قىلدىم. ئېشەك ئۈچ - چېكى يوق قاقاس دالىدىكى كىشىلەر تاشلىۋەتكەن، ئۆچۈپ كېتىشكە ئاز قالغان بۇ يولدا تىنماي كېتىپ باراتتى. يوللار تېگىمدىن چىقىپ قاقاسلىققا سوزۇلۇپ كىرىپ يوقىلىپ كېتەتتى. كېچە ئازراق سۈرۈن بولۇپ بەدەننى قورۇيتتى، ھارۋا قانچىلىك سىلكىنىسىمۇ مەن بىرنەچچە قېتىم قېنىپ ئۇخلىۋالدىم. ھارۋا بولسا داۋاملىق كېتىپ باراتتى. بىر ئويغىنىپ پارلاپ تۇرغان كۈننى، يەنە بىر ئويغىنىپ ئاينىڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگىنىنى كۆردۈم. ئاسمان ماڭا بەكمۇ تونۇش بولۇپ كەتتى. ھارۋا ماڭغانسېرى ئاسمان ماڭا شۇنچىلا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك، ھەتتا قولۇمنى سوزسام يۇلتۇزلارغا يېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئېشەك پەرىزىمچە مېنى گۆركارنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېتىپ باراتتى. ئېشەك مېنى يەتكۈزۈپ قويۇپ ئۆزى ساق - سالامەت قايتىپ كەتمىسە بولمايتتى. لېكىن بۇ جانىۋار بارغانسېرى ئورۇقلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مېنىڭ ئۇنى ئوبدانراق بېقىش نىيىتىم بولسىمۇ ئۆزۈم ئۆيقۇدىن باش كۆتۈرەلمەيتتىم. مەن ئېشەكتىن ئەنسىرەپ غەم يەپ يۈرگەندە، تۇيۇقسىز مەن ياتقان يەرنىڭ ئېلگىرىكىدەك سىلكىنمەيۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. مەن شۇ تاپتا يەنە بىر ئۇيقۇمدىن ئويغانغانىدىم. يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئىت چەكسىز ئاسماندىكى مەرۋايىتتەك يالىلداپ تۇرغان ھېسابسىز يۇلتۇزلارغا قاراپ سوزۇپ - سوزۇپ ھۇۋلاۋاتاتتى، مېنى ئۇنىڭ ئاۋازى ئويغىتىۋەتكەنىدى. ئاستىمدا ھارۋا يوق ئىدى. ئۈچ قەدەم نېرىدا گۆركار — مەن ئۇنى تولۇق كۆرەلمىگەن بولسامۇ، ئۇنى گۆركار دەپ جەزملەشتۈردۈم — ئوڭدا يېتىپ نەشە چېكىۋاتاتتى، چىلىمدىن خور - خور قىلغان ئاۋاز چىقاتتى. نەشىنىڭ پۇرىقىنى شامال مەن تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. ئۇ مېنىڭ مىدىرلىغىنىمنى كۆرۈپ ماڭا گەپ قىلدىمۇ ياكى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدىمۇ، بىرنەرسىلەرنى دېيىشكە باشلىدى، مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن سۆزلىرىدىن ئاران:

— ئەجەبمۇ چارچاپ كەتتىم، ماڭىمۇ خاتىرجەملىك كېرەكقۇ، قانچە كۆمسەممۇ ھەممىسى كۆمىدىڭ دەپ يەنە كېلىۋالغان، ئىشىمنى ئەجەبمۇ تۈگىتىپ بولالمىدىم، مېنىڭ بىر جېنىم شۇنچىلا ئادەمنى كۆمۈپ تۈگىتىشكە قانداق يېتىشەر، — دېگەن سۆزلىرىنى پەرق ئەتتىم. ئۇ تىنماي سۆزلەيتتى. بىر چاغدا مەن ئۇنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدە ئېڭىشىپ تۇرغىنىنى كۆردۈم، مەن ئۇنىڭ قانداقچە يېنىمغا كېلىپ قالغىنىنى سەزمىگەنىدىم.

— مەن جەزملەشتۈرەلەيمەن، كېسىپ

www.uyghurkitap.com

ئېيتالايمەن، شەك - شۈبھىسىزكى. . . - ئۇ تىنىماي سۆزلەيتتى، - قىلچە گۇمان يوق. مەن ئېسىمدىن ھېچقاچان گۇمانلىنىپ باقمىغان، - ئۇ قۇرۇق ئۇستىخان قوللىرى بىلەن چېچىمنى ئۇستىگە قايرىپ يۈزۈمگە قاراشقا باشلىدى، - دەل ئۆزى شۇ، مەن نېمىشقا كۆمۈپ تۈگىتەلمەيدىغاندىمەن دېسەم ئەسلىدە ئىش بۇ يەردە ئىكەن - دە، - ئۇنىڭ كۆزلىرى قەھرلىك تۈس ئالدى، - ئېيتە، سەن كۆڭۈلدىكىدەك كۆمۈلمىدىم، تۇزۇكرەك كۆمۈپ قوي دەپ كەلگەن ئوخشىمامسەن، ھېلىمۇ سېنى كۆمگىنىم ئېنىق ئېسىمدە بولغىنى.

مەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتۇم، بۇ بىر قۇرۇق ئۇستىخان ئىدى.

- مەن سىزنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، - دېدىم مەن، - ئۇلار مېنى چوڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئۇزاتقان بولسىمۇ كۆممەي تاشلاپ كەتتى. مەن سىزنى بەكمۇ مۇشەققەتتە ئىزدەپ تاپتىم، ئەسلىدە سىز گۆر تەييارلاپ قويماقچى بولغانىكەنسىز.

ئۇ بېشىمدا ئولتۇرۇپ يەرنى مۇشتلاپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ئىچىدە بىرنەرسىلەرنى دەپ كىنىندۇر تىللايتتى.

- گۆركار بولغانغا توي، بۇلارنى كۆمۈپ تۈگىتەلمەتلىك دېسە ئۇنىمىغاندىكىن ئەمدى تازا توي، يېڭى ئۆلگەنلەرغۇ مەيلى، كۆمۈۋەتكەنگە شۇنچە ئۇزۇن بولغانلارمۇ بېشىمنى ئوچاق ئېتىۋاتسا، ماڭا بۇ نېمە كۆرگۈلۈك. توي، توي، تازا توي. مەن سېنى كۆممەيمەن. كۆمگەن بولسامۇ، كۆممىگەن بولسامۇ كۆممەيمەن، قانداق قىلالايتتىڭ. سېنى گۆردىن كىم تارتىپ چىقىرىپ قويدى. سەن بۇ جاھاندا سۆرىلىپ يۈرۈپ تويمىغانمىدىڭ، يوق بار دەپ يەنە كېلەمسەن، كۆممەيمەن. مېنىڭ بۇ قوللىرىمغا قارا، - ئۇ ھايۋاننىڭ تۇيىقىدەك قايرىلىپ كەتكەن ئالىقىنىنى ۋە ئىنچىكە بىلەكلىرىنى كۆرسەتتى، - ماڭا قانداقمۇ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرگۈڭ كېلىدۇ. مەن سېنىڭدەك كۆمۈلۈپ بولغان بولسام ئۇستۈمگە بىر كەتمەن توپا تاشلىغان بولسىمۇ جىم ياتاتتىم، بۇ ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك. ماڭا ئېچىلىك ئاغرىسۇن.

ئۇ ماڭا يەنە بۈگۈن قانچە ئادەمنىڭ ئۆلىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ بولسا قانچە گۆر كولايدىغانلىقىنى، قانچە ئادەمنىڭ گۆرسىز قالىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ بېرىشكە باشلىدى.

- سەن قايتىپ كەتكىن، باشقىلار سېنى گۆرۈڭدىن قوغلاپ چىقارمىغان بولسىلا كىرىپ يېتىۋەر، توپا تاشلانمىسا نېمە بوپتۇ، مەن سېنى يەنە دەپنە قىلسام سەن باشقا بىرسىنىڭ گۆرىنى تارتىۋالغان بولىسەن، قايتىپ كەتكىن. سېنىڭ گۆرۈڭ بەختىڭگە يارىشا ھەممىدىن چوڭقۇر قېزىلغاندى. بىلەمسەن، مېنىڭ بۈگۈنكى كىشىلەر ئۈچۈن كولىغان گۆرۈمنى كۆرسەڭ گېپىمنىڭ راستلىقىغا چىنپۇتۇپ قالىسەن.

- مەن سىزنى ئالدىمايمەن. مەن تېخى كۆمۈلمىدىم، گۆرۈم بولسا ئالىقاچان خاتىرجەم ياتقان بولاتتىم. ماڭا بۇنداق سەرسانلىق، پاناھسىزلىق ئارمان ئەمەس. سىزدىن ئۆتۈنەي، يۇراش سېزىمىڭىز بولمىسىمۇ بىلەلەيسىز، مەن چىرىپ كېتىۋاتىمەن، چۈشىنىۋاتامسىز. تاڭ ئېتىشى بىلەن رو چىۋىنلەر مېنى تېپىۋالىدۇ. تېزرەك ماڭا ئامال قىلسىڭىز، - مەن ئۇنىڭ بويىنىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە تارتتىم، - سىز بۇ پۇراقتىن سەسكەنمەيۋاتامسىز؟

- كۆمۈلۈپ بولغان مېيىت ئاشۇنداق پۇرايدۇ. سىز بۇنىڭ بىلەن دېمەكچى بولغىنىڭىزنىڭ ئەكسىنى ئىسپاتلاۋاتىسىز. مەن سىزنى كۆمگىلى بىر يىل بولدى. ئەجەبا، سىز مۇشۇ بىپايان دالىدا سىيىپ، تېنەپ - تەمتىرەپ يەنە قانچىلىك يۈرەي دەيسىز. مۇھىتنى ئاسراش ئورنىدىكىلەر تۇتۇۋالسا كۈنىڭىز راسا چىچەكلەيدۇ. ئەنە يول تۇرۇپتۇ. خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ، بۇ يەردە سىزنى بىركىم توسۇۋالدىمۇ ياكى مېنى ئەخمەق كۆرۈپ كولدۇرلىتاي دەپ كەلدىڭىزمۇ. كېسىپ ئېيتىمەن، ئەمدى سىزگە گەپ يوق.

ئۇ قايتا ئۆز جايىغا بېرىپ نەشە چېكىشكە باشلىدى. مەن ئەڭ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكە تىرىشتىم. مېنىڭ گەپلىرىمگە ئۇنىڭ ئىشىنىشىنى ئۆتۈندۈم. ئەمما ئۇ ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلىماۋاتقاندەك تۇراتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ يەنە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگىنىنى ئاڭلىدىم. شامال ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى پارچە - پارچە جۈملە ۋە سۆزلەرنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. شەرق سەل ئاقىرىشقا باشلىغانىدى، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن بىرەر ماكان تاپمىسام بولمايتتى. مەن تەستە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنى ئىزدىدىم، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭغىلا ئوخشايدىغان قۇرۇق ئۇستىخان ئىتنى ماڭا قاراپ خىرىس قىلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ گەمىسىنىڭ ئالدىغا كەلدىم، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر گۆر ئىدى. ئۇنىڭ ئىتى دەل گەمىنىڭ ئېغىزىدا ئىدى. مەن ئۇنى گەمىسىگە كىرىپ كەتكەن بولسا

كېرەك دەپ ئويلىدىم، ئىت زەنجىر يەتكۈچە ئارىلىقتا كېلىپ ھەدەپ خىرىس قىلىپ يۇلقۇناتتى. بۇ چاغدا ئىتنىڭ ئاۋازىنى يېقىنلا يەردە بامدات نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى بېسىپ كەتتى. مەن ئەزان چىققان تەرەپكە قارىدىم، مەن ئەسلىدە بىر زاراتكارلىقتا تۇراتتىم؛ زاراتكارلىقنىڭ سىرتىدا ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنى كېچىدىن بېرى بىر ئۆلۈك بىلەن ھەپىلىشىپ چىققاندەك سەزدىم ۋە بۇنىڭدىن تولىمۇ نومۇس قىلدىم. مەن قەبرىستانلىقنى ئارىلاپ مەسچىتنىڭ يېنىغا باردىم، نامازغا كەلگەنلەردىن بىرەرسىنى ئۇچرىتىپ قالسام گۆركارنىڭ دېرىكىنى قىلارمەن دەپ مەسچىت پەشتىقىدا بىرھازا ئولتۇردۇم. كىشىلەر بىردىن كېلىشكە باشلىغانىدى، دۈمچەك بولۇپ قالغاچقا چىرايىنى كۆرگىلى بولمايدىغان، ئۆزىدىن ئېگىز بىر تاياقنى ھاسا قىلىۋالغان بىر بوۋاينىڭ ئالدىغا باردىم. بوۋاي ھاسىسىنى پىرقىرىتىپ بېلىمگە بىرنى سالدى. ئاندىن قانداقتۇر بىر سۈرىنى ئوقۇپ ئىككى تەرىپىگە ھۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ھاسىسىنى ئەرۋاھ قوغلاشقا ئىشلەتسە كېرەك، چۈنكى ئۇ قالغان يولنى ھاسىسىنى ئىشلەتمەي سۆرەپ مېڭىپ تۈگەتتى ـ دە، مەسچىتكە كىرىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ماڭا قارىغاندا ئۆزى بەكرەك ئەرۋاھقا ئوخشايتتى. ھاياتلىق بىر خىل ئېغىر كۈچ بولسا كېرەك. چۈنكى مەن شۇ دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن كۆپ چارچايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ھاسىمۇ بېلىمگە خېلى قاتتىق تەگدى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلاردىن يەنە سوراشقا جۈرئەت قىلالماي پەلەمپەيدە ھارغىن ھالدا ئولتۇرۇپ قالدىم. كىشىلەر ھەر تەرەپتىن كېلىپ مەسچىتكە كىرىپ كېتىشەتتى. بامدات نامىزى باشلانغانلىقىنى، داۋاملىشىۋاتقىنىنى ۋە ئاخىرلاشقىنىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. كىشىلەر مەسچىتتىن چىقىپ تارقىلىشقا باشلىدى، ياش بىر ئادەم مەسچىتنىڭ دەرۋازىسىنى قۇلۇپلاشقا كىرىشكەندە تاڭ خېلىلا يورۇغانىدى. مەن ئۇ ئادەم پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بولغاندا، قولىدا ئادەم ئۇرغۇدەك بىرەر نەرسە يوقلۇقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

— كەچۈرۈڭ، مەن سىزدىن بىر نەرسە سوراپ باقاي دېگەن. مۇشۇ ئەتراپتا بىرەر گۆركار بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ئۇ باش ـ كۆزۈمگە بىرقۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن دىمىغىنى قېقىۋېتىپ:

— سىز دەپنە قىلىنىشىنى كۈتۈۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى.

— ھەئە، — دېدىم مەن قورۇنغان ھالدا ھەم ئۇنى تېنىمدىكى پۇراقتىن سەسكەندۈرۈپ قويماي دەپ ئارقامغا ئىككى قەدەم ياندىم، — شۇ ئىش ئۈچۈن گۆركارنى ئىزدەيتتىم. ھازىر تومۇز ۋاقتى، بىر مېيىت ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز پەسىل.

ئۇ بىرنەچچىنى قۇرۇق يۆتەلدى، كىر دوپپىسىنى ئېلىپ بېشىنى قاشلىدى، ئاندىن دوپپىسىنى يەنە كىيدى.

— بۇ زاراتكارلىقنىڭ گۆركارى يېقىندا ئۆلۈپ كەتكەن. سىز زاراتكارلىقتا ئۇنى چوقۇم ئۇچراتتىڭىز. ئۇنىڭ بىر ئىتى بار، كىشىلەر ئۇلارنى دەپنە قىلىۋەتسىمۇ تىنچ يانقىلى ئۇنىماي باشقىلارغا پاراكەندىلىك سېلىۋەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن گۆركارنى يېقىن يولاتمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قەبرىستانلىقتا بىرەر گۆركار مۇقىم تۇرۇپ باقمىدى. ئەمەلىيەتتە گۆركار بولغان بولسىمۇ ھېچنېمىگە كېرەك بولمىغان بولاتتى. چۈنكى ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپتۇ. چۈنكى دەپنە مۇراسىمى قائىدە بويىچە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرسىمۇ، كۆمۈلمەي قالغان ئۆلۈكلەر كۆپىيىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆچىرەت بىلەن كۆمۈلۈشنى كۈتۈپ ياتماقتا، ئۇلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەكتە. ئاڭلىسام مۇشۇ يېزىنىڭ ئايىغىغا سېلىنغان مۇساپىرلار دېگى ئۆلۈكلەرنىڭ مېھمانخانىسىمىش. ئەگەر شامال شەرقتىن چىقسا، پۈتۈن يېزىنى مېيىت پۇرىقى قاپلاپ كېتىدۇ. ھازىر بۇ ئىشقا ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمەس بولۇپ قالدى. بىراق ئۇلار شامال غەربتىن چىقسا بۇ پۇراق تۈگەيدۇ، دەپ قارايدۇ. قانداق، ئۇلار ئۈمىدۋارمىكەن. ئەمەلىيەتتە شامال ئۇلارنىڭ پۇرىقىنى ھەرياقتا ئۇچۇرۇپ يۈرىدۇ. ھەممە بۇ پۇراقنىڭ يۇرتىدا داۋاملىق تۇرمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ پۇراقنىڭ ئۆز يۇرتىدىن كېتىشىنى تىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈمىدى داۋاملىق ئەمەلگە ئېشىپ كەلدى. چۈنكى شامال ھەر تەرەپكە چىقىدۇ ـ دە! شامال چىقمايدىغان چاغلارمۇ كۆپ. بۇلارنى جىمىقتۇرۇش مۇھىتنى ئاسراش ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولسىمۇ، ئۇلار ئۆلۈكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغاندەك كارى بولماي يۈرىدۇ. ئۆلۈكلەر بولسا ئەتىر بىلەن بەدىنىدىكى پۇراقنى يوقىتىۋاتىدۇ. ئەتىر ئۆلۈك پۇرىقىنى بېسىپ كېتەلىگەن بىلەن شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇراقنىڭ تەركىبىدە ئۆلۈك يۇرىقى بار - دە! هازىر ئۆلگەنلەر مىراس قالدۇرمايدىغان بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ دەپنىگە ئېرىشكۈچە قانچىلىك بەدەل كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. يېنىدا پۇلى بولمىسا ئۆلگەندىمۇ موھتاجلىق تارتىدىغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن تىرىكلەرگە ياللىنىپ ئىشلەيدىغان گەپ. تىرىكلەر سىزنى بايقاپ قالسا بىكارغا ئىشلىتىدۇ. مۇھىتنى ئاسراش ئورۇنلىرىغا تۇتۇپ بېرىمەن دەپ تەهدىت سېلىپ پۇلىڭىزنى بەرمەيدۇ. چۈنكى سىز هاياتلىق مۇساپىسىدىكى قانۇنسىز يولۇچى - دە! ئەگەر سىز مۇھىتنى ئاسراش ئورۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز ئۇلار سىزنى ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلغاندەك بىر تەرەپ قىلىۋېتىدۇ. قائىدىلىك دەپنە قىلىنمىسىڭىز ئۇ دۇنيادىمۇ قارشى ئېلىنمايسىز. سىز ئەمدى هەممىلا تەقدىرگە دۇچ كېلىسىز. مانا بۇلارنىڭ هەممىسى سىزنىڭ دۇنياغا كەلگىنىڭىزنىڭ بەدىلى. نەس بېسىش دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ.

— سىز ئۆلۈكمۇ، — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئۇ دەسلەپ تىرىكلەر مەيدانىدا تۇرۇپ سۆزلىگەنىدى. لېكىن گېپىنىڭ ئاخىرى ئۆلۈكلەرنىڭ غېمىگە كۆچۈپ كەتتى. قارىماققا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— ياق، — دېدى ئۇ، — لېكىن مېنىڭ بىر ئوغلۇم ئۆتكەن يىلى ئۆلۈپ كەتكەن. بىز هازىرغىچە ئۇنىڭغا پۇل غەملەپ بېرىمىز. ئۆلگەن ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۆلۈك پۇرىقىمۇ كۈچىيىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۈچلۈك ئەتىر بولمىسا بولمايدۇ دەڭا. هەممىلا يەردە ئۇلارنى تىنىتىش بار. قائىدە - يوسۇن بويىچە ئىززەت - ئىكرام بىلەن دەپنە قىلىنمىغان ئادەمگە ئۇ دۇنيادا كىم ئىگە بولىدۇ دەيسىز. شۇ بالىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپ تۈگىشىپ كېتىپ بارىمىز. دادام ئۆلۈپ كەتكەندە بولسا مىراسلىرىنى قويماي ئېلىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ ئازراق بىرنەرسە قويۇپ كەتكەن بولسا بۇنچە غەم قىلىپ كەتمەيتتۇق.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — دېدىم مەن، — مەن بۇنداق ئىشلاردىن ئەمدىلا خەۋەر تېپىۋاتىمەن. يېنىمدا هېچقانچە پۇلمۇ يوق. ئۆيۈمنىڭ نەدە قالغىنىنىمۇ بىلمەيمەن. مەن بىر يالاڭتۆش مۇردا. شۇنداقتىمۇ مەن ئۈنچىلىلا قايغۇرۇپ كەتمەيۋاتىمەن. ئېھتىمال بېشىمغا كەلمىگىچە بۇلارنى بىلمەسمەن. كۆچىڭىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ بېقىڭ، بەك غەم يەپ كەتمەڭ. مەن غەم دېگەن دەل دوزاخ ئوتى ئىكەن دەپ ئاڭلىغان. دوزاختا باشقا ئوت يوقمىش. بۇ دۇنيادىكى ئىشلارغا خۇدانىڭ داۋاملىق قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشىغا ئىشەنمەيمەن.

— ئەپسۇسكى، خۇدا بىزنى دوزاخقا تاشلاپ بولدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن، دەرد تۆكۈپ كۆڭلىڭىزنى پەرىشان قىلىپ قويدۇم. مېنى كەچۈرۈڭ. ئىشلىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تىلەكداشمەن. خەير - خوش.

ئۇ ئادەم مېڭىپ كەتتى. «ئۆلۈككە نېمە تىلەكداشلىق» دېدىم مەن. ئاۋازىم سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەرەختىكى بىرنەچچە قۇشقاچ ئۈركۈپ پۇرۇلداپ ئۇچۇپ كەتتى. يۇقىرىقى ئىشلار مېنى قاتتىق گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. مەن ئادەم ئۆلگەندە بۇنچىۋالا كۆپ ئاۋارىچىلىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى، مېنى ئۆلگەندىن كېيىن بۇنچىۋالا پېشكەللىكنىڭ ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. تەۋەككۇل قىلغۇدەك ئەھۋالىم يوق ئىدى. شۇڭىمۇ بىرەر هارۋا كىرا قىلىپ گۆركارنى كۈتۈپ ياتقانلارنى ئىزدەپ باقاي دەپ ئويلىدىم. شۇ تاپتا بەكلا غېرىبلىق هېس قىلىۋاتاتتىم. مەن ئالدىمدىكى تۇنجى دوقمۇشتا ئۇچراتقان بالىدىن:

— بۇ ئەتراپتا هارۋا كىرا قىلىدىغانلار بارمۇ؟ — دېدىم. ئۇ 12 ياشلاردىكى بالا ئىدى.

— نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ بالا.

— مۇساپىرلار دېڭىگە.

— ئۇ يەرگە هېچكىم ئاپىرىپ قويمايدۇ. لېكىن مەن ئۆيدىن هارۋا ئاچىقىپ ئاپىرىپ قوياي. نەچچە پۇل بېرىسىز؟

بىز ئۇيان - بۇيان تالىشىپ 10 يۈەنگە كېلىشتۇق. پۇلنىڭ گېپى چىققاندىن كېيىن ئۆزۈمدە زادى نەچچە پۇل بارلىقىنى ئاختۇرۇپ كۆردۈم. يېنىمدىن 150 يۈەن پۇل چىقتى، پۇل بىر قەغەزگە ئورالغان، قەغەزگە «بالام، بۇ ئاز بولسىمۇ بىزنىڭ يوللۇقىمىز، زۆرۈر تېپىلغاندا خەج - خىراجەت قىلارسەن» دېگەن ئىمزاسىز خەت يېزىقلىق ئىدى. بۇنى ئانامنىڭ ياكى دادامنىڭ يازغىنىنى بىلەلمىدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ خەتنىڭ تەلەپپۇزى چوڭ دادامنىڭ تەلەپپۇزىغا ئوخشاپ كېتەتتى. چۈنكى ئانام ياكى دادامنىڭ بۇنداق ئىش قىلىشىغا ئىشەنمەيتتىم. مەيلى نېمىلا بولسۇن، بۇ يوللۇقنى تۇتقان ئادەم، ئۆلگەنلەرنىڭ دەپنە قىلىنىش مۇساپىسىنىڭ تولىمۇ مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن. چۈنكى 150 يۈەن پۇل ئائىلىمىزنىڭ

بارلىق روزىغارى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. 10 يۈەن پۇل ئائىلىمىزنى ھالاك لىۋىدىن قۇتقۇزۇۋالالايتتى ھەم پەيتى كەلگەندە ھەتتا 10 يۈەن ئائىلىمىزنى ھاڭدىن غۇلىتىۋېتەلەيتتى. 150 يۈەن بولسا ئائىلىمىز ئۈچۈن غايەت زور بايلىق ھېسابلىناتتى. مەن كىراكەش بالىغا بەك مەردلىك قىلىپ كەتتىممۇ قانداق، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇ ھارۋىسىنى ئېلىپ چىققاندا بولسا:

– ساڭا بەرگۈدەك يېنىمدا پەقەت بەش يۈەن پۇل بار ئىكەن، شۇنىڭغا ئاپىرىپ قويساڭ مەيلى، بولمىسا ئۆزۈم پىيادە بارىمەن، – دېدىم.

– جالىق قىلماڭ ئاكا، 10 يۈەن دېيىشىپ بولغانغۇ، – دېدى بالا چوڭلاردەك چىرايىدىن خۇمسىلىق ياغدۇرۇپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ تەلەتتى ھەقىقەتەن كىشىنى ۋەھىمىگە سالاتتى.

– بارى شۇ ئىكەن، ئامال يوق، – دېدىم مەن. بالا ئېشىكىنى دەرەخكە باغلىدى.

– مەن سىزگە دەپ قويااي، – دېدى ئۇ، – ئۆلۈكلەر بىلەن ھېچكىم مۇئامىلە قىلىشمايدۇ. ئۇ يەرنىڭ نەدىلىكىنى ھەرقانداق ئادەم سىزگە دەپ بەرمەيدۇ. بىكار ئاۋارە بولىسىز.

– مەن ئاۋارە بولسامۇ سەن بەش يۈەن پۇل تاپالمايسەن. بىكار تۇرغۇچە بېكىرىڭغا ئىشلە، دەيدۇ. بىر ئاپىرىپ قويمامسەن؟!

بالا كۆزۈمگە زەھەرخەندىلىك بىلەن بىردەم قاراپ تۇردى.

– دادام مېنىڭ ئۆلۈك توشۇغىنىمنى بىلسە كۆرگۈلۈكىمنى كۆرسىتىدۇ، – دېدى ئۇ ئېشىكىنى يېشىپ بولۇپمۇ ئىككىلىنىپ. مەن بەش يۈەننى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇ، – بوپتۇ، ئۇ دۇنيالىق ئۈچۈن قىلغان بىر ساۋابلىق ئىشىم بولۇپ قالار، – دېدى تاياق بىلەن مېنى ئۇرغاندەك زەھەرخەندىلىك بىلەن ئېشىكىنى قاتتىق بىرنى ئۇرۇپ.

– پۇلنى يېتىپ بارغاندا بېرىمەن، – دېدىم مەن ئۇنىڭ ئۇزاتقان قولىغا قاراپ قويۇپ. ئۇ ئالىقىنىغا بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ ئېشىكىنى يەنە بىرنى سالدى. ئېشەك تاياقنىڭ زەربىسىدىن بېلىنى ئېگىپ يانغا سەنتۈرۈلدى، مەن پۇلنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. ئەگەر مەن بۇ بەش يۈەن پۇلنى ۋاقتىدا بەرمىسەم، ئۇ ئېشەكنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغاندەك قىلاتتى. ئېشەكنى ھەر ئۇرغاندا تاياق ماڭا تەگكەندەك ئەندىكەتتىم. ئۇ بالا مېنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىمنى بىلىۋالغاندەك ئېشەكنى بىمالال كېتىپ بارسىمۇ ۋاق - ۋاق ساۋايتتى. بۇ تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن توپا رەڭ، تولىمۇ ياۋاش قېرى ئېشەك ئىدى. ئۇ شوتىنىڭ ئارىلىقىدا تولىمۇ كۈچىنىپ ماڭاتتى، تىنىماي پۇشۇلدايتتى، ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ يول ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ توختاپ قالاتتى. بۇ چاغدا ئۇنى يەنە مېڭىشقا دەۋەت قىلىشقا تاياقنى كۆتۈرۈپ ھەيۋە قىلىشلا كۇپايە ئىدى. چۈنكى ئۇ بالا تاياقنى كۆتۈرگەندە قېرى ئېشەك بېلىنى ئېگىپ تاياقتىن ئۆزىنى قاچۇرغان ھالدا سوكۇلداپ مېڭىپ كېتەتتى. ئەمما بۇ تەلۋە بالا مېنىڭ تومۇرۇمنى تۇتۇۋالغاچقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا قاراپ تۇرۇپ، مېنىڭ ئەندىككىنىمنى كۆرۈش ئۈچۈن ئېشەكنى قاتتىق ئۇراتتى. بارا - بارا بۇ تاياق ئۇرگىلىرىمنى ئاجرىتىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇرسا ئۆزىنىڭكىنى ئۇرىدۇ. زىيان ئۆزىگە دەپ ئويلىسامۇ ئېشەكنىڭ يەۋاتقان بۇ تاياقلىرىغا مەن ئەيىبلىكتەك ئىچ - ئىچىمدىن بەكمۇ بىئارام بولاتتىم. قاچاندىمۇ دېگەن يەرگە يېتىپ بارارمىز دەپ كۆزۈم تۆت بولۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تاياقلىرى ئېشەكنىڭ راۋان مېڭىشىغا تەسىر يەتكۈزەتتى. بۇ بالا قارىغاندا ئىشى يوقتەك قىلاتتى. شۇڭىمۇ بۇ خىل ھالەتنىڭ ئۇزۇن داۋام قىلىشىنى تىلەيتتى. ئۇ ئېشەكنى ھەر ئۇرغاندا پۇخادىن چىققاندەك روھلىنىپ قىن - قىنىغا پاتماي قالاتتى. ئەمما بۇ خىل ھالەتنى ئۇنىڭ خۇمسىلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىدىن دەرھال بايقىغىلى بولمايتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئېشەكنى ساۋاپ، بىر تەرەپتىن مەندىن گەپ كوچىلايتتى.

– ئاكا، سەن نېمە بولۇپ ئۆلگەن؟ – دېدى ئۇ مېنى سەنلەپ.

– ئۇخلاپ قوپسام ئۆلۈپ قاپتىمەن، – دېدىم مەن يەنىلا ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىگۈم كەلمەي.

– جاھاندا شۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەن - دە، بۇ يىل نەچچىگە كىردىڭ؟

– يىگىرمە سەككىز ياشقا، – دېدىم مەن.

– بالا - چاقاڭ بارمۇ؟

– مەن توي قىلمىغان.

– سەن تېخى تويمۇ قىلمىغانمۇ. ئۇنداق بولسا جاھاننىڭ مۇرادىغا يېتەلمەي كېتىپسەن - دە. ساڭا راستتىنلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، – دېدى ئۇ جاھاننىڭ مۇرادىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ شۇنچە كىچىك تۇرۇپ بىلىۋالغانلىقىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك، – بىرەر قىز بالىنىڭ قولىنىڭ ئۈچىنىغۇ تۇتۇپ باققانسەن؟

– ياق، – دېدىم مەن ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ.

www.uyghurkitap.com

— راستىنلا مەن سەن ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتىمەن، سەن نېمىشقا بۇرۇنراق ئۆيلىنىۋالمىغان.

— ياش ئۆلۈپ كېتىشىمنى نەدىن بىلەي. لېكىن ياش ئۆلۈپ كېتىشىمنى بىلگەن بولساممۇ بالدۇراق توي قىلىشىم ناتايىن ئىدى، چۈنكى مەن ئۆلسەم خوتۇن - بالىلىرىم تۇل - يېتىم قالاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن بۇ ئىشلار بەرىبىر. چۈنكى ئادەم ئۆلسە ھەممە ئىش نۆلگە تەڭ بولىدۇ.

— لېكىن مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن. ئەگەر مەن ئەتە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلسەم بۈگۈنلا قوشنىمىزنىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلاتتىم، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ مەندىن كۆپ قابىلىيەتلىك، قالتىس ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغۇسى كەلگەندەك.

— باسقۇنچىلىق دېگەن قانداق بولىدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن راستىنلا خەۋىرى بارلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەي.

— مۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئىككى قولى بىلەن بىر قىلىقسىز ھەرىكەتنى قىلىپ، — ئەجەبا، سەن بۇنى بىلمەمسەن؟

— بىلمەيدىكەنمەن. سەن بەك چوڭ بولۇپ كېتىپسەن، داداڭ سېنى ئۆيلىنىۋەتسە بولغۇدەك، سەن ھەتتا مەندىنمۇ چوڭ بولۇپ كېتىپسەن.

— مەن تېخى ئۆلۈپ كەتمەيمەن، ئالدىرىماي ئۆيلەنسەممۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئېشىكنى قاتتىق بىرنى سېلىپ، — ئاتا - ئاناڭ بارمۇ؟

— ھەئە، — دېدىم مەن. بىز ئوخشاش ئۆيلەر ۋە جېگدىلىكنى بويلاپ تۆۋەنگە كېتىپ باراتتۇق. يوللار جىمجىت، زېرىكىشلىك ئىدى.

— ئۇلار سېنى ئۇزاتقاندا تازا يىغلىغاندۇ، مەن بىرەر تۇغقىنى ياكى ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

— ئالدىرىماي بىلىپ قالىسەن، — دېدىم مەن. ئۇ ئېشىكنى يەنە قاتتىق بىرنى سالدى.

— ئاكا، بىر يەرنى تېپىپ ئوبدانراق يۇيۇنۇۋال. بەكلا پۇراپ كېتىپسەن. قارا بۇ چىۋىنلەرنى. بۇلار ئېشەككە ئەمەس ساڭا يۇگۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ بىر قانچە رو چىۋىننى كۆرسىتىپ. ئۇ چىۋىنلەر مەن ئۆيدىن ئايرىلغاندىن بۇيان دەسلەپ مېنى قاتتىق بىزار قىلغان بولسىمۇ، بارا - بارا مېنىڭ يېقىن ھەمراھلىرىمغا ئايلانغانىدى. ئۇخلاپ قالسام ئېغىزىمنىڭ گىرۋەكلىرىگە قونۇۋالاتتى. ئويغاق تۇرسام كىيىمىمنىڭ بىرەر يېرىگە قونۇۋېلىپ مېنى كۆزىتەتتى. ئەمما ئانچە دەخلىسى يوق ئىدى. ئۇلارغا كۆنۈپ قالغىنىمدىن ھەتتا ئۇلار كۆزۈمگە چېلىقمىسا ئەتراپىمغا قاراپ ئۇلارنى ئىزدەيتتىم. مەن ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ بولسىمۇ ماڭا ھەمراھ بولۇشىنى، مېنى تاشلاپ كەتمەسلىكىنى تىلەيتتىم. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىپ تۇرسام ئۇنچىلا يالغۇزلۇق - غېرىبلىق ھېس قىلىپ كەتمەيتتىم. ئۇلار گەرچە ھاياتلىقىمدا ئەڭ ئەرزىمەس، ئويلىنىپ ئولتۇرۇشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەر دەپ قارالغان بولسىمۇ، ئەمما مەن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى ھەمراھىم دەپ قارايدىغانلىقىمنى ئاشكارىلاپ قويۇشنى خالىمايتتىم. شۇڭىمۇ ئۇ بالا بۇ چىۋىنلەرنى تىلغا ئالغاندا ئۇلارنى ئۈستۈمدىن قورۇدۇم ھەم:

— ئۇكام، سەنمۇ ئۆلگەندە بۇنداق چىۋىنلەرنىڭ قانچىلىك بۇدۇشقاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن. قارىغاندا، مەن بۇلاردىن قۇتۇلالمايدىغاندەك قىلىمەن، — دېدىم.

— مەن ئۆلسەم سۆرىلىپ يۈرىدىغان ئىشنى قىلمايمەن.

— سۆرىلىپ يۈرۈش - يۈرمەسلىك ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس، كىم بىلىدۇ، سەن ئۆلگۈچە ئادەمنى دەپنە قىلىش ئەمەس، ھەتتا ئۆلگەننى ئېتىراپ قىلىشىمۇ تەسلىشىپ كېتەمدۇ تېخى، يېقىندىن بېرى سېنىڭ بىرەر تۇغقىنىڭ ئۆلۈپ باقمىدىمۇ؟

— ياق، — دېدى بالا ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە تاياقنى نىقتاپ تۇرۇپ، ئېشەك دۈمبىسىنى قاچۇرمەن دەپ هارۋا بىلەنلا ئېرىققا كىرىپ كەتتى. هارۋا ئۆرۈلۈپ چۇشكىلى تاس قالدى.

— ئېشەكنى خورلاشنى سەن كىمدىن ئۆگەنگەن، — دەپ سورىدىم مەن هارۋىدىن چۈشۈپ. بۇ چاغدا بالا ئېشەكنى تازا ساۋاشقا باشلىغانىدى. مەن هارۋىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگەچ ئېشەك ئېرىقتىن چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئېشەك سېنىڭ تۇغقىنىڭ ئەمەستۇ، — دېدى بالا ھاسىراپ تۇرۇپ، ئاندىن يەنە مېنى بىئارام قىلىش ئۈچۈن ئېشەكنىڭ قورسىقىغا ئىككىنى تەپتى. ئېشەك بېلىنى ئېگىپ تاياقتىن ئۆزىنى قاچۇردى ھەم دەرھاللا مېڭىپ كەتتى. مەن هارۋىغا چىقىپ ئولتۇردۇم، بىزنىڭ يولىمىز ھېچقانچە ئاۋۇمىغانىدى. بىز يەنە شۇ مېڭىشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. مەن ئۇ بالىنىڭ زەھەرخەندە سوئالىغا نېمە دېيىشنى بىلمىگەچ لام - جىم دېمەي ئولتۇردۇم. ئۇ بالا ئەكسىچە، سوئالىغا

جاۋاب كۈتۈپ ماڭا قاراپ - قاراپ قوياتتى. ئاخىر ئۇ يەنە:

– ئاكا، بۇ ئىشەك تۇغقىنىڭ ئەمەستۇ دەپ سوراۋاتىمەن، – دېدى.

– سىنىڭ بىرەر ئىشەك تۇغقىنىڭ بولۇپ باققانمۇ؟ – دېدىم مەن.

– ياق. لېكىن سەن ئىشەكنى ئۆز تۇغقىنىڭدەك كۆرىدىكەنسەن. راست دەۋاتىمەن.

ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. بالا بىردەم جىم تۇرۇپ قالسا ئىچى پۇشاتتى. ئۇ بىردەم مېنى گەپكە سېلىپ، بىردەم ناخشا ئېيتىپ، بىردەم ئىشەكنى ئۇرۇپ بىقسىپ ئۆزىنى ئۇزۇنراق مەشغۇل قىلالايدىغان بىرەر ئىشنى تاپالماي ئاخىر ئۇخلىغا ياتتى، يۈزىنى شاپاق دوپپىسى بىلەن يېپىپ كۈنگە دالدا قىلىپ ئۇيقۇغا چۈشتى. ئىشەك يەنىلا ئۆز مېڭىشىدا ئىدى. بىر دوقمۇشقا كەلگەندە مەن بالىنى نوقۇدۇم:

– هوي بالا، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتمەيلى يەنە.

ئۇ بەزدەك يېتىۋەردى، مەن گېپىمنى يەنە تەكرارلاپ ئۇنىڭ شاپاق دوپپىسىنى ئېلىۋەتتىم. ئۇ دوپپىسىنى قولۇمدىن تارتىۋېلىپ:

– يېتىپ بېرىشقا يەنە خېلى بار، – دېدى، ئاندىن شاپاق دوپپىسىنى يەنە يۈزىگە ياپتى. قارىماققا يېزىنىڭ ئايىغىغا كېلىپ قالغاندەك قىلاتتۇق. بىز مېڭىۋاتقان بۇ يول يېزىنىڭ قوۋرۇقىدىكى بىرنەچچە ئەسكى تاملىق ئۆينى يانداپ ئۆتتى، ئاندىن بىر كەڭرى شورلۇققا چىقىپ قالدۇق. زەي شورلۇقنىڭ تەسىرىدە هاۋانىڭ مېڭىشى سەل ئاستىلاپ قالدى، بۇ چاغدا بالا ئورنىدىن تۇردى.

– ئاكا، بەش يۈەننى ئەمدىغۇ بېرەرسەن؟ – دېدى ئۇ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ.

مەن بەش يۈەننى ئۇنىڭغا بېرىپ هارۋىدىن چۈشتۈم، بالا ئىشەكنىڭ نوختىسىنى تارتىپ هارۋىسىنى كەلگەن تەرەپكە بۇرىدى ۋە ئىشەكنى يەنە غەزەپ بىلەن ساۋاپ مېڭىپ كەتتى. مەن ئەتراپقا قاراپ كىچىك بىر زەي سۇ كۆلچىكىنىڭ بويىدىكى بىر يۇرۇش كونا ئۆينى كۆردۈم. قارىماققا ئۇ يەر دەل مەن ئىزدىگەن يەردەك قىلاتتى. چۈنكى ئىشىك ئالدىدا ناهايىتى قېرىپ كەتكەن ئۈچ ئادەم كىشىگە ئاخىرەتكە بېرىشنىڭ قانچىلىك مۇشكۇللۇقىنى ئەسلىتىپ مۆگدەپ ئولتۇراتتى. مەن ئىشىك ئالدىغا بارغاندا ئۇلار ماڭا قاراپمۇ قويمىدى، مەن ئىشىك هالقىسىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ئاۋاز چىقىرىپ، بىرەر

ئادەمنىڭ چىقىشىنى كۈتتۈم. دېگەندەك تېزلا بىر ياش ئايال ئىشىكنى ئاچتى.

– كىرىڭ، – دېدى ئۇ ئايال ماڭا ئانچىلا دىققەت قىلىپ كەتمەي. مەن بۇ هويلىغا كىردىم. هويلا ئىچى سۈس ئەتىر پۇراپ تۇراتتى. ئەمما بۇ پۇراق مېيىت پۇرىقىنى يېپىپ كېتەلمىگەنىدى. هويلىدىكى ئۇزۇن تارتىلغان سىمغا نۇرغۇن يوتقان - كۆرپە ئارتىپ قويۇلغانىدى. بۇ يەر هەقىقەتەنمۇ هاياتىي كۈچتىن خالىي سىپپى ئۆزىدىن مېيىتلەر ماكانى بولۇپ، بۇ يەردە نە بىر ۋاراڭ - چۇرۇڭ، نە بىر قىزغىنلىق يوق، هەممە ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ئۇ ئايال ئارقىسىدىن مېڭىشقا ئىشارەت قىلىپ ئۇزۇن بىر كارىدورغا كىردى. مەن ئۇ ئايالنىڭ ئارقىسىدىن كارىدورنى كېسىپ ئۆتتۈم، كارىدور سۇس قاراڭغۇ بولۇپ هەر ئىككى - ئۈچ قەدەمدە بىر ياغاچ تۈۋرۈك بار ئىدى. بۇ ئۆيلەرنىڭ كونىلىقىمۇ بۇ يەردىكى ئەجىلى توشۇپ ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەر بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. ئۇ ئايال مېنى بولۇڭدىكى بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. بۇ ئۆينىڭ كۈنگەي تەرەپتە بىر دېرىزىسى بولۇپ، ئۆي كارىدوردىن خېلى يورۇق ئىدى. ئۆيدە ئۈچ ئادەم ئەستايىدىللىق بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئاۋازى ناهايىتى پەس، كەيپى سۇس ئىدى، بۇ ئۆيدىمۇ كارىدوردىكىدەك تۈۋرۈكتىن بەش - ئالتىسى بولۇپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ تەسىرىدە بۇ كىچىك ئۆي تېخىمۇ تارلىشىپ كەتكەنىدى.

– بۇ يىگىت سىلەرنىڭ يېڭى هەمراهىڭلار، – دېدى ئايال ئۇلارنىڭ پارىڭىنى بۆلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن شۇلاردەك پەس ئاۋازدا، ئاندىن ئىككى تۈۋرۈك ئايرىپ تۇرغان بۇلۇڭدىكى بىر ئورۇننى كۆرسىتىپ، – تاكى بۇ يەردىن كەتكۈچە تۇرىدىغان جايىڭىز مۇشۇ بولىدۇ، – دېدى.

مەن ئۇ ئورۇنغا قاراپ بولغۇچە ئۇ ئايال ئىشىكتىن دەرهاللا چىقىپ كەتتى. ئىشىك قىيىپ قالغاچقا ئۆزلۈكىدىن يېپىلىپ قالدى. مەن بۇ ئۈچ كىشىنىڭ هېچقانداق قارشى ئېلىشىغا، هېچبولمىغاندا ئازغىنا دىققىتىگە بولسىمۇ سازاۋەر بولالمىغاندىن كېيىن ئۆز ئورنۇمغا بېرىپ ياتتىم. ئۇلارنىڭ دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىشىم ئېهتىمال تىرىكلىكتىن قالغان يامان ئادەت بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، يەنە نۇرغۇن ئادەتلىرىمنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدىم هەم بۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن ھېچقانداق ئىشنى كۆڭلۈمگە ئالماسلىق نىيىتىگە كەلدىم. پارقىلىشىپ ئولتۇرغانلار ئاساسەن تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، يېشى 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكىدەك قىلاتتى. بىرسى ساقىلى ئۆسۈپ چىگىشلىشىپ كەتكەن، قالغان ئىككىسىنىڭ بىرى بۇرۇتىنى تۈجۈپىلەپ ياسىغان، ھايات كىشىلەردەك كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى، يەنە بىرسى كوسا ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كوسىلىقىنىڭ ئۇلارنىڭ ساقال - بۇرۇتىدەك ئۆزىنى كۆپ ئاۋارە قىلمىغانلىقىدىن تولىمۇ مەمنۇندەك قىلاتتى. شۇڭىمۇ ئۇ ئېڭىكىنى بىرەر قىممەتلىك خاتىرە بۇيۇمىنى سىلىغاندەك سىلايتتى ھەم بۇ سىلاشنىڭ ئالاھىدە ھۇزۇرلاندۇرۇش كۈچى باردەك ھەر سىلىغاندا يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈرەيتتى. ئەگەر ئۇ تاڭ سەھەردە سىلىق ئېڭىكىنى سىلاپ ھۇزۇرلىناي دېگەندە، كۈتمىگەندە ئېڭىكىنى ساقال بېسىپ كەتكەن بولسا، ئۇ قانداق تەسىراتتا بولاتتى دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇلار شۇ تاپتا دەل ساقال - بۇرۇت ھەققىدە پارقىلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇلاردىن بۇرۇتلۇق بىلەن چاڭگا ساقال بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى، ئۇلار گويا سەھنىدە بولۇپ، كوسا تۆۋەندە ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرەتتى ھەم ئۆزىنى بۇنداق دەتالاشقا قويمىغان خۇدايىمغا ئېڭىكىنى سىلاپ مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى.

— ساقىلىڭىزنى ياساپ تۇرۇشىڭىز كېرەك، ئۆلۈم بىزنى بۇنچىۋالا چۆشكۈنلەشتۈرۈۋەتسە بولمايدۇ، قارىڭا ئەپتىڭىزگە، گۆردە ئون يىل ياتقان ئادەممۇ سىزدەك بەتبەشىرە بولۇپ كەتمەيدۇ، سىز مەندىن ئۆگىنىڭ، ئەگەر ماڭا دەپنە تەكلىپى كېلىپ قالسا بىرەر ساتىراشنى گۆرۈمگە ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، بىر يۈرۈش ساقال - بۇرۇتنى ياساپ - تارايدىغان نەرسىنى چوقۇم بىللە ئېلىپ كېتىمەن. پاكىزلىق ئادەمنىڭ زىننىتى. مېنىڭ بۇ تۇرقۇمغا قاراڭ، چېھرىمدىن نۇر ياغىدۇ نۇر، مەن ھەتتا تىرىكلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرسام ئۇلار ھەرگىزمۇ مېنى مېيىت دەپ قارىمايدۇ، — دەيتتى بۇرۇتلۇق ئادەم.

— لېكىن سىز بەرىبىر مېيىت، مەيلى ئۆزىڭىزنى قانچىلىك بېزىگەن تەقدىردىمۇ، مېيىت ئۈچۈن ھەممە نەرسە بەرىبىر، بىز ئۆلدۇقمۇ تىرىكلىكتىكى بارلىق ئادەتلەر بىز ئۈچۈن نۆلگە تەڭ، — دەپ ئىنكار قىلاتتى چاڭگا ساقال.

— ھېچبولمىغاندا گۆرگە كىرگۈچە بولسىمۇ شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بەرگەن ياخشى، قارىڭا تۇرقىڭىزغا، بىز بۇ يەردە كۈندىلا مۇھىتنى ئاسراش ئورۇنلىرىنىڭ بىلىپ قېلىپ بىزنى ئەخلەتكە ئوخشاش تازىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرىمىز. ئەگەر ئۇلار كېلىپ سىزنى كۆيدۈرۈۋەتسە مەن ھەرگىزمۇ ئەجەبلەنمىگەن بولاتتىم. چۈنكى سىز ھەقىقەتەنمۇ مۇھىتنى بۇلغاۋاتىسىز.

— سىز بەرىبىر مېيىت، ئۆزىڭىزگە ئەتىرنى قانچىلىك سېپىۋالغان بىلەن بەرىبىر مۇھىت بۇلغىنىۋېرىدۇ. مېنىڭ بۇ بىر تۇتام ساقىلىم قانچىلىك مۇھىت بۇلغىماقچىدى، بۇ ساقال ماڭا يۆتىلاشمىغانىكەن، ھېچكىمگە يۆتىلاشمايدۇ. مەن سىزگە دېسەم مېيىتلەر يۇيۇنۇپ - تارىنىدىغان، ئۆزىگە ئەتىر سېپىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك. مېيىتلەرنىڭ دەپنە قىلىنىش ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلارنىڭ مۇھىتىنى بىز تېخىمۇ بۇلغىنۋەتسەك، تېخىمۇ بەتتەرلەشتۈرۈۋەتسەك شۇنچە ياخشى. بىز ئۇلار بىلەن قارشىلىشىپ ئۇلارنى دەپنە قىلىنىش ھوقۇقىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىشىمىز كېرەك.

— سىز مۇھىتنى ئاسراش ئورۇنلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز، بىز ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتسەك، ھەتتا ئۇلارنىڭ مۇھىتىنى تېخىمۇ بۇلغىساق ئۇلارنىڭ مۇھىتنى ئاسراش شوئارى بىلەن بىزنى تېخىمۇ ئاشكارا كۆيدۈرۈشكە، بىزنى تاشلىۋېتىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىمىز. ئۇلار بىزنى بەتبەشىرە ئەپتىمىزگە قاراپلا تونۇۋالىدۇ، ئۇلار دەپنە قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرمىدى، ئاڭلىسام، ئىككى ئاي بۇرۇن قوشنا شەھەردە دەبدەبىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بىر مېيىتنى دەپنە قىپتۇ، يۇقىرىقى ھەرىكەتتىن ئۇلارنىڭ تېخى دەپنە قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇلار بىز بىلەن قانچىلىك قارشىلاشسىمۇ ئۇلار ئۆلسە يەنىلا بىزنىڭ كۈنىمىزنى كۆرىدۇ. مانا بۇ تەڭشىلىش دېگەن. ھازىر بىز پەقەت ئۆزىمىزنى

ساقلاپ قالساق، دەپنە قىلىنىشنىڭ كۈتسەك بولىدۇ. بىز ھېچبولمىغاندا مۇشۇ ئەجرىمىز بىلەن خۇدانى تەسىرلەندۇرەلىشىمىز مۇمكىن.

— ئەگەر بىز تازىلىنىپ كەتسەك، دېمەك، خۇدايىم بىزنىڭ تازىلىنىپ كېتىشىمىزنى پېشانىمىزگە پۈتكەن دېگەن گەپ، ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىڭىز تىرىكلەرگە پايدىلىق، سىز دەپنىگە ئىشىنىدىكەنسىز، نېمىشقا دەپنە قىلىنىشقا چارە قىلىپ باقمايسىز. ئۆزۈمنى ئېيتسام، ئۆزۈمنىڭ بۇنچىۋالا كۆپ ئاۋارىچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىشقا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

— لېكىن، سىزنىڭ تىرىكلەرگە پايدىلىق ئىش قىلىۋاتىسىز دېگەن گېپىڭىز بەك ئېشىپ كەتتى. ئەگەر مېنىڭ ئۇلارغا پايدىلىق ئىش قىلغۇم بولسا بۇ يەرگە نېمىشقا مۇھىت ئاسراش ئورنىدىكىلەرنى باشلاپ كەلمەيمەن، ئەگەر ئۇلار بۇ يەرنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، بۇ يەردىكى مېيىتلەرنىڭ ھالىغا ۋاي.

ئۇلار بىر - بىرىگە ئېزىپ چۈشەندۈرۈپ زېرىكمەي مۇنازىرە قىلاتتى، چۈنكى ئۇلاردا ۋاقىت دېگەن ساماندەك ئىدى. كوسا ئۈچۈن بۇ ئوبدان تاماشا بولسا كېرەك، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇلارنىڭ ئەرزىمەس ئىشلار توغرىسىدىكى بۇ مۇنازىرىسىگە چوڭقۇر قىزىقىش چىقىپ تۇراتتى. مېنىڭ بولسا بەكلا ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. مەن بەك چارچاپ كەتكەچكە ئۇخلاپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسىنى داۋاملىق ئاڭلاش ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدىم.

ئەتىسى بىرسىنىڭ نوقۇشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم، تېخى تاڭ ئاتمىغان، سىرتتا بامدات نامىزىغا چاقىرغان ئەزاننىڭ ئاۋازى ياڭراپتتى. مەن كۆزۈمنى ئېچىپ، مېنى نوقۇشلاۋاتقان ئادەمنى ئاران تونۇدۇم، بۇ ھېلىقى يارىشىملىق ساقال - بۇرۇت قويغان، تازىلىقتا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئويغانغانلىقىمنى كۆرۈپ:

— غەپلەت بېسىپ يېتىۋەرمەڭ، قوپۇڭ، ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى. كوسا بولسا چاڭگا ساقالنى ئويغىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. چاڭگا ساقال جۆيلۈگەن بولۇپ ئۇنى بىرنى تەپتى. ئاندىن تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدى. كوسا بولسا ئۇنى ئويغىتىشنى يەنە بىر تېپىك يەپ ئاندىن بولدى قىلدى.

— سىزنىمۇ بىرنى تەپسەم ئاندىن بولدى قىلامسىز، — دېدىم مەن مېنى يەنە نوقۇشقا ئۈزىتىلغان تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەمنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ.

— ناماز ئوقۇمىغاننىڭ گۇناھى ئۆزىڭىزگە، مەن پەقەت سىزنى نامازغا دەۋەت قىلىپ مۇسۇلمانلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم، — دېدى ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ.

ئۇ چاپىنىنى كىيگەچ كوسا بىلەن ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا چاڭگا ساقال بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى.

— سىز ئويغاقمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ھەئە، — دېدىم مەنمۇ بېشىمنى كۆتۈرۈپ.

— بۇ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئادىتى، ئۇلار دائىملا مېنى نامازغا چاقىرىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىچە باشقىلارنى نامازغا دەۋەت قىلىپ ساۋاب تاپتۇق دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى مېنى ناماز ئوقۇتۇش ئەمەس، بەلكى مېنى نامازغا دەۋەت قىلىپ ساۋاب تېپىش. ئەگەر مەن ناماز ئوقۇسام ئۇلار مېنى نامازغا دەۋەت قىلىپ ئالىدىغان ساۋابتىن قۇرۇق قالغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى شۇنچىلىك بولسىمۇ نەپتىن قۇرۇق قويماي دەپ نامازغا چىقمايۋاتىمەن. ئۇلار بۇنداق ساۋابنىڭ بەدىلىگە بىر - ئىككى پەشۋا يېيىشكە رازى، يەنە بىر جەھەتتىن مېيىتلەر ناماز ئوقۇمىسىمۇ بولار دەيمەن.

— سىز ئۇلارنى يەنىلا نەپتىن قۇرۇق قالدۇرۇپسىز. چۈنكى سىز ناماز ئوقۇسىڭىز بۇنىڭ ساۋابى يەنىلا شۇلارغا بولۇشى چوقۇم ھەم ئۇلار كۈندىلا سىزدىن تېپىك يېمەيدۇ.

— ئۇنداقتا مەن ئۇلارغا بىر ياخشىلىق قىلاي، — دېدى ئۇ يوتقىنىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ.

ئەمما بىز تەييارلانغىچە ناماز ئاخىرلاشقانىدى. ئۇلار ياتاققا قايتىپ كىرىپ كارىۋاتلىرىغا بېرىپ ياتتى.

— ئەمەلىيەتتە باشقىلارنى نامازغا دەۋەت قىلىپ ساۋاب تاپىمەن دېيىش توغرا ئەمەس، — دېدىم مەن ئۇلار قايتىپ كىرگەن بولسىمۇ چاڭگا ساقال بىلەن بولغان مەنىسىز سۆھبىتىمنى

ئاخىر لاشتۇرغۇم كەلمەي. چۈنكى مەن يۇقىرىقى گەپلىرىمنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ئويلاپ قالغانىدىم، - بۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزىگە گۇناھ يۈكلىۋېلىشى مۇمكىن. چۈنكى خالىس بولمىغان ھەرقانداق ئىش راۋا بولمايدۇ.

بۇ گېپىم بىلەن تەڭ تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم ئورنىدىن تۇردى.

- ئۇكام، - دېدى ئۇ قاشلىرىنى ھىمىرىپ، - بۇ گەپلىرىڭنى بىزگە قارىتىپ دەۋاتامسەن، سەن بىزنىڭ خالىس ياكى ئەمەسلىكىمىزنى قانداق بىلىسەن؟

- بۇ ئۇكام بىلەن مەن باشقا بىر گەپنى قىلىشىۋاتىمىز، سەن قاپ بەلدىن چۈشۈپ نېمە دېمەكچى. بېرىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلا، ئەتىدىن باشلاپ مەنمۇ نامازغا چىقىمەن، مېنى نامازغا دەۋەت قىلىپ ئالىدىغان ساۋابىڭنى قۇرۇق قالىدىغان بولدۇڭلار.

بىز ئەتىسى سەھەردە تەڭ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ نامازغا تەييارلاندۇق، بىز تۆۋرۈكى تولا كارىدورنى كېسىپ ئۆتۈپ ھويلىغا چىقتۇق. ئاندىن خېلى كەڭ بىر زالغا كىردۇق، زالنىڭ تۆرىگە بىر تال غۇۋا لامپا يېقىپ قويۇلغان، شۇڭىمۇ تۆرنى دېمىسەگەندە زالنىڭ باشقا تەرەپلىرى قاراڭغۇ ئىدى. لامپۇچكىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان، يۈزىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ئادەم (ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىسا كېرەك) ئىماملىق قىلدى. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئۈن - تىنسىز تارقىلىپ كەتتۇق. قايتىپ كىرىپ ئۇخلاپ قالدىم. ئويغانسام ئاپتاپ چىقىپتۇ، ياتاقتىكىلەر بىلەن بىللە يوتقان - كۆرپىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ھويلىدىكى ئۇزۇن تارتىلغان سىمغا يايدۇق، ئاندىن بىر - بىرىدىن يىراق - يىراق ئولتۇرغان ئادەملەردىن تېخىمۇ يىراقراق ئولتۇرۇپ ئاپتاپسىنىدىم. ئۇلار كۈندىلا مۇشۇنداق قىلاتتى، ئادەم ئۆلگەندە تېرىسى شەلۋەرەپ كېتەتتى، ئاپتاپقا قاقلانغاندا بولسا ئادەمدە ئازراق بولسىمۇ ھاياتلىقنىڭ كۈچ پەيدا بولاتتى. مەن بۇنى ماڭا تونجى بولۇپ ئىشەنگەن بەش ياشلىق بىر بالىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ بالا بولسا سۇدا تونجۇقۇپ ئۆلگەنىكەن، ئۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى قاتتىق قايغۇرغان بولسىمۇ، بۇ بالا ئۆزىدىن يېرىم يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن

بوۋىسى بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىغا بەكلا خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى ھېلىقى چاغقا ساقال ئىدى. ئۇ چاغقا ساقال بولسا ئۆزىنىڭ جىنسىمىدىن پۈتۈن جاھاننى تونجۇقتۇرۇپ قويغۇدەك سېسىق پۇراق چىقىشىنى، جىسمىنىڭ سېسىپ ھېچكىم يېقىن كېلەلمىگۈدەك دەرىجىدە چىرىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۇمىدىنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ تېرىلىرى خۇددى ھېلىلا ئۆلگەندەك ساق پېتى ئىدى. ئۇ بولسا بەش ياشلىق نەۋرىسىدىن بىزاردەك قىلاتتى. شۇڭىمۇ بۇ نەۋرىسىنى قوشنا ياتاقتىكى بىر ئايالغا بېرىۋەتكەن، لېكىن ئۇ بالا بۇ خىل بېرىۋېتىشنىڭ تەسىرىگە قىلچە ئۇچرىمىغان، چۈنكى ئۇ خالىسىلا بۇ بەتبەشىرە بوۋىسىنى كۆرەلەيتتى.

- كۈن نۇرى ئادەمگە تازىمۇ خۇش ياقاتتى، ئۇ بالا ھويلىدىكى سەينادا بېشىنى تۆۋەنگە قىلىپ خۇددى ئۆزىنى تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگەن سۇنى گېلىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىۋاتقاندەك پات - پات چىڭقىلىپ قويۇپ ياتاتتى. ئەتراپىتىكى كىشىلەر بولسا قانداقتۇر غايىب بىر تىۋىشنى تىڭشاۋاتاتتى. شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن كارى يوق ئىدى. مەن بېرىپ بالىنىڭ پۇتىنى كۆتۈردۈم، ئاندىن مەيدىسىنى باستىم. مەن بۇ ھەرىكەتلەرنى بىرەر مەقسەتتە قىلمىغانىدىم. چۈنكى بۇ ئىشىم بالىغا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيتتى. بالا تىپچەكلەپ مېنىڭ كونتروللۇقۇمدىن قۇتۇلدى، ئاندىن:

- مەن ئۆلگەن كۈنى ئۇلار مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ، مېنى بەكلا قىينىۋەتتى، بۇنداق قىلىش ماڭا پايدىسىز، - دېدى.

- سۇدىن نېرىراق ئوينىساڭ ساڭا بۇ كۈن يوقتى، - دېدىم مەن.

- مەن بۇنىڭغا پۇشايمان قىلمايمەن، - دېدى ئۇ گەپنى تولۇق قىلىپ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆلۈپ چوپچوڭلا بىر ئادەمنىڭ ئەقلىگە ئېرىشكەندەك قىلاتتى. مەن مۇشۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەن دەپ ھەيران بولدۇم.

- پۇشايمان قىلساڭمۇ كېچىكتىڭ، - دېدىم مەن.

- نېمىلا دېسىڭىز ئوخشاش، - ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئاندىن،ـ سىز ھەممىدىن نېمىنى ئارزۇ قىلىسىز،ـ دېدى.

ـ مەن بۇ كىشىلەرنىڭ قانداقتۇر دەپنە مۇراسىمى، مېيىت، تىرىكلەر ھەققىدە گەپ قىلماسلىقىنى، نورمال ئادەمدەك بىر - بىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، لېكىن بۇ بەكمۇ تەس.

ئۇ بالا قولۇمدىن تارتىپ مېنى تۇرغۇزماقچى بولدى، مەن كۈچىنىپ ئولتۇرۇۋەردىم.

ـ سىز نېمىشقا مەن بىلەن تەڭ چاغدا ئۆلۈپ كەتمىدىڭىز، شۇنداق بولغاندا ئۆيىڭىزدىكىلەر ئۇنچە قايغۇرۇپ كەتمىگەن بولاتتى.

ـ ھېلىمۇ ئۇنچىلا قايغۇرۇپ كەتمىدى، سەن نېمە دېمەكچى؟

ـ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بىز ئۆلۈپ كەتسەك باشقىلار بىزدىن خاتىرجەم بولۇپ قالىدىكەن.

بۇ چاغدا بالىنى بېقىۋالغان ئايال ئۇنى مەن بىلەن بەك كۆپ سۆزلىشىپ كەتتى دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، بالىنى قولۇمدىن تارتىپ ئېلىپ كەتتى. مەن ناھايىتى تېزلا ئۆلۈكلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن مۇئامىلە قىلمىقى بەك تەس ئىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ كىشىلەر ھەممىسىلا ئۆزئارا دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە سەممىمىي نىيەتتە قارىغىنىنى ئۇچرىتىش بەكمۇ مۈشكۈل ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىككە تولغان نەزىرى قۇياشقا قاراپ سۇرۇلۇۋاتقان بىر پارچە بۇلۇتقا مەركەزلەشتى. ئاندىن ئۇ بۇلۇتنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان چوڭ قارا بۇلۇتقا يۆتكەلدى. قارا بۇلۇت ئۈستىمىزگە كەلگەندە يامغۇر سىم - سىم يېغىشقا باشلىدى. ئۇلار يونقان - كۆرپىلىرىنى ئېلىپ ئۆيلىرىگە ئوپۇل - توپۇل يۈگۈرۈشكە كىرىشتى. قارىماققا يامغۇر ئەمەس، بەلكى تاش ياغىدىغاندەك ئۇلار شۇنداق ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتكەنىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قاتتىق بىر جىددىيلىك بارلىقىنى سەزدىم. يامغۇر باشتا ئاستا ياغقان بولسا، كېيىن بارا - بارا كۈچىيىشكە باشلىدى. مەن نېمىشقىدۇر ئولتۇرۇۋەردىم. مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇپ يامغۇرنىڭ تېخىمۇ قاتتىق يېغىشىنى تىلىدىم. بىر چاغدا يامغۇر سەل پەسلەپ قالدى. مەن كۆزۈمنى ئېچىپ تۇيۇقسىز

بارلىق ئىشىك - دېرىزىلەردىن تۇرغۇنلىغان كۆزنىڭ ماڭا شۈبھە بىلەن قاراپ تۇرغىنىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ غەزەپلىك تۇس ئالغان چىرايى مېنى قاتتىق ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئۇلار ماڭا شۇنداق چەكچەيگەن، مەن ئۇلارغا قورقۇنچ بىلەن قارىغان ھالدا خېلى ۋاقىت ئۆتتى. يامغۇرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچىسى تامچىپ توختىغان ھامان، بارلىق ئىشىكلەر ئېچىلىپ مېيىتلەر ماڭا ئەسەبىيلەرچە ئېتىلىپ كەلدى. مەن دەسلەپ قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغىنىمنى بىلەلمىدىم. مەن ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلارنىڭ ئايىغىغا يىقىتىلدىم. ئۇلار مېنى كەلسە - كەلمەس دەسسەشكە باشلىدى، ئاندىن ئىككى مېيىت ئىككى پۇتۇمدىن تۇتۇپ سۆرىدى. مەن تاكى زالغا ئېلىپ كىرىلگۈچە باشقىلار ئۇدۇل كەلگەن يېرىمگە تېپىپ ماڭدى. ئۇلار مېنىڭ تونۇپ قېلىشىمدىن ساقلانغاندەك تىنماي ئالمىشىپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ بىر ئىشنى ئىككى نۆۋەت قىلغىنىنى كۆرەلمىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇلار تېزلا كۆزۈمنى تېڭىۋەتتى. ئاندىن قولۇمنى باغلاپ ئۆينىڭ تورۇسىغا ئاستى، ئۇلارنىڭ ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئەتكەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى. ئۇلار كۇسۇرلىشىپ بىرنەرسىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ بىرنەچچە سۆزىنى پەرق ئېتەلىدىم.

ـ مېنىڭچە، ئۇمۇ ئۆلۈكمىكىن،ـ دېدى بىرسى،ـ ئەگەر بىرەر تىرىك ئادەم بۇنداق كۆپ تاياق يېسە بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتى.

ـ كىم بىلىدۇ، ئۇلار ئۇنى ئارىمىزغا تاياققا پىشۇرۇپ ئەۋەتكەنمۇ، ئۇ ئۆلۈك بولمىسا نېمىشقا يامغۇرغا پىسەنت قىلمايدۇ.

ئۇلار يەنە كۇسۇرلىشىپ مۇنازىرە قىلىشتى. مەن ئۇلارنىڭ باشقا سۆزلىرىنى ئاڭلىيالمىدىم، بىردەمدىن كېيىن ئۇلار جىمىپ كەتتى.

ـ ئۇر،ـ دېدى بىرسى. شۇنىڭ بىلەن كالتەك، توقماقتەك نەرسىلەر ئۈستۈمگە يېغىپ كەتتى. مەن دەپنە قىلىنغىچە جىسمىمنى تولۇق ساقلاش ئۈمىدىمدىن ۋاز كەچتىم. چۈنكى ئۆمرۈمدە بۇنچە قاتتىق تاياق ئاستىدا قېلىپ باقمىغانىدىم. مەن جان ئاچچىقىدا بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرايتتىم. ئۇلار بولسا پىسەنتىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلماي تىخىمۇ ئۇرۇۋەردى، كېيىن تاياقنىڭ ئەگكىنىنىمۇ سەزمەي قالدىم. بىر چاغدا ھوشۇمغا كېلىپ ئۇلارنىڭ:

- ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇقمۇ نېمە؟- دېگەن گېپىنى ئاڭلىدىم.

- بىز ئۇنىڭدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغان بولدۇق. چۈنكى ئۇ ئۆلۈپ بىزگە ئوخشاش شۇم پېشانە بولۇپ قالدى،- دېدى يەنە بىرسى.

- مەن ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە ئىشەنمەيمەن. بىزنىڭ جىنىمىز شۇنچىلىك ئوڭاي چىققانمۇ، بىز ئۇنى يېشىۋېتىپ قاراپ باقايلى.

ئۇلار مېنى ئىسسىقلىق يەردىن يېشىۋەتتى. مەن يەرگە قاتتىق يىقىلدىم، ئاغرىقتىن:

- ئاناڭنى، نېمىشقا مېنى مۇشۇنداق بوزەك قىلىشىسەن،- دەۋەتتىم. ئۇلار قولۇم باغلاقلىق ھالدا مېنى يۆلەپ بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن بىر قانچە شاپىلاق سالدى. كۆزۈم تېڭىقلىق بولسىمۇ تېڭىقنىڭ ئاستى تەرىپىدىن كىچىك بىر يوچۇق ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، مەن بۇ يەردىن قاراپ مېنى بىرقانچە شاپىلاق سالغان كىشىنىڭ كوسا ياتاقدىشىم ئىكەنلىكىنى پۈتىدىن تونۇۋالدىم. ئۇ كېتىپ ئالدىمغا يەنە بىر كىشى كەلدى. مەن ئۇنىڭمۇ بىرنەچچە شاپىلاق سېلىشىنى كۈتكەندىم، ئەمما ئۇ ماڭا گەپ قىلىپ سالماق ئاھاڭدا:

- سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۆلۈك ئىكەنلىكىڭنى بىزگە ئىسپاتلاپ بېرەلمىسەڭ ئىشىڭ چاتاق،- دېدى.

- مەن ئۆلۈك، مېنى پۇراپ باقساڭلارلا بىلەلەيسىلەر،- دېدىم مەن دەرھاللا. ئۇلارنىڭ تايىقى مېنىڭ سىزىمىمنى ناھايىتى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. مەن يەنە بىھۇدە تاياق يېيىشنى خالىمايتتىم. بايىقى تاياقنىڭ زەربىسىدىن پۈتۈمنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقىنىنى سېزىپ ۋاي - ۋايلىدىم ھەم بۇ ئىشلارنىڭ تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتتۇم.

- ئىش سېنىڭ دېگىنىڭدەك ئۇنچىلا ئاسان ئەمەس، مېيىتلەرنىڭ ئارىسىغا سۇقۇنۇپ كىرىش ئۈچۈن مېيىت پۇرىقى تارقىتىدىغان ئەتىر ئىشلەتمىگىنىڭنى قانداق ئىسپاتلايسەن. سەندە ئۆلۈكلەرنىڭ ھېچقانداق شارائىتى ھازىرلانمىغان. سەن شۇنداق ئەھۋالدا قانداقلارچە ئارىمىزغا سۇقۇنۇپ كىردىڭ؟

- مەن يېڭىلا ئۆلگەن، شۇڭا ئۆلۈكلەرنىڭ نېمە شەرتلەرنى ھازىرلايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن.

- ئۇنداقتا سەن بۇ يەرنى قانداق ئىزدەپ تاپتىڭ؟

- ماڭا بىرسى دەپ بەرگەن، ئەگەر مەن ئۆلۈك بولمىغان بولسام ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدا ماڭا نېمە بار. بىر ساق ئادەم ئۈچۈن ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ياشاش شۇنداق ئوڭايمۇ. بۇ يەردىكى پۇراقلارغا ساق ئادەم قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن.

- بۇ گەپلىرىڭ بىلەن سەن بۇ يەردىكى پۇراقلارغا ئۆزۈڭنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتقانلىقىڭنى ئاشكارىلاپ قويدۇڭ.

- نېمىلا دېسەڭلار مەيلى، مېنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھىم يېڭىلا ئۆلۈپ، ئۆلۈكلەرنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى بىلىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالغانلىقىمدا.

ئارىنى يەنە سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى. بىر ھازادىن كېيىن ئاندىن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

- ئەگەر سەن ئۆلۈك بولساڭ نېمىشقا ھەي ئۆلۈمتۈكلەر، مەن دېگەن تىرىك ئادەم، سەنلەر مېنى نېمە قىلىشالايتتىڭ دېيەلمەيسەن. مۇھىمى سەن بىزنىڭ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمىزدىن قورقۇپ ئۆزۈڭنى ئۆلۈك دەۋېلىۋاتىسەن. نېمىلا دېگەنبىلەن ئادەم بىرلا قېتىم ئۆلىدۇ، سەن ئۆلۈپ بولغان بولساڭ يەنە نېمىدىن شۇنچە قورقىسەن؟

- نېمىدىن قورقىدىغانلىقىمنى سىلەرمۇ ئوبدان بىلىسىلەر. ئەگەر سىلەرمۇ ئۆلۈك بولساڭلار،- دېدىم مەن ئۇنى قايىل قىلىشقا كۆزۈم يەتمەي.

- بۇ گېپىڭ بىلەن سەن ھېچنەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيسەن، سېنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىڭ ھەققىدە شۇنچىلىك سۆزلىشەيلى، بىز خالىساق سېنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇۋالالايمىز، بۇ ئىش توغرىسىدا كۆپ تالاش - تارتىش قىلىش ھاجەتسىز. ئۆلۈك بولساڭ بەربىر تىرىلەلمەيسەن. ئەمدى ئىككىنچى مەسىلىگە جاۋاب بەر. سەن ئارىمىزغا

نېمىدەپ كەلدىڭ؟

جاۋاب بەرمىسەم ئۇلار ئالدىراپ بولدى قىلمايدىغاندەك ئىدى. مەن ئاخىر ئۇلار قىستىغان جاۋابنى بەردىم.

– مەن تىرىكلەرنىڭ ئايغاقچىسى، مەن سىلەرنى پايلاشقا كەلگەن.

مەن بۇنىڭدىن باشقىچە جاۋاب بەرسەم ئۇلار ئۇنىمايتتى. ئۇلار ئۇنايدىغان جاۋابنى بەرگەندە بولسا ئۇلار دەرھاللا ئۇيۇر - توپۇر بولۇشۇپ كەتتى. ئۆيدە ئادەم شالاڭلاشقا باشلىغاندەك ھېس قىلدىم.

– بىزمۇ بىر چاغلاردا تىرىك ئىدۇق، ئەمما بىز ئۇ چاغلاردا ئۆلۈكلەرگە بۇنداق مۇئامىلە قىلمىغان، ئۆلۈكلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلساڭلار سىلەرمۇ ئۆلگەندە شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرايسىلەر، بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار شۇنداق بولىدۇ. ئۆلۈكلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ ياخشى بەدىلى بولمىغاچقا سىلەرنىڭمۇ بۇنداق قىلماي نېمە چارەڭلار. بۇ جەھەتتە بىزمۇ سىلەر بىلەن ئورتاق كۆزقاراشتا. بىزنى دەپنە قىلىپ قويمىدى دەپ تىرىكلەردىن ئاغرىنىشقا ھەققىمىز يوقلۇقىنى ئۆزىمىزمۇ بىلىمىز. ھازىر ھېچكىم ھېچكىم ئۈچۈن بىھۇدە ئاۋارىچىلىق تارتىشنى خالىمايدۇ. بۇ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئەخلىتى بولىدۇ. ئەخلەت بولغانىكەن، تازىلىۋېتىش ئىنتايىن زۆرۈر. تىرىكلەر ئارىسىدا پاكىزلىق ھەممىدىن مۇھىم. بىز بۇنىڭغا قانداقمۇ قارشى خىيالدا بولالايمىز. ئەمما مەن شۇنى سوراي، سىلەرنىڭ تازىلىق كۈنۈڭلار قاچان بولىدۇ. بىز ئۈچۈن تازىلىق مۇھىم ئەمەس، بۇنى ئۆلگەندە ئوبدان بىلىسىلەر. بىز سىلەرنىڭ تازىلىق كۈنۈڭلاردىن خەۋەر تاپساق بولامدۇ؟

– سىلەر قېچىپ يۈرگەن بىر دۆۋە ئەخلەت ئىكەنلىكىڭلارنى ئېتىراپ قىلىدىكەنسىلەر - دە.

– ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئاقىۋەتتە ئەخلەتكە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. سەنمۇ شۇنداق. بىزگە شۇ كۈننى دەپ بېرىپ بىر ياخشىلىق قىل. بىز سەندىن شۇ بىر ياخشىلىقنى تىلەيمىز.

مېنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىم ھەققىدىكى «ئىقرارىم» دىن كېيىن، ئۇلار بەكلا مۇلايىملىشىپ كەتكەنىدى. مەن باشتىلا مۇشۇنداق «ئىقرار» قىلسام بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىگىنىمگە ئۆكۈندۈم. ئۇلار مېنى تىرىك بولۇشقا مەجبۇرلىغانىكەن، مەندە باشقا تاللاش يوق ئىدى. شۇڭىمۇ مەن ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك جاۋاب بېرىدىغان ئادەم بولۇش نىيىتىگە كەلدىم.

– ئەتە، – دېدىم مەن چوقۇم بىر كۈننى دېيىشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىپ.

مەن شۇ سۆزدىن كېيىن زالدا ئۆزۈمنى يالغۇز قالغاندەك ھېس قىلدىم. مەن ئۇ ئادەمنىڭ يەنە بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتتۈم. ھېچقانداق سادا بولمىغاندىن كېيىن، ئالدىمغا قىلىپ باغلانغان قولۇم بىلەن كۆزۈمدىكى تېڭىقنى ئېلىۋەتتىم، زالدا ھەقىقەتەن ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇراتتىم، ھەتتا بايا بولغان ئىشلارغا ئىشەنگۈم كەلمىدى. لېكىن تىتىلىپ كەتكەن كىيىملىرىم، زەخىملەنگەن تېرەم ۋە يەنىلا قاتتىق ئاغرىۋاتقان پۇتۇم ئۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەتتى. مەن چىشىم بىلەن قولۇمدىكى باغلاقنى يەشتىم. سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئوڭ پۇتۇمنى ئاۋايلاپ بېسىپ دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتىم. زالغا ساپ ھاۋا بۆسۈپ كىردى. مەن ساپ ھاۋادىن قېنىپ نەپەس ئالدىم. بۈگۈنكى كۈتمىگەن نەس بېسىشمىنى ئويلاپ كۆڭلۈم ناھايىتى بىئارام بولدى. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرلىشىشى كىشىنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى. پەرىزىمچە، ئۇلار تازىلىنىپ كېتىشتىن قورقۇپ پۈتۈنلەي قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇلار تولۇق قېچىپ كەتمىگۈچە سىرتقا چىقماسلىق نىيىتىگە كەلدىم. يامغۇر ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ ئۇزۇن ئولتۇردۇم، ئاندىن سىرتقا چىقىپ يامغۇردا يەنە بىرھازا تۇردۇم. ئاغرىق پۇتۇمنى سۆرەپ تۈۋرۈكلىرى تولا كارىدورغا كىرگەندە كارىدورنى ئېغىر جىمجىتلىق باسقانىدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي قېچىپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. ئەمدى دەڭ ئىگىسىدىنمۇ كۆرىدىغىنىم بار ئىدى. چۈنكى شۇنچە كۆپ خېرىدارنى قاچۇرۇۋەتكىنىم ئۈچۈن ئۇمۇ مېنى بوش قويۇۋەتمەيتتى. بېشىمغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرەرمەن، دېگەن خىيالدا ئاقساقلاپ كېتىۋەردىم. بۇ يەردىن ھەيدەلگەندىن كېيىن نەگە بېرىشىم توغرىسىدىمۇ باش قاتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇرمىدىم. ئەمما ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ ئوسال ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمنى بىلەتتىم. مەن ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۈچ ياتاقدىشىمنىڭ غەم باسقان هالدا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. مەن ياتاققا كىرىپ يەنە ئۇلارنى كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. مېنىڭ كىرىشىمگە ئۇلار مەندىنمۇ بەكرەك چۆچۈپ كەتتى. ئاندىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قورقۇنچمۇ، خۇشامەتمۇ، قەھر - غەزەپمۇ ئىشقىلىپ ھەممىلا ھېسسىيات ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل چىراي ئىپادىسىدە ماڭا قاراپ تۇردى. مەن مېنى بىرنەچچە شاپىلاق سالغان كوسىغا قاراپ قويۇپ بىرىپ ياتتىم. ئۇلار مەندىن پەخەس بولغاندەك بىرھازا ئاشۇنداق تۇرۇشتى. ئاندىن بېشىمغا كېلىپ بويۇنلىرىنى سوزۇپ:

- سىزنى بىر توپ ئۆلۈكلەر قاتتىق ئۇرۇپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق، بۇ راستمۇ؟- دەپ سورىدى. مەن جاۋاب بەرمەي يېتىۋەردىم. ئۇلارنىڭ مېنى مەن تىرىك دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلاپ ئەمدى ئۆزلىرىنىڭمۇ تىرىك بولۇۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمچە ئوغام قايىندى. مەندىن جاۋاب چىقمىغاندىن كېيىن، گەپنى كوسا ئېلىپ ناھايىتى ئەدەپ بىلەن:

- بىز كۆپ ئەپسۇسلاندۇق، دەڭ خوجايىنى بۇ يەرگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ئۆلۈكلەرنى قوغلىۋەتتى. خاتىرجەم ئارام ئېلىڭ،- دېدى.

مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم، سەل غەزىپىم ئۆرلەپ قالغانىدى:

- تېخى تۈنۈگۈنلا سىلەر مەندىن يوشۇرۇپ ئولتۇرماي ئۆزلىرىڭلارنىڭ ئۆلۈكلەر ئىكەنلىكىڭلارنى دېيىشىۋاتاتتىڭلارغۇ، ئەمدى تىرىلىپ قالغان ئوخشىماسىلەر؟

ئۇلار تەئەججۇپ بىلەن تۇرۇپ قالدى. چاڭگا ساقال ئېغىز ئېچىپ:

- بىز سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيمىز. بىز بۇ يېزىغا ئويۇن قويغىلى كەلگەن، ئۇ كۈنى سىز كىرگەندە بىز سەھنە سۆزىنى يادلاۋاتاتتۇق.

- ئەمىسە قاچان ئويۇن قويىسىلەر، مەنمۇ بىرىپ كۆرۈپ كېلەي.

- ئويۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. دراما ئاپتورى بىلەن ئۆمىكىمىز ئارىسىدا ماجىرا يۈز بېرىپتۇ. ئۇلار ماجىرا ھەل بولغۇچە بىزنىڭ مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلدى. باشقىلاردىن ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ ماجىرا يېقىن كەلگۈسىدە ئاخىرلاشمىغۇدەك. بىز بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قالىدىغاندەك قىلىمىز.

- سىلەر تىرىك ئەمەس ئۆلۈك، مېنى ئەخمەق قىلىمەن دېيىشمە.

- كەچۈرۈڭ،- دېدى تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى،- بىز سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەنمىدۇق.

- ئەجەبا، دەڭ ئىگىسى ئۆلۈكلەرنى قوغلىۋەتتى دېيىشىسەنۇ، ئۆزلىرىڭ قوغلانماي بۇ يەردە قېپقېلىشىپسەن.

- بىز ھەممىمىز تىرىك سەنئەتچىلەر. بىزنىڭ ئورۇنلايدىغان درامىمىزمۇ تىرىكلەرنىڭ پەزىلىتىگە مەدھىيە ئوقۇيدىغان دراما، سىزگە بىز بىرنەچچە ئارىيە كۆرسىتىپ بېرەيلى.

كوسا گەپ تۈگە - تۈگىمەي كۆرپىسىنىڭ تېگىدىن بىر راۋاب ئالدى. تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى بىر داپ ئالدى، چاڭگا ساقال گېلىنى قىرىپ ناخشا ئېيتىشقا تەييارلاندى.

- بولدى، سىلەر نېمىشقا شۇنچىلا ھودۇقىسىلەر، مېنىڭ ئارىيەڭلارنى كۆرگۈم يوق. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆلۈكلىكىنى يوشۇرالمايسىلەر. مۇشۇ دەڭدىكى ھەممە ئادەم تىرىك بولسىمۇ مەن ئىشىنىمەن، لېكىن سەن ئۈچىڭگە ئىشەنمەيمەن. چۈنكى مېنى سوراق قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا سىلەرمۇ بار.

ئۇلار بۇ گېپىم بىلەن تەڭ چالغۇلارنى جايىغا قويدى، ئاندىن بېرىپ ئولتۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغىنىدىن سەل نومۇس قىلىشقا باشلىغانىدى. مەن ئورنۇمدا قايتا ياتتىم. ئۇلارنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىيالىدا بولمىدىم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنىڭ غېمىگە چۆكتى.

- بىزنىڭ تىرىكلەر بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتىمىز يوق، ھەتتا بىز ئۇلارنى ئۆلمىسكەن دەيمىز. ھەممىمىز خۇدادىن شۇنداق تىلەشكىمۇ رازى، ئەمما خۇدا بىزنىڭ تىلىكىمىزنى ئىلىك ئالمىسا بۇ بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىز ئەمەستە،- دېدى چاڭگا ساقال ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك.

- بىر ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشقا مىڭلىغان تىرىك قاتنىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئېسىل

خىسلىتى، ئۆلۈكلەر ئۇلارغا ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرالمىسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆلۈكلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن دەپنە قىلىدۇ. ئۆلۈكلەر ئۈچۈن قەبرە تەزكىرىسى يازىدۇ. ئۆلۈكلەرنى پەرىشتىلەردەك سۈپەتلەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكىگە خۇدادىن جەننەت تىلەيدۇ، – دېدى كوسا.

– ئۇلار ئۆلۈكلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن دەپنە قىلسا سەنلەر نېمىشقا يەنە سۆرىلىپ يۈرۈشىسەن؟ – دېدىم مەن بېشىمنى ئازراق كۆتۈرۈپ.

– دۇنيادا خۇدادىن باشقا ھېچكىم مۇكەممەل ئەمەس. دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىشتىن سەۋەنلىك سادىر بولۇپ تۇرىدۇ، – دېدى تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىمغا كېلىپ، – تىرىكلەر بىز ئۈچۈن چوڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن، بىزنى كۆمۈشكە زاراتكارلىققا ئېلىپ بارغاندا بولسا يا گۆركار كەلمىگەن ياكى ئۇلار گۆرگە بىزنى كۆمۈشنى ئۇنتۇپ قېلىپ قۇرۇق گۆرنى كۆمۈۋەتكەن. ئۇلارنىڭمۇ بېشىدا مىڭ تالاي غەم - ئەندىشە بولغاچقا، بۇ ئىشتا ئۇلارنى ئەيىبلەپ كېتكىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىز ئۈچۈن مۇتلەق سەگەك ھالەتتە تۇرسىمۇ بىز ئۇلارغا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمىز. بىز ئۇلارنىڭ بىز ئۈچۈن كۆپ كاللا قاتۇرۇشىغا ھەرگىزمۇ يۈز كېلەلمەيمىز.

– سىلەر تىرىكلەرگە قانچىلىك مەدھىيە ئوقۇساڭلارمۇ مۇھىتنى بۇلغىغان جىنايەتچىلەردىن قۇتۇلالمايسىلەر، – دېدىم مەن ئۇلار ماڭا زورلاپ تاڭغان «تىرىك»نىڭ رولىنى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇپ. ئۇلار سۆزلىگەنسېرى بىئارام بولاتتىم.

– ئەمما بىزدە نېمە گۇناھ، – دېدى چاڭگا ساقال ئورنىدىن مىدىرلىماي چىڭ سۆزلەپ، – سىز تىرىك بولسىڭىز شۇنى بىلىپ قېلىڭ، بۇ دەڭ مۇساپىرلار دېڭى ئەمەس، بەلكى ئۆلۈكلەر دېڭى. بۇ يەردە ئۈچ ئۆلۈك بارمىكىن دەپ قالماڭ، بۇ يەردە ئۈچ يۈزگە يېقىن ئۆلۈك بار. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە ئۆزلىرىنى نۇرغۇن سەۋەبلەر بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان كۆرسەتسىمۇ، بەربىر مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆلۈك. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى قاتتىق ۋەھىمە قاپلىغان، ئۇلار ھەممىسىلا بىر - بىرىنى تىرىكلەرنىڭ ئايغاقچىسىمىكىن دەپ گۇمانلىنىدۇ. چۈنكى ئۆلۈكلەر ئايغاقچىلارنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان. ئايغاقچىلارنىمۇ كۆپ قولغا چۈشۈرگەن ھەم ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز تويىغا قوشۇۋالغان ئىشلارمۇ كۆپ سادىر بولغان. بۇ ھال تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەرنىڭ زىددىيىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەچكە ئۆلۈكلەر «بەربىر ئۆزىمىز زىيان تارتىدىكەنمىز. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاۋارىچىلىققا قالغاندىن، ئۆلتۈرمىسەكمۇ ئۇلار ھامان ئۆلىدىغۇ» دەپ قاراپ ئايغاقچىلارنى بىر تەرەپ قىلماي، بەلكى ئۆزلىرىنى يوشۇرۇشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى. يەنە كېلىپ ئۆلۈك بىلەن تىرىكنى ئايرىش ئانچىلا ئاسان ئەمەس. بولۇپمۇ ئۆزىنى ئوبدان پەرۋىش قىلغان ئۆلۈكلەرنى جەزملەشتۈرۈش قىيىن. ئۆلۈكلەرنىڭمۇ تىرىكلەر ئارىسىدا ئايغاقچىلىرى بار. بىز ئۇلار ئارقىلىق تىرىكلەرنىڭ ھەرىكىتىنى، دۈشمەنلىكىنىڭ دەرىجىسىنى، قاچان ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئاساسەن بىلىپ تۇرىمىز ھەم خەۋپ بار چاغدا تىرىكلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىۋالىمىز. بىزنىڭ پۈتكۈل ۋاقتىمىز ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىش غېمىدە ئۆتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز ئەخلەت ئەمەس، بىزنىڭمۇ شانلىق كۈنلىرىمىز بولغان، مۇۋاپىق دەپنىگە ئېرىشتۈرمەسلىككە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. شۇنداقتىمۇ بىز پۈتۈنلەي ئۆلۈكلەر تەرەپتە تۇرمايمىز. ئەگەر بىز سىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرنى بايقاپ قالغىنىڭىزنى دېسەك، بۇ يەردە بىرمۇ ئادەم قالمايدۇ. بۇنداق قىلساق دەڭ ئىگىسىگىمۇ تۇزكورلۇق قىلغان بولىمىز. دەڭ ئىگىسىمۇ كۈن ئالسۇن ھەم سىزمۇ كۈن ئېلىڭ. بىزنىڭ پەقەت سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىز: بىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالىمادىن ئالدىڭلارغا بېرىپ قالساق، ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويارسىز. شەخسەن ئۆزۈمنى ئېيتسام، مۇۋاپىق دەپنە قىلىنىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىكلەرگە قانداقلا خىزمەت بولسا قىلىشىپ بەرگۈم بار. مېنىڭ بۇ نىيىتىمنى مۇۋاپىق پەيت كېلىپ قالسا ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قويارسىز. مەن ئەمدى بۇ يەردىن كېتىمەن، بۇ قېچىشنىڭ ئەڭ

ياخشى پۇرستى.

ئۇ گېپى تۈگىشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا چۈشتى. قالغان ئىككىسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ياتاق بىردەمدىلا مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى.

- ئەگەر مۇۋاپىق دەپنە قىلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشىپ قالساڭلار، سىلەرگە قانداق خەۋەر قىلىمەن، - دېدىم مەن. بۇ گېپىمنىڭ ئۇلارنى تېخىمۇ قورقۇتۇۋېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدىم. بۇ گېپىم بىلەن تەڭ ئۇلار بەكلا ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى.

- ياق، بىزنىڭ دەپنە قىلىنغىمىز يوق، بىز مەڭگۈ مۇشۇنداق قېچىپ يۈرۈپ كۈن ئېلىشقىمۇ رازى، - دېيىشتى ئۇلار تەڭلا.

ياتاقتىكى قالايمىقانچىلىقتىن ئىچىم پۇشۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدىم. تۇۋرۈكى تولا كارىدوردىن ئۆتۈپ ھويلىغا چىقتىم. مېنىڭ يونقان - كۆرپەم يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. مېنى ياتاققا باشلاپ كىرگەن ئايال يونقان - كۆرپىلەرگە يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيىنى سىقىۋاتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ گەپ قىلماي ئىشىنى قىلىۋەردى. مېنىڭ تاياقتىن ۋەيران بولغان تۇرقۇم ئۇنىڭغا قىلچىمۇ تەسىر قىلمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بايىقى سوراققا بۇ ئايالمۇ قاتناشقان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلدىم. يامغۇر توختىغان، ھاۋا ئوچۇق ھەم ساپ ئىدى. مەن كۆكرىكىمنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالسام ئىچىمدىكى بىئاراملىق يېنىكلەر دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن ئۇنداق بولمىدى، بۇلارنىڭ سورىقى ماڭا خېلىلا ئېغىر كەلگەنىدى. ياتاقتىكى ئۈچىنىڭ ئۆزلىرىنى سەرسانلىق كوچىسىغا ئېتىشىمۇ دەردىمنى ئازراقمۇ يېنىكلىتەلمىدى. ئەكسىچە مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلىپ قويغانىدى. مەن ھېچنەرسە ئويلىماسلىققا تىرىشىپ كۆزۈمنى يۇمۇپ بىرەر سائەت ئولتۇردۇم. بۇ چاغدا گۈگۈم چۈشۈشكە باشلىغان بولۇپ، ياتاقلاردا تېخى چىراغ يېقىلمىغانىدى. مەن خېلى كېچىكىچە شۇنداق ئولتۇردۇم. ياتاقلارنىڭ ھېچىرىسىدە يەنىلا چىراغ يانمىدى. مەن ئۇلارنى قاراڭغۇ ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن ماراپ مېنى كۆزىتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئاندىن يەنە ئۇلار راستىنلا كېتىپ قېلىشقانمىدۇ دەپ ئويلىدىم. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. مەن كۆزۈمگە ئۇيقۇ باغلانغاندا ئاندىن ياتاققا قايتتىم. ئۇ ئۈچى كېتىپ بولغان بولۇپ، ياتاقنى رەتلىگۈسىز مالىماتاڭ قىلىۋېتىشكەنىدى. مەن بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بۇ ياتاقنى ئۆي قىلىپ تۇرۇۋاتقىنىغا بەكلا ئۇزۇن بولغىنىنى پەرەز قىلدىم. مۇشۇ يېقىنقىچە كۈنلىرىم ئاساسەن يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، يالغۇزلۇقتىن يەنىلا قورقاتتىم. ئۇ ئۈچىنى ئۇرۇپ كۇتۇۋەتمىسەم بوپتىكەن دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. ئەمدى كۈنلىرىمنى ياتاقتا يالغۇز ئۆتكۈزۈشۈم مۇمكىن ئىدى. مەن بىردەملىك يالغۇزلۇقتا چىدىماي ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى كۆڭلۈمدىن تېزلا چىقىرىۋەتكەنلىكىمنى ئويلاپ ئۆزۈمدىنمۇ رايىم قايتتى. شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇخلاپ قالدىم.

ئەتىسى كۈن چىققاندا قورۇغا چىقىپ دەڭدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك تولۇق - دېگۈدەك ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت ياتاقداشلىرىملا يوق ئىدى. مەن پۇتۇمنى ئاياپ دەسسەپ ئۇلارنىڭ قاتارىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. سودا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن بالا مەن تەرەپكە كېلىشكە بىرنەچچە قېتىم تەمشەلدى، بېقىۋالغان ئايال بولسا ئۇنىڭ قولىنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى. ئۇ بالىنىڭ قولىنى كۈن بويى مۇشۇنداق تۇتۇپ ئولتۇرىدىغاندەك قىلاتتى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ بالا ئاران ئۇ ئايالدىن بوشىنىپ يېنىمغا كەلدى. ئۇ ئايال بولسا بالىنى يەنە تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك بالىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي كېلەتتى.

- چوڭ دادامنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ - دېدى بالا كېلىپلا.

- ياق، - دېدىم مەن.

- بالامغا نېمىشقا چوڭ داداڭنىڭ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى دەپ بەرمەيسىز، - دېدى ئۇ ئايال ئۆكتەملىك بىلەن.

- چوڭ دادام راستىلا ئىككى كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلەمدۇ، - دېدى بالا مەندىن دەرھال جاۋاب چىقمىغاندىن كېيىن.

- ھەئە، - دېدىم مەن. بالىنىڭ مەن بىلەن بىردەم تۇرغۇسى بار ئىدى. لېكىن ئايال ئۇنى سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ كەتتى.

ئۇ ئۈچى كەتكەن يەتتە كۈن ئىچىدە مەن بىلەن يەنە بىر ئادەم سۆزلەشتى. ئۇ مولايىم،

تارتىنچاق ئادەم بولۇپ، كېلىپ مەن بىلەن سەمىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمىگەندەك ئولتۇرۇپ قالدى، بىرھازادىن كېيىن:

– سىزدىن سورىسام، ياتاقداشلىرىڭىزنى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ – دەپ سورىدى.

– كېتىشتى، – دېدىم مەن كۆپ سۆزلىگۈم كەلمەي.

– ئۇلارنىڭ نېمىشقا كېتىپ قالغىنىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

مېنىڭ بۇ قورۇدىكى ھېچقانداق ئادەم بىلەن گەپلەشكىم يوق ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئەدەپلىك مۇئامىلىسىگە يۈز كېلەلمەي سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇم.

– دەڭ دېگەنگە ئادەم كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ، بەلكى ئۇلار ئورۇن ئالماشتۇرۇپ باقايلى دېگەندۇ، بۇلارنىڭ قايسىبىرىنى ئويلاشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلار كېتىشتىن بۇرۇن ماڭا ھېچنەرسە دېمىدى.

– رەھمەت سىزگە، – دېدى ئۇ ئادەم دۇنيانىڭ باشقا بىر بۆلىكىدىن كېلىپ قالغاندەك قورۇدىكىلەرگە يات بىر مىجەز بىلەن.

كىشىلەر بىلەن ئارام بۇزۇلغاندىن كېيىن بۇ يەردىن كېتىپ قالاي دېگەن بولساممۇ، يەنە نەگە بېرىپ قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ يۈرەرمەن دەپ ئويلاپ بۇ نىيىتىمدىن يانغانىدىم. مىجەزىمدىكى غەلىتىلىك ۋە چۈشكۈنلۈكۈم ماڭا يەنە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ دەڭدىكىلەر مېنىڭ سەۋەبىمدىن بىر خىل ئەندىشە ئىچىدە قالغانىدى. كەچتە ياتاقلار ئاجايىپ جىمىپ كېتەتتى. خۇددى ئۇلار قۇلاقلىرىنى تىك تۇتۇپ بۇ ياققا كېلىش ئېھتىمالى بولغان تىرىكلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئالدىن بىلىۋالماقچى بولغاندەك، تاڭ سەھەردە بۇ جىمجىتلىق بۇزۇلمايلا ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇراتتى. بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبچىسى بولغان مەن تېخى بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتىم.

بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىشىپ يەتتىنچى كۈنىگە كەلگەندە، چاڭگا ساقال ئوغرىلاردەك تىۋىش چىقارماي ياتاققا كىرىپ كەلدى. بۇ تاڭ سەھەر ۋاقتى ئىدى. ئۇ كىرىپ كەلگەندە كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئۇلارنىڭ يەنە قايتىپ كېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم. ئۇ سايىدەك ئۈن - تىۋىشسىز ھالدا بېشىمغا كەلدى، ئاندىن ئېڭىشىپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى.

– سىز ھەقىقىي ئەزىمەت ئىكەنسىز، بىز ئۈچىمىز نەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇ ئەتراپتا پايلاپ يۈردۇق. سىز تىرىكلەرنى باشلاپ كەلمىدىڭىز. بۇ ھەقىقەتەن ئادەم ئىشەنگۈسىز ئىش بولدى. سىز ئۇلارغا خەۋەر قىلغان بولسىڭىز بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەھۋالى نېمە بولاتتى. مەن سىزنى ئۇقۇشماي سوراق قىلغۇچىلارنىڭ نامىدىن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. سىز ئۆلۈك ئوخشىمامسىز، مەن سىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟

– مېنى نېمىدەپ ئويلىسىڭىزمۇ بەربىر، – دېدىم مەن قۇلىقىمنى يوپۇرۇپ.

ئۇ جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇشىغا كوسا ياتاققا ئەخمەق ھەزىلكەشلەردەك غەلىتە دەسسەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ تىۋىش چىقارماسلىق ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۈچىدىلا ماڭاتتى، ئۇمۇ كېلىپ قۇلىقىمغا:

– سىزگە ئاپىرىن، خۇدا دەپنە قىلىنىشىڭىزغا ئوڭۇشلۇق بېرەر، – دېدى. ئارقىدىن تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى بويىنىغا خورجۇن، داپ، راۋابلارنى ئېسىۋالغان ھالدا مەردانە قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئازراق چۈشكۈنلەشكەندەك قىلاتتى. ئۇلار قايتىپ كېلەلىگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى. تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان بۇ ئادەم سەرسانچىلىقتا تازىلىققا دېگەندەك ئەھمىيەت بېرەلمىگەن بولۇپ، ساقال - بۇرۇتى ئۆسكەن، چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى.

تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى كىرىپ باشقىلاردەك ئېھتىيات قىلىپمۇ كەتمىدى. ئۇ بويىنىدىكى داپ، راۋابنى، خورجۇنىنى يەرگە قويدى، ئۆزىنىڭ نەقەدەر كۆلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن خىجىل بولۇپمۇ ئولتۇرمىدى. ئۇ كېلىپ مەن بىلەن دوستانە كۆرۈشتى.

– خۇدا بىزنىڭ يەنە كۆرۈشۈشىمىزنى نېسىپ قىلغانىكەن. تىنچ - ئامان تۇرامسىز، قاراڭ، بىز مۇساپىرلىقنىڭ دەردىنى بىر ھەپتە يەتكۈچە تارتتۇق. مەن سىزنىڭ ۋىجدانلىق كىشى

ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم، بىزنىڭ ئۇقۇشماي قىلغان گۇناھىمىزنى كەچۈرۈڭ. بىز سىزنىڭ مەڭگۇ خىزمىتىڭىزدە بولساقمۇ سىزگە يۈز كېلەلمەيمىز.

ئۇلار جايلىرىدا پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ يېتىشتى. ئۇلار سەرسانلىق كۈننى تۈگەتكىنى ئۈچۈن بەكلا خۇشال ئىدى. ئۇلار شۇ يېتىشىدا ئەتىسى سەھەرگىچە ئۇخلىدى. باشقىلار كۆرۈشكىلى كىرگەندىمۇ ئۇلاردا ئازراقمۇ ئىنكاس بولمىدى. ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ ئارام ئېلىۋاتقانلىقىغا دائىر خەۋەر تارقالغاندا كىشىلەردىكى ئەندىشە كۆتۈرۈلۈشكە، چىرايىغا خاتىرجەملىك يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار كۈن بويى ئۇلارنىڭ چىقىپ ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. بىناقەت بولغانلىرى ياتاققا كىرىپ ئۇلارنىڭ غەلىتە قىياپەتتە ئۇخلاپ ياتقان تۇرقىنى كۆرۈپ چىقىپ كېتىشتى، ئاندىن كۇسۇرلاپ باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن بىرنەرسىلەرنى دەيتتى. ئۇلار باشقا كۈنلىرى مەندىن ناھايىتى پەخەس بولغان، لېكىن بۈنى ماڭا بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشىپ مەن بىلەن يەنىلا ئۈنچىلا يىراق بولمىغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۈچى قايتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلار يېڭى نىجاتچىغا ئېرىشكەندەك، ئەمدى مەندىن قورقمىسىمۇ بولىدىغاندەك ماڭا نەپرەتلىك نەزەردە قاراشقا باشلىدى. ئۇلار تەقەززالىق بىلەن ئەتىسى ئەتىگەنگىچە كۈتكەندىن كېيىن ياتاققا كىرگەندىكى ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ھويلىغا چىقتى. مەن ئۇلارنىڭ ئويۇنغا يىراقتىن نەزەر سېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇلار بىر - بىرىگە تويمىغان ھالدا قارىشاتتى. مەن باشقىلارنىڭ ئۇلاردىن «نەگە بارديڭلار» دېگەن سوئالىغا ئۇلارنىڭ «دەڭگە بىرەر خەۋپ - خەتەر بار - يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك جايلارنى چارلاپ كەلدۇق» دەپ جاۋاب بەرگىنىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشى دەڭگە ناھايىتى زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ يەر بىر - ئىككى كۈن تىرىكلەر ئارىسىدىلا ئۇچرايدىغان بولىدىغان قىزغىن شاد - خۇراملىققا تولدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن مېنى دەڭ ئىگىسى چاقىرىپ دەڭ ھەققىنى ھېسابلىشىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى ھەم مەن داۋاملىق تۇرماقچى بولسام ئۆزىنىڭ يەنىلا قوشۇلىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ دەڭ ھەققىنى بىر ھەسسە كۆپ ئېلىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى، چۈنكى دەڭگە مېنىڭ ھېچقانداق پايدام يوقلۇقىنى ئېيتتى.

- مەيلى، - دېدىم مەن قانچىلىك تىرىكىپ تۇرسامۇ چانداۇرماسلىققا تىرىشىپ، - ئەتە ئەتىگەنگىچە ھېسابلىشىۋېتىڭ، قارشى ئېلىنمىغان ئادەمنىڭ كېتىپ قالغىنى ياخشى.

- مېنى كەچۈرۈڭ، - دېدى ئۇ سەل ئوڭايسىزلىنىپ، ئەمما مېنىڭ گېپىم ئۇنى خېلىلا خۇشال قىلغانىدى.

- مەن ئەتە كېتىپ قالىدىغان بولدۇم، - دېدىم ياتاقتىكىلەرگە ئۆزۈمنىڭ ئاداۋەت ساقلىمىغانلىقىمنى بىلدۈرگۈم كېلىپ.

- نېمىشقا ئەمدى؟ - دەپ ئورنىدىن تۇردى تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى. مەن مۇرەمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، - كەتمىسىڭىز زادى بولمامدۇ؟

- ھەئە، - دېدىم مەن جايىمغا بېرىپ ئولتۇرۇپ.

- بىز سىزنىڭ ئاۋارىچىلىق تارتىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە ماشىنا ئۇقۇشۇپ بېرەيلى، - دېدى ئۇ.

- ئاۋارە بولماڭلار، ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن، - دېدىم ھەيران قېلىپ. مەن ئۇلارنى ماڭا بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلەر دەپ ئويلىمىغانىدىم.

- ياق، ئاۋارە بولمايمىز، بۇ ئوڭاي ئىش، - دېدى كوسا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاندىن تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىنىڭ قول ئىشارىسى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

- بىز سىزنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىڭىزنى سورىساق بولامدۇ؟ - دېدى چاڭگا ساقال.

- نەگە بېرىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، - دېدىم مەن.

كوسا كەچتە ھاسىراپ - ھۆمىدەپ قايتىپ كەلدى.

- ئەتە سەھەردە بۇ يەردىن بىر ماشىنا ئۆتىدىكەن. ئۇ شەھەرگىچە سىزنى ئېلىۋالىدىغان بولدى. ئەتىگەندە ماشىنا سىگنال بەرگەندە بىز سىزنى ئۇزىتىپ چىقىمىز.

ئەتىسى يەر قاتتىق سىلكىنگەندەك بولۇپ

ئويغىنىپ كەتتىم. بۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ ماشىنا ئۈستىدە ئىكەنلىكىمنى بىلدىم. ئۇلار مېنى كىچىك تىپلىق ئاپتوبۇسنىڭ ئىككى رەت ئورۇندۇقىنىڭ ئارىسىغا كۆرپەم بىلەنلا يانتۇزۇپ قويغانىدى، ئورۇندۇقلاردا لىق دېگۈدەك ئادەم ئولتۇراتتى.

ئوڭ رەت ئورۇندۇقتىكى بىرسى ئېگىشىپ ماڭا قاراپ:

– ئويغاندىڭىزمۇ؟– دېدى.

– ھەئە،– دېدىم بېشىمنى سەل كۆتۈرۈپ.

– ئەتىگەن بىز كەلگەندە ئۇخلاپ قالغانىكەنسىز، ياتاقداشلىرىڭىز سىزنى چارچاپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويغاتمايلا قول - قول كۆتۈرۈپ ماشىنىغا چىقىرىپ قويدى. ئۆزىڭىزنى قانداقراق سېزىۋاتىسىز؟

– خېلى ياخشى،– دېدىم مەن،– شەھەرگە كىرىش ئېغىزىغا كەلگەندە ماڭا خەۋەر قىلىپ قويساڭلار، چۈشۈۋالسام.

– كۆپ ئەپسۇس، بۇ كۆپچىلىك قارار قىلىدىغان ئىش. مەن بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. سىز بىر ئۆلۈك. ئۆلۈكلەرنىڭ ئۆلۈكى، سىز بۈگۈن بىزنىڭ قولىمىزغا قانداق چۈشۈپ قالغىنىڭىزنى بىلەمسىز. سىزنى بايىقاشقا تەربىيىلەنمىگەنلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن پۇراش سېزىمىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. سىزنى قولغا چۈشۈرۈش بىز ئۈچۈن ھېچقانچە نەتىجە ئەمەس. بىزگە ھەتتا ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سىزنى تازىلىۋېتىش خۇددى بىزنىڭ بىلىپ - بىلمەي بىرەر چۈمۈلىنى دەسسەپ سالغىنىمىزچىلىك بىر ئىش. بىز سىزنىڭ بىزدىن قورقۇشىڭىزنى، لاغىلداپ تىترەپ ئۆزىڭىزنى يوشۇرۇشقا جاي تاپالماي قېلىشىڭىزنى، ئۆزىڭىزنى ساقلاپ قېلىشتا يۇقىرى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتۇق. ئۆزىڭىزنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ ھاسىل قىلغان نەتىجىڭىزگە قاراپ بىز سىزگە يەنە داۋاملىق يوشۇرۇنۇش پۇرسىتى بېرەتتۇق، ئەمما سىز ئۆلۈكلەرنىڭ چۈپرەندىسى ئىكەنسىز. سىز بىزدىن قىلچىمۇ ئېھتىيات قىلىش چارىسىنى ئىشلەتمەپسىز، پۇراق يوقىتىش ئۈچۈن ئەزەلدىن ئەتىر ئىشلىتىپ باقماپسىز، ئۆزىڭىزنى ئاپتاپقا قاقلىماي يامغۇرغا چىلىشىپ يۈرىدىكەنسىز. سىز بىزنىڭ مۇھىتىمىزنى تېخىمۇ بۇلغاي دەمسىز. سىز ھەتتا ئۆزىڭىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باشقىلارنى سېتىش خىيالىدىمۇ بولماپسىز. بۇ سىزنىڭ بىزنى قانچىلىك مەنسىتمىگەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىزنىڭ خورىكىڭىز بەك يوغىناپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا ئەمدى بەدەل تۆلەيسىز.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن ماشىنا ئاستا توختىدى. شوپۇر ماتور قاپقىقىدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ بېشىمغا كەلدى، ئۇ ماڭا بىرھازا قاراپ كەتتى.

– قاراڭلار، بۇ تېخى ياشلا بالا ئىكەنغۇ. قېرى بولسىغۇ قېچىشقا ماغدۇرى يەتمەپتۇ دەپ چۈشەنسەك. سەن شۇنچە ياش تۇرۇپ قالغان كۈنۈڭنى قارا،– ئۇ ئەزۋەيلەپ سۆزلەپلا كەتتى،– ساڭا دېسەم ئۇكا، بىز تۈنۈگۈن بىر بوۋاينى قولغا چۈشۈردۇق. ئۇ بوۋاي يامغۇر تېگىنى گۈمۈرۈۋەتكەن ئىككى يۈز مېتىر چوڭقۇر بىر ئورىغا مۈكۈۋالغانىكەن. ئۇ بوۋاينى ئالاھىدە تالانت بولمىسا بايقاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەر يۈزىدىكى ئۆلۈكلەرنى شامالغا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پاش قىلىشىغا ۋە ئۆزىمىزنىڭ قابىلىيىتىگە ئاساسەن بايقايمىز. ئۇنى بايقىغانلار زور مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بوۋاي بولسا تېخىمۇ قېچىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. قارا سېنى، ئۇ بوۋايغا سېلىشتۇرغاندا سەن قانچىلىك ئەرزىمەس نەرسە - ھە.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بېشىنى كۆتۈردى، ئاندىن باشقىلارغا:

– مېنىڭ گېپىم توغرىمۇ كۆپچىلىك؟– دېدى.

– ھەئە،– دېدى ئالدى رەتتىكى بىر ئادەم ئۇيقۇلۇق ھالەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ،– بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلغۇدەك ئۇنچىلا كۆپ ۋاقتىمىز يوق، قويۇپ ماشىناڭنى ھەيدە.

شوپۇر ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

– سەن ئەمدى ھەممە قىلمىشلىرىڭنىڭ ھېسابىنى بېرىسەن.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئورۇندۇقىغا بېرىپ ئولتۇردى، ماشىنا يۈرۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

# ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى



ئادىل تۇنىياز

ئۆزۈمنىڭ شەھرىزاتىغا ئەگىشىپ «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىدىكى سىرلىق ئەرەب دۇنياسىغا ـ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە باردىم. نەمخۇش دېڭىز شامىلى توختىماي ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى قۇرۇتماقچى بولسىمۇ مەن يەنىلا ئېرىپ كېتىۋاتاتتىم: تەقۋادارلىق بىلەن زامانىۋىلىك، هاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەرلەر ۋە ئاياللارچە تازاكەتكە تولغان جەلپكار غەرب مەدەنىيىتى، قۇم ـ چۆللەرگە نېفىتنىڭ كۈچى بىلەن سېلىنغان شاهانە قەسىرلەر ۋە تەنهالىقتىكى تەن. بىراق تەن غەرىبكە كېتىۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ روهى بولسا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۇيۇقىدا ئىدى. مېنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە كۆرگەنلىرىم، يازغانلىرىم دەل ئاشۇ سۆڭەكلەر ـ ئەرەبلەرنىڭ قاغجىرىغان سۆڭىكىدۇر.

## ئەگەر بىر قىز بولسا رەسسە

ئەگەر بىر قىز بولسا رەسسە،
ئەسىر بىلەن شام ئارىسىدا.
پەتىۋاسى باردۇر ھەدىستە
ئەسىر ۋاجىپ
يا ۋاجىپ ئەمەس.

ئەسىر بىلەن نامازشام ئارا
بىر غۇنچىنى پۈۋلىدى ئاللا.
ئەسىر بىلەن نامازشام ئارا
نېمە قىلسا قىلغاي قىز بالا،
ئاسمان شېخى چېچەكلەيدۇ لىق
چۈنكى بىر قىز بولدى چىرايلىق

## گۆھەرپۇرۇش ئەخمەت ھەمەداننىڭ نامازشامدىن كېيىنكى ۋاقتى

زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈك بىلەن باشلاندى،
بۇ ۋاقىت
قۇش بىلەن سۇلتاننىڭ ۋاقتى
خۇشال ـ خۇرام شىكاردىن يانغان
سايەمنى كۆرۈپ ئىشىككە باقتى
بۇ شېئىردىكى ئەخمەت ھەمەدان.
ئۇ شۇنچە باي، مەمەدان
خرۇستال چىراغلارنىڭ ئاستىدا
قانات ېرەر ئەرەب قۇملىرى
ئېقىپ كېلەر نېفىت بىلەن زەر
ئۇ نېمىدەر باشقا قۇملۇقنى
تەكلىماكان قاقشىدا پەر
سورىسام مەن يۇرتۇمنى ئەگەر.

. . . ئەگەر «مىڭ بىر كېچە»دە بولسام
دېڭىز قاراقچىسى ۋە بوراندىن كېيىن
چىقىپ قالدىم يات بىر شەھەرگە.
بۇ نامازشام مەزگىلى ئىدى،
ئەتىر ھەم خورمىلىق باغلارنىڭ ھىدى؛
رەستىدە چىراغلار پورەك ـ پورەك.
ئاق كىيىملىك مەسچىتكە ماڭغان
قان لىباسلار قارا يالقۇندەك،
كۆردىكى ئەخمەت ھەمەدان،
غەم ـ غۇسسىگە چۆمگەن بىر غېرىب
ئەينەك ئىشىكتىن كەلدى كىرىپ. . .

جاۋاھىر بازىرىدىن قايتتىم ھېرىپ
بۇ شېئىرىمغا يۇلتۇز كۆپ چېكىپ.

## بېلىق بازىرى

توڭلىتىلغان بوز بېلىق.
تىرىك بېلىق.
قاسراقلىرى چاقنىغان بېلىق.
كۆزى ئوچۇق، ئاغزى ئاي بېلىق.
سېمىز بېلىق،
قىز بېلىق،

پىلتىڭلاپ، چايقىلىپ، ناز قىلىپ
بازارغا سالار ئىز بېلىق،
ھەي ئادەملەر، بىز بېلىق،
ئاھ خۇدا، بىز قانداق سودا؟...

## كۆيۈۋاتقان تىل

— ئەرەب شائىرى شەرىف س. ئەلمۇساغا

قومىلار ئاقماقتا
گۈل ياپرىقى قانات قاقماقتا
قىزلار جىممىدە ئېرىمەكتە،
كوچىدا
دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان ياز،
تېنىمدە مەي بولغان ئۈزۈم
تىلىمدا شېئىر شەربىتى.
يۈگۈردۈم ئۇپۇقتىكى قېشىڭغا،
غوزەكتىن ئالدىراپ چىققان پېتى.
ھاۋا نېمىدېگەن ئىسسىق.
بىراق سەن
پوپايكاڭنى كىيىپ
رەسىمگە چۈشتۈڭ،
ئالدىن مەن
224 ـ بەتنى ئېچىپ
سېنى كۆردۈم.
شېئىرلىرىڭ ئۇسساتتى مېنى،
ئىچتىم تۈركچە قەھۋە.
دەملەپ بەردى دەپ سېنى...

قىزىڭ سۆزلەرنى ئوينىماقتا
توز قۇيرۇقنى ئوينىغاندەك.
ئادىل ساھىلدا ئويلىماقتا
ئايالىنىڭ ھەيكىلى دېڭىز بويىدا
مەشئەل تۇتۇپ ئويلىغاندەك.
... ...
ۋاشىنگتون ـ
يۇمشاق بېتون،
يەپ رەڭمۇ رەڭ ئادەملەرنى
بىر ئادەمدەك قويىدۇ ئاقلاپ.
پەخەس بول شائىر
ئەرەبلەرنىڭ ئاپئاق سۆڭىكى
ئۇ يەر ـ بۇ يەردە تۇرۇپتۇ چاقناپ.

## ئەرەب تەمسىلى

«... دۇنيادا قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا»

قارا قاغىلارنىڭ ھەممىسى ئايال
كېتىۋاتقان ئاق رەڭ جەزمەن ئەر،
ئابايى① ئىچىدە يۇلتۇزلار ۋە ئاي
قەدىمىي ئادەت، يېپيېڭى شەھەر.
قارا رەڭلەردىن نەمخۇش قىز پۇرار
ئاق لىباسلاردا ئەركەكلەر قۇرار...
چۆلدىكى تاشتەك،
كوچىلاردا ئاق بىلەن قارا
ئەنسىز زەرەت ئادەملەر ئارا،
يۆتكەلمەكتە شاھمات ئۇرۇقى...
جەننەت، دوزاخ چەك ۋە قىيامەت
يېقىنلاپ قالىمىز بارا ـ بارا
چۈنكى قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا.

## يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ

— شېئىر ئوقۇغان ئەرەب قىزىغا

كۆرمىدىم سېنى،
ئەرەب تىلى ئېچىلغان،
غۇنچىدەك لەۋلىرىڭنى.
ئاڭلىدىم شېئىرىڭنى،
ئايالىم سۆزلىگەچ
گۈرۈچ يۇيۇۋاتاتتى
سۇدا تاڭ ئاتتى
تاشتەك قاتتىق.

«ئەرلەر قېنى؟»
تاشتەك قاتتىق
تەگدى شېئىرىڭ.
قوللىرىمغا قارىدىم شۇئان
ئايالىنىڭكىدەك نازۇك يۇمشاق،

① ئابايى ـ ئەرەب ئاياللىرى كىيىپ يۈرىدىغان قارا كىيىم.

ئاتامنىڭكىدەك ئورغاق تۇتمىغان
بۇۋامنىڭكىدەك تۇتمىغان ياراق.

يۇمشاق مەن
تۆمۈر بىلەن تاش ئارىسىدا
ھەتتا ئۆزۈمنىڭ قارشىسىدا
قۇرتتەك،
توپىدەك،
قەغەزدەك.
ئەركەك پاشىمۇ تاپىدۇ بالا
يېشىل گۈگۈمدا چاقناپ ئەرلىكى،
بۈيۈك تۈيغۇلار قېنى مەندىكى؟

يارامدا جىق سۆكۈت ئىزى
خىتاب قىلار ئەرەب قىزى
ئەرلەر قېنى؟

ئەرلەر ھاۋادا توپا - چاڭدەك،
ئەرلەر خورلۇقتا تۇرىدۇ تامدەك
ئەرلەر يۇمشاق ئېرىگەن شامدەك.

ئەي ئايالالار تاشلاپ قويۇڭلار
شىر تۇغۇلغان كېچىگە بىزنى،
ئەي ئايالالار سولىۋالماڭلار
پارقىرىغان شېشىگە بىزنى.

يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ
ئوتتۇرى ئاق
چۆرىسى سارغۇچ
كۆك نۇر چېچىپ،
يۇپيۇمۇلاق.

ئەرلەر ئۆلگەندە
رەڭسىز، يۇمشاق.

(شائىرنىڭ نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان «ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن)

# شېئىرلار

**ھوشۇر بارات**

## كەيپ كېچە

تەنھالىق
ئۆز - ئۆزىدىن كەتمەكتە چىقىپ

كىم؟
پەردىسىنى قايرىپ ئايالنىڭ
ئاھ ئېسىلغان ئەجەل كۆكسىگە،
يوق بۇ يەردە ھېچقانداق بەخت
ئۇۋا سالغان زۇلمەت كېچىگە.

بەلكىم
بۇ كېچىدە ئادەملىكىڭدىن
گۇمانلىنىپ قالىسەن چوقۇم
كەيپلىكىڭ پىشىلىپ ئاخىر.
يۈرىكىڭنىڭ سوقۇشلىرىدىن
چۈشۈپ قالار ئېسىڭگە بىرقىز.
شۇئان سىنى تىترەك باسىدۇ

تەنھالىقنىڭ چەكسىزلىكىدە
ئۆز - ئۆزۈڭگە دەيسەن بەك ئۇنىسىز
شائىرمۇ مەن ياكى بىر قاتىل.
تەنھالىق
سويلاپ بارار يەنە ئۆزۈڭگە.

## يىلان

يىلان
رېئاللىقنى قۇمدەك توزۇتۇپ،
سويلىماقتا ئايال قوينىدا.

مەن ئېرىيمەن دىكابىر ئارا،
بۇ شەھەرنىڭ دوقمۇشلىرىدا.
ھەممە - ھەممە ئۇنتۇلۇپ كېتەر،
پۇل رەڭگىدەك جۇۋان قوينىدا.
سىنى يەنە سۆرەپ كىرىدۇ
تەنھالىقنىڭ سوغۇق كېچىگە.

بۇ مۇشۇنداق قىسقا ئالدىنىش،
سېغىنىسەن سۆيگۈ مېھرىگە.

يىلان
باغلىنىشلىق چوقۇم مەن بىلەن.
ئايال قوينىدىكى تەنھالىق
سويلىماقتا يىلان نۇر بولۇپ
مۇھەببەتنىڭ تۈنجى پەسلىگە.

## ئايال ۋە شېئىر

كەچ گۈگۈمنىڭ چەكسىزلىكىدە
كۆيۈۋاتقان رەڭۋاز بۇ شەھەر
باشلايدۇ ئاھ يەنە بىر ناخشا

شۇ دەم
تۈيغۇمدىكى يالىڭاچ ۋاقتى
رىئاللىقتىن قايتىپ غەرق مەست

كەچ كۆكسىگە ئېسىلىپ قالغان
ئايال تىنىدە كۆتۈرەر چۇقان.

تەنھالىق
كۆيۈۋاتقان بىر تال شام، ياتاق
ئۆز - ئۆزىگە سولىنىپ شۇدەم
سويلىماقتا شېئىر تىنىگە
ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد ئۇچقۇنى
كۆيدى يەنە ئايال تىنىدە

ئايال
نىمكىن ئۇ يالىڭاچ پېتى،
ئالدىمدىلا تۇرغىنى قاراپ.
بەلكىم
ئايال شېئىر، شېئىر تىنىدە،
شېئىر ئايال، ئايال تىنىدە؟
رىئاللىقتىن قايتىپ غەمكىن ئەر
تونۇۋۇپ كەتتى يەنە ئۆزىگە

# قىشتىن زىرىكىش

**ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن**

## چەمبەر

چۆرگىلەيدۇ بىر چەمبەر
ئۇ ئۆزىگە ئىزدەيدۇ ۋەتەن
كۆزلەردىن
تىللاردىن
يولدىن يىراق بىر ماكاندا
ياشىماقتا غىچىرلىغان ئۈن

چۆرگىلەيدۇ ھەممە
مۇزىكىغا چېتىلغان پۇتى
مەيدىسى چەيلەنگەن ئوۋلارغا
ئاشقازان دورىسى تەڭلەر ھەقىقەت
يول بويىدا

چۆرگىلەيدۇ بىر چەمبەر
چىقىپ كەتتى يول

دەرۋازىنىڭ سىرتىغا
تۆت كوچا
تۇرۇپ قالدى باغاقتا قاراپ

جىمجىتلىق
كۆكلىمىدىكى بۇندا نە بىر ئىز
نە بىر تۇز سىزىق
ئۇزاپ كەتتى داۋان
ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ
چۆرگىلەيدۇ بىر چەمبەر

## كەچكى ھىد

پۇراپ كەتتى بۇرنۇمغا گۇپ - گۇپ
كۇل ئارىلاش كاۋاپنىڭ ھىدى
مەن ئەڭ موھتاج بولغان نەرسىدەك

ماشىنىلار كۆز قىسىپ ئۆتەر
يېنىپ تۇرار رەڭدار چىراغلار
لېكىن يانماس
ماڭا تەۋە بۇيۇك بىر چىراغ

ئاي، يۇلتۇز يۇيۇنۇپ ئوينىغان دەريا
ئېقىپ بارار دولقۇنلار
بىر ـ بىرىگە غۇلاچ تاشلىشىپ
بىلمەس بەلكىم باشلىنىشىدەك
قاي ئۆستەڭدە قاي كۆلچەككە بېرىشنى
مەنمۇ گاڭگىراپ تۇرىمەن بۇ كەچ
كۆزىگە ئاق چۈشكەن دادامدەك
تەلىيى كاج ئاللىتكىملەردەك

پۇراپ كەتتى دوقمۇشتا گۇپ ـ گۇپ
زىرە سەپكەن كاۋاپىنىڭ ھىدى
لېكىن بۇ ئەمەس
مەن ئىزدىگەن شۇ ھىد، شۇ پۇراق

ـ ئايالمۇ؟
ـ . . .
ـ ھاراقمۇ؟
ـ ياق، ياق! . . .

بېسىپ كېلەر ئېغىر موھتاجلىق
مىجىلىدۇ تەلەي، ئىرادە
پىلىلدايدۇ قىرغاقتا ماياك
يېتىپ باردى كۆزلىرىم، ئەمما
مەن بۇ ياقتا ياياق، پىيادە

يامغۇر ياغسا بۇ يەردە
تېمىپ چۈشەر تورۇستىن چىپ ـ چىپ
يۈرەكلەردە قاتقان دەرد ـ ئەلەم
كىرپىكلەرنى چۈشكەندەك يېرىپ

يەر تەۋرەيدۇ ئالىمادىسلا
تەۋرىگەندەك ئىمان ۋە نىشان
بېسىپ كېلەر ئېغىر موھتاجلىق
بۇقۇلدايدۇ ئارمانلار ھوشسىز
قارا باسقان كېچىسى
ئۈزۈلۈپ قالغان شېرىن چۈشسىمان

تونۇشلارغا قارىدىم بىر پەس
ئوخشمايدۇ ئۆزىگە ھېچبىر
مەيلى كۇندۇز يا كەچ ئىشقىلىپ
تېمىنىدۇر ساتىدۇ ئۇلار
تۈيماس ئەمما
ساتقىنىنى يوللىرىنى، يۈزىنى

چۆچۈپ كەتتىم ئۆزۈمدىن
قاراشتۇردۇم كۆڭلۈمدە شۇئان
ۋىجدانىمنى، ئەقلۇ ھوشۇمنى. . .
ئۇھ. . . يېنىمدا تۇرىدۇ دوستۇم
ئۇنتۇپتىمەن
ھەتتىگىنەي، ماڭا ئوخشاشلا
خەۋىرى يوق ئۇنىڭ سودىدىن

## سېتىش

قايان بارغىن، مەيلى قايان باق
كۆزلىرىڭگە پۇتلىشىدۇ يايمىكەش:
دوقمۇشلاردا
رەستىلەردە
كۆل بويىدا

# شائىر دىل چۆلدە قىلىدۇ نىدا

غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

## خوتەن قاشتېشى

تاغلارنىڭ قەلبىدە قاتقىنىڭ راستمۇ،
دەريالار نەزىرىدە ئاققىنىڭ يالغان.

زېمىننىڭ چۈشىنى تاپقىنىڭ راستمۇ،
قىزلارنىڭ بويىدا چاقنىسا مارجان.

سۇزۇكسەن قىنىدىن چىققان قىلىچتەك،
قاتتىقسەن ئەبەدلىك جۇدالىق كەبى.
قۇملۇقنىڭ روھى بوپ قوپقىنىڭ راستمۇ
چۇشكەندە ساھىلغا تۇلپارنىڭ ئىزى.

سېھرىڭنى تاپالماس ئۇيمىچى قوللار؛
شارقىراش، قاغجىراش، جىمجىت. . .
ۋارقىراش!
دولقۇنلار ۋەسلىگە قايتقىنىڭ راستمۇ
ئاھ، ئۇسساپ كەتكەندە ساڭا يورۇڭغاش.

## تاك. تاك. تاك...

تاك، تاك، تاك، مەن كەلدىم
جىمغىنە، جىنىم ئامرىقىم
ئەينەك سۇنۇقلىرىدىن چىرايىڭنى ئىزلەۋاتامسەن؟
ياغاچ ئوچاقتا ماڭا ئۇماچ ئېتىۋاتامسەن؟
چار مىخلارنى تېنىڭگە سانجىپ تاماكا خالتىسى كەشتىلەۋاتامسەن؟
مەن يالىڭاچ، ئۇياتچان،
يۈزۈڭگە تەبەسسۇمدىن ئارتىۋال رومال
كىرپىكىڭنى قېقىپ ئولتۇر يات ئىقلىمنىڭ بورانلىرىدەك
ئېتىكىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قوي خازانلىرىڭنى
ئىشتانسىز سەمىمىيىتىڭ ئالدىدا ئۇيۇلۇپ قالىمەن.

تاك، تاك، تاك، مەن كەلدىم
چىقمىساڭ ئۆگزەڭگە چالما تاشلايمەن،
تۈڭلۈكۈڭگە پوتا باغلايمەن
تاملىرىڭنى تېشىۋېتىشىمدىن قورقامسەن؟
تال چىۋىق ئېتىمغا مىنىپ كەلدىم
بىر دەمدىلا قىرىپ كېتىمەن،
مەيدە تۈكلىرىمدە قۇشقاچ ئۇۋىلايدۇ
باللار بۇرۇتۇمغا چالما تىزىپ ئوينايدۇ.
ئىشىك تۈۋىڭدە
ھاسام كۆكلەپ چىنار بولىدۇ
قونۇۋېلىپ ئۇنىڭغا
سېنى قورقىتىپ قاغا قاقىلدايدۇ.

جىنىلمغىنە، جىنىم ئامرىقىم
چىمەن دوپپاڭنىڭ قاقاس ئېتىزلىرىنى سۇغىرىۋاتامسەن؟
قىرىق كۆكۈلاڭنىڭ غايىب بولغان ئوتتۇز توققۇزىنى ئىزلەۋاتامسەن؟
قېشىڭدا ئوسما مايىسىسى ئۆستۈرۈۋاتامسەن؟
تىرنىقىڭدا خېنە گۈللىرى ئېچىلدۇرۇۋاتامسەن؟
قەپەستىكى تورغايىنى قويۇۋەتتىم
قاقاس يەرلىرىڭگە ئاقاي دەيمەن،
تاك، تاك، تاك، مەن كەلدىم.

www.uyghurkitap.com

## چۆل ناخشىسى

مەيلى قۇياش باغرىمنى ئۆرتە
مەيلى يامغۇر ياغدۇرما بۇلۇت.
مەيلى، شائىر كۈيلىمە مېنى،
مەيلى
دۇنيا مېنى ئۇنۇتقىن، ئۇنۇت.
باياۋاننىڭ چەكسىز قەلبىدە
ئەرۋاھلارنىڭ ئويغاق چۈشىدە
بورانلارنىڭ غالجىر كۈيىدە
مەن مەۋجۇت مەن قىيامەتكىچە.

مەن توغراقنى تۇرسەن ساقلاپ،
توغراق مېنى تۇرىدۇ قوغداپ.
نەدە بولغىن بۇزۇپ ئۇيقۇڭنى
تۇرار ياڭراپ غايىب قوڭغۇراق.
ئۇچقۇر ئاتلار قۇمنىڭ تەكتىدە
كىشنەر تۈننى قىلىپ پاتپاراق.
مەزمۇت سېپىل، ئىمارەت قېنى؟
سەلتەنەتلىك جىنايەت قېنى؟
ئۇنتۇلمىغان رىۋايەت قېنى؟
بارخانلارغا كۆمۈلگەن نېمە؟
گۈلخانلاردا ئۆچكىنى نېمە؟
بورانلاردا كۆچكىنى نېمە؟

# ئىككى شېئىر

**ئابدۇسالام رىشىت**

## چىغىر يول

بالا چېغىڭ ماڭغان ئاشۇ يول،
تەبىئەتتەساددا بىر چېھىر.
رىۋايەتكە باشلايدۇ ئۇدۇل،
ئىللىققىنە سەھراچە مېھىر.

ئەگىپ كېلەر يىراق - يىراقتىن،
خىلۋەت ساھىل ئېدىرلار ئارا.
سۈزۈلىدۇ يېشىل قىرغاقتىن،
سىڭىشىدۇ مانانلار ئارا.

لىرىكىدەك نازۇك ئاقىدۇ،
توقايدىكى يېگانە بۇلاق.
گۈل دالىغا سۆيگۈ ياقىدۇ،
گىرۋەكتىكى ياپيېشىل قىياق.

دوڭغاق جىگدە سۆزلەيدۇ قىسسە،
يالپۇزلارنىڭ شىۋىرلىشىنى.
ئاڭلاپ قالار كىملەردۇر ئۆتسە،
قىز - يىگىتنىڭ پىچىرلىشىنى.

سۈكۈت سىڭگەن بىغۇبار چەكسىز،
قىىز قەلبىدەك خىلۋەت بۇ دالا.
خىياللارغا چۆمگىنىسەن تەگسىز،
بولغۇڭ كېلەر سەبىي بىر بالا.

## ئاق كۆكۈلگە ئوخشايدىكەن ئاپئاق قار

ئويغاندىكىن جۇدۇن پەسلى نەلەردە،
ئاپئاق قارنى پۈركۈپ كەپتۇ سەھەردە.
قار پوكىزىكى ئۇينار تاغلىق باللار،
قار بوۋايمۇ يوق بۇ خىلۋەت يەرلەردە.

كۈكۈش تۈتۈن ئۆرلەر پاكار ئۆيلەردە.
ئويغانغاندا سەھرا لەزىز كۈيلەردىن.
قارلار كېچىچە ئۇزاپ كېتەر يىراققا،
ئارمان يۇدۇپ ماڭغان ئىزلار بۇ يەردىن.

ئورمانلاردا رەسىمدەكلا سۈكۈت بار،
توقايلاردىن ئۇزۇلمەيدۇ بىر كۈي تار.
كۈمۈش رەڭدە تولغىنىدۇ جىلغىلار،
ئاق كۆكۈلگە ئوخشايدىكەن ئاپئاق قار.

# تەئەججۇپلۇك خىياللار

### «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى» توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

**ئابدۇرېشىت سابىت**

ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يۈكسىلىشكە قاراپ مېڭىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنىمىزدا نادىر ئەسەر يارىتىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ ئەدەبىياتىمىز يېڭى بىر بۇرۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە بۆسۈش خاراكتېرلىك نادىر ئەسەرلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرى ھەمدە يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار ئەدەبىي ئىجادىيەتنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تۈرلۈك شەكىلدىكى ئەسەر باھالاش مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ۋە مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى قانات يايدۇرۇپ ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ھازىرغىچە ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى باھالاش ۋە «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى» پائالىيەتلىرى مانا شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش ئاساس قىلىنغان ئەدەبىيات مۇكاپاتى. بۇ مۇكاپات 1989 - يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ تەشەببۇسى، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئىلى دەرياسى»، «تۇرپان»، «يېڭى قاشتېشى»، «بوستان (كىرورەن)»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، «مايبۇلاق»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» قاتارلىق يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ قوللىشى بىلەن تەسىس قىلىنغان ھەمدە يۇقىرىقى ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرلىرى ۋە ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەرلەردىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ، مەدەنىيەت ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان تەشكىلىي ھەيئەت قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ قېتىملىق پائالىيەت مەزگىلىدە بۇنىڭغا مەرھۇم يازغۇچى قەييۇم تۇردى پەخرىي مۇدىر، زوردۇن سابىر مۇدىر بولۇپ سايلانغان.

1993 - يىلىدىن باشلاپ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» پائالىيىتىگە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «تارىم» بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىمۇ قاتنىشىپ بۇ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنىڭ تەسىر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى.

«خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» پائالىيىتى - يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئومۇمىي پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، سېلىشتۇرۇپ، پەرقىنى تېپىپ ژۇرنال باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش ھەمدە كۆپلەپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، يېتەكلىق يارىتىش، ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا كۈچەيتىش، يېقىندىن مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاشنى ئاساس قىلىپ، ياش كۈچلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىش، ساپالىق ئاپتورلار قوشۇنىنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، گۈللەنگەن بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان كوللېكتىپ

پائالىيەتتۇر.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ مۇكاپاتلاش پائالىيىتى دەسلەپكى تارقىتىلغان يىللاردا ساغلام ۋە بىرقەدەر ماس قەدەم بىلەن خېلى ياخشى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، بىراق كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىرقىسىم يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللاردىكى ئايرىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ، مۇناسىۋەت تورى باغلاپ، چۆپقەتچىلىك قىلىشىپ بۇ يىل ئۇ ئاپتورنى كۆرسىتىپ بەرسە، كېيىنكى يىلى يەنە بىر ئاپتورنى كۆرسىتىپ ئۆچىرەت بويىچە نەپ ئالىدىغان «كۆكۈل سوۋغىسى» قىلىنىۋېلىشتى. جەمئىيەتتە ھېچقانداق داغدۇغا قوزغىيالمىغان پۇچەك، ناچار ئەسەرلەر ئامىمىنىڭ كۆزىچىلا بۇ پائالىيەتنىڭ داستىخىنىدىن نېسىۋىگە ئېرىشىپ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بەلگىلىمە بويىچە ئادەتتە ھەر يىلى ھەر بىر ژۇرنالدىن مۇكاپاتلىنىدىغان ئەسەرلەرنىڭ سانى چوقۇم ئىككى پارچە قىلىپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق بەزى ھاللاردا بۇ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىنماي بىرسى مۇكاپاتلانسا، يەنە بىرەيلەننىڭ كۆڭلى قالمىسۇن دېگەندەك بەزى ژۇرناللاردىن مۇكاپاتلىنىدىغان ئەسەرلەرنىڭ (توغرىسى كىشىلەرنىڭ) سانى ئۈچ، ھەتتا تۆتكىچە يېتىپ بېرىش بىلەن بۇ مۇكاپاتلاش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە گۇمان پەيدا قىلىپ قويدى.

«خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئەسەر تاللاپ باھالاش - مۇكاپاتلاشتا ياش تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، يۆلەش، يېتەكلەشنى مەقسەت قىلىپ، يېڭىدىن ئۇتتۇرىغا چىققان ئۈمىدلىك ياش ئاپتورلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى باھالاش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ۋە بۇ پرىنسىپ باشتىن - ئاياغ ئىزچىللاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق بىرقىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قولايلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى شەخسىي نەپكە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ يازغان بىرنېمىلىرى قانچىلىك ناچار ۋە پۇچەك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر يىلى ئۆچىرەت بويىچە بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىپ كەلدى. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار مۇشۇ خىل مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىدە قولغا كەلتۈرۈۋېلىشقان «شەرەپ گۇۋاھنامە»لىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىپ ئۇنى يۇقىرى ئۇنۋان ئېلىشنىڭ ئەڭ يوغان دەسمايىسى قىلىۋېلىشتى. قاراپ باقسام بۇ پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇرغۇچى يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار ئىچىدە «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»دىن ئىبارەت بۇ نېمەتتىن ئۆچىرەت بويىچە بەھرىمەن بولمىغان باش مۇھەررىر ۋە مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر ئاساسەن قالمىغاندەك قىلىدۇ. مانا بۇ ھال شۇ ژۇرنالنىڭ، جۈملىدىن «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ ئابرۇيىنى، نوپۇزىنى زور دەرىجىدە چۈشۈرۈۋەتتى.

ئەمدى بىز «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى» توغرىسىدا ئازراقلا توختىلىپ ئۆتەيلى:

ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە باركى، 1993 - يىلى ئۆكتەبىردە 5 - قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» پائالىيىتى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلدى ۋە يىغىنغا «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى»دىن ئىبارەت يېڭى بىر مەزمۇن قېتىلىپ، بۇ پائالىيەتنىڭ تىما، مەزمۇن ھەمدە كۆلەم دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» پائالىيىتى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلدى.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن شۇ نۆۋەتتىكى تۇنجى قېتىملىق «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى»غا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ مەسئۇللىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلار، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. پايتەختتىكى كۆپلىگەن ئاخبارات ئورۇنلىرى يىغىن ئەھۋالىنى ئارقىمۇئارقا خەۋەر قىلىشتى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد يىغىننىڭ ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ، «بۇ قېتىمقى يىغىن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر

ئەدەبىياتى ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى كۆرەك قىلىش يىغىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىجادىيەت قوشۇنىنى كۆرەك قىلىش يىغىنى بولدى. . .» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مانا مۇشۇلارنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى بىلەن بىرقانچە قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنلىرى ياخشى ئېچىلىپ مەخسۇس مۇھاكىمىلەر، ژۇرنال باشقۇرۇش ھەققىدىكى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، تەھرىرلىك ئىلمى، تەھرىرلىك كەسپى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر، شۇنداقلا بىرقىسىم يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش ھەم ئۇلارغا تون كىيگۈزۈشكە ئوخشاش پائالىيەتلەر قوشۇلۇپ، يىغىننىڭ دائىرىسى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەزمۇنلۇق بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. بىراق كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەدەم تەكشى ئېلىنماي، بۇ خىل مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ قازانغان نەتىجىسى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئۇسۇل، چارىلىرى، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنىپ ئۇنىڭدىن كىشى قانائەتلەنگۈدەك يەكۈن چىقىرىلمىدى. ئەھمەد زىيائىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق تەتقىقاتچى ئالىملىرىمىزنىڭ كىشى كۆڭلىنى لال قىلغۇدەك بىرقىسىم ماقالىلىرى بۇ يىغىنلاردا ئوقۇلۇپ يىغىن ئەھلىنىڭ قىزغىن ئالقىشلىرىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يىغىندىن كېيىن ئۇلارنىڭ داغدۇغىسى ئۈن - تىنسىزلا ئارىمىزدىن غايىب بولۇپ كەتتى (بۇ ھەقتە مەخسۇس بەس - مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلمىدى).

خەلق ئەدەبىياتنى سۆيىدۇ، ئۆز يازغۇچىلىرىنى تېخىمۇ سۆيىدۇ. ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىلكىشى، سىردىشى دەپ بىلىدۇ. ئۇلارنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشنى، ئىمكان بولسا ئۇلارنىڭ بىرقانچە ئېغىز شېرىن سۆزىنى گەپلىرىنى بىۋاسىتە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ھەرقايسى جايلاردىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بۇ خىل پائالىيەتلەرگە يېتەرلىك خىراجەت ئاجرىتالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى قەدىرلەيدىغان بىر بۆلۈك بايلار ۋە ساخاۋەتچىلەر مەيدانغا چىقىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ پائالىيەتلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن بارىنى ئايىمىغان بولسىمۇ، بىراق ئايرىم جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ پائالىيەتلەرگە شۇ ساخاۋەت ئىگىلىرىنىڭ قاتنىشىش، ئۆز يازغۇچى، شائىرلىرى بىلەن دىدار مۇلاقەتتە بولۇش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىپ «ھەسسىنىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق» دېگەندەك بىر ئىش بولدى.

بۇ ھەقتە مۇھەممەتجان راشىدىن مۇنداق دەيدۇ: «ھېلىمۇ يادىمىزدا، 1994 - يىلى ئىلىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىدىغان بولدى. ئىلىدىكى يولداشلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بىر تۈركۈم تىجارەتچىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. نەتىجىدە ئۇلار يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ، ئېتەكلىرىنى قېقىپ تۇرۇپ پۇل ئىئانە قىلىشىپدۇ، يىغىنغا يېتىپ ئاشقۇدەك مەبلەغ توپلاندى. شۇ چاغدا ئۇلار بۇ ئەزىز كىشىلىرىنىڭ مۇبارەك سورۇنىغا قىزغىن پۇل ئىئانە قىلىش روھى بىلەن بىللە يەنە بىر ئورۇنلۇق تەلەپنىمۇ قويىدى. ئۇ بولسىمۇ مەزكۇر يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ئەدىبلەر بىلەن بىرەر قېتىم بولسىمۇ بىللە بولۇش، تونۇشۇش، سىردىشىش ئىدى. بۇ تەلەپلەردە خەلقىمىزنىڭ ئۆز يازغۇچىلىرىغا چەكسىز سۆيۈنۈش ھۆرمىتى بار ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئاخىرى قانداق بولدى؟ نەتىجىدە ئىشنى بىر رەھبەرنىڭ «كېيىنرەك ئايرىم كۆڭلىنى ئېلىۋالساڭلار بولىدۇ!. . .» دېگەن يولىيورۇقى بۇزۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرى بىكار بولۇپ كەتتى. ئۇلار بىزدىن ناھايىتى نارازى بولدى، ئاغرىندى، ئۇلار ھەقلىق ئىدى! چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ ئايرىم كۆڭلىنى ئېلىۋېلىشىمىزغا موھتاج بولۇپ تۇرغان كىشىلەر ئەمەس، ئۇلارغا سورۇن كەممۇ؟ زىياپەت كەممۇ؟ ئويلاپ كۆرۈڭ، ئەمدى ئىككىنچى قېتىم ئۇلاردىن ياردەم سوراشقا كىمنىڭمۇ يۈزى چىدايدۇ؟ كىمنىڭمۇ ئاغزى

www.uyghurkitap.com



باردۇ؟ خەلقنىڭ مۇنەكلەپ پۇلىنى ئېلىشنى بىلسەن، لېكىن ئاممىۋى سورۇنىڭدىن قىزغىنىسەن، مۇشۇمۇ ئادەمگەرچىلىكمۇ؟ ئۆرۈكنى قېقىۋېلىپ شېخىنى يىرىۋەتسەڭ قانداق بولىدۇ؟ تائامنى يەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيدىغان بۇنداق سەتچىلىكنى سادىر قىلغۇچىلار يەنە باشقا يەرلەردىمۇ بار».

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە ماختاش بىلەن كالتەكلەش يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىك خۇسۇسىيەتلىرى، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ يېڭىچە ئالاھىدىلىكلىرى، ھېسسىياتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولى، ھازىرقى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئەدەبىيات بىلەن ئۇستقۇرۇلمىنىڭ، ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئالاھىدە رولى، يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدە سىستېمىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىپ ئۈنۈمدىن تولۇق ۋە قانائەتلىنەرلىك نەزەرىيىۋى يەكۈن چىقىرىلمىدى (بۇلارنىڭ بەزىلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ بىر - ئىككى ئادەمنىڭ ماقالە ئوقۇشى بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىنمىدى). ئىنتايىن مۇھىمى گۈللەنگەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەن ئاساستىكى مۇكەممەل بولغان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسى، پسىخىكىسى ۋە تارىختا ماس ھالدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەزەرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە تولۇق پۇرسەت يارىتىپ بېرىلمىدى.

مېنىڭچە، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تېمىسى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىسلاھ قىلىش روھىنى ئورغۇتۇپ، نادىر ئەسەر يارىتىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇش بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە بۇ ھەقتە پىكىر بىرلىكىگە كېلىشىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

ئېنىقكى، يىلدا بىر قېتىم ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىنى ئاساس قىلىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇنداق چوڭ كۆلەمدىكى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مەقسىتى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قانداق قىلىپ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىپ ئۈنۈمدىن ھەممە ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. يىغىننىڭ مۇھاكىمە تېمىسى ئالدىن بەلگىلىنىپ، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا ئالدىن ئۇقتۇرۇلۇشى، ئۇلار شۇ تېمىلار بويىچە سىستېمىلىق تەييارلىق قىلىپ مۇھاكىمىگە قاتنىشىشى ۋە ئۈنۈمدىن ئورتاق خۇلاسە چىقىرىلىش كېرەك.

2. ژۇرنالغا سان چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، زورمۇزور باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان شەكىلۋازلىق ئادەتلىرىگە خاتىمە بېرىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا بېرىلگەنساننى تولدۇرۇش ئۈچۈنلا ناچار ئەسەرلەرنى تاللاپ ئەۋەتىپ مۇكاپاتقا قاتناشتۇرىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

3. پائالىيەت ھەيئىتى ئەسەر باھالاشنىڭ كونكرېت لايىھىسى ۋە ئۆلچەملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ شۇ بويىچە نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەن ئەسەرلەرنى قاتتىق تەلەپ بويىچە تاللاپ باھالاش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئەسەرگە ئەمەس ئادەمگە قارايدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشىدىن ئۈنۈملۈك ھالدا ساقلانغىلى بولىدۇ.

دېمەك، گۈللىنىۋاتقان يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دەۋر روھىغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىمىز بويىچە نادىر ئەسەر يارىتىش ئېڭىمىزنى تۇرغۇزۇپ، 21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن يېپيېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەۋرەنمەي ئىزدىنىشىمىز لازىم.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئائىلە نەسەبى ۋە ئىنىسى ئابدۇساتتار ھاجىم

ئۆمەرجان سىدىق

ئابدۇساتتار ئابدۇراخمان مەخسۇم ھاجى ئوغلى ئۇلۇغ دېموكراتىك شائىر، يارقىن مەرىپەتچى، تىز پۈكمەس ئىنقىلابچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بىردىنبىر ھايات قېرىندىشى بولۇپ، بۇ مۆھتەرەم زات ھازىر 82 ياشقا كىردى. ئۇ ھازىر تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۈزۈمچىلىك يېزا باغرى مەھەللىسىدىكى قويۇق ئۈزۈم باراڭلىرى، ئۆزىگە ئوخشاشلا چوڭ ياشلىق ئۈجمە دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان ھويلىسىدا ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىگە، مۇھاكىمە، مۇشائىرە يىغىلىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ، يازغۇچىلارنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدىكى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ، كەلگەن تاۋاپچىلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقى، مول ئىجتىمائىي بىلىمى، ناتىقلىقى بىلەن ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى ئەسلى تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزىسىدىن بولۇپ، كېيىن ياقۇپبەگ بىنا قىلغان ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئاۋات بازار بولغان تۇرپان يېڭىشەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئوغلى يوق، ئۈچلا قىزى بار بولغاچقا، چوڭ قىزى نىيازخاننى باغرىلىق ئابدۇراخمان مەخسۇمغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئوغلىغا ئوخشاش كۆرۈپ، بىرلىكتە تىجارەت قىلغان. ئابدۇراخمان مەخسۇملار مىجىت ھاجىنىڭ يېڭىشەھەردىكى قورۇسىدا بىرگە تۇرغان، كېيىنچە بۇ قورۇ «ئابدۇراخمان مەخسۇم ھاجىنىڭ قورۇسى» دەپ ئاتالغان. مىجىت ھاجىلار ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپاندا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، تىجارىتى چەت ئەللەرگىچە كېڭەيگەن، مەدەنىيەتلىك ئائىلە بولۇپ،

ئابدۇراخمان مەخسۇم تۇرپاندا يۈڭ، تېرە، پاختا قاتارلىقلارنى يىغىپ تۆگە كارۋىنى ئارقىلىق ماڭدۇرۇپ بەرسە، مىجىت ھاجى روسىيىنىڭ شەمەي، قازان شەھەرلىرىدە بۇ ماللارنى پۇل قىلىپ، ھەر خىل تۇرمۇش، قول سانائەت بۇيۇملىرىنى تۇرپانغا ئېلىپ كېلىپ ساتقان.

مىجىت ھاجى كىتابخۇمار كىشى بولۇپ، پات - پات لۈكچۈندىن دېموكراتىك شائىر نەمەت خەلىپەتنى تەكلىپ قىلىپ، شېئىر ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى؛ مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر زات مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن ئۆز ئۆيىدە ئەھمىيەتلىك مۇئامىلىلەرنى ئۇيۇشتۇراتتى؛ روسىيىدىن ئالغاچ كەلگەن كىتابلىرىنى كۈيئوغلى ئابدۇراخمان مەخسۇمغا ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى؛ مىجىت ھاجىنىڭ ئايالى ئەرەمسىما خېنىممۇ ساۋاتلىق، ئوقۇمۇشلۇق، كۆرگەن - بىلگىنى كۆپ ئايال بولۇپ، نۇرغۇن خەلق چۆچەك، رىۋايەتلىرىنى بىلەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئانىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم بولسا ئەرەبچە، پارسچە تىل - يېزىقتىن خەۋىرى بار، خەنزۇچىنىمۇ بىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق زات ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1901 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دەل مۇشۇنداق ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى، چوڭ ئانىسى ئەرەمسىما خېنىم، ئانىسى ئابدۇراخمان مەخسۇملارنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولۇپ، روسىيىنىڭ شەمەي، موسكۋا شەھەرلىرىدە ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەرەب، پارس، رۇس، خەنزۇ تىللىرىنى ئىگىلەپ ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك زىيالىيسىغا ئايلانغان.

ئابدۇراخمان مەخسۇم كۆپ پەرزەنتلىك بولغان بولۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ بىرنەچچىسى بالىلىق، ياشلىق مەزگىللىرىدە كېسەل

www.uyghurkitap.com

سەۋەبىدىن قازا قىلىپ كەتكەن. باللىرىنىڭ ھەممىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم ھاجىنىڭ قورۇسىدا (تۇرپان يېڭىشەھەر 4 ـ كوچىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بۇ قورۇ ئەسلىدىكى ھالىتىنى قىسمەن ساقلاپ قالغان، ھازىر ئابدۇساتتار ھاجىمنىڭ ئوغلى ئابلەق ھاجىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا) تۇغۇلغان. بىزگە مەلۇم بولغانلىرىدىن چوڭ ئوغۇل ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇ 1933 ـ يىلى 13 ـ مارت كۈنى جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن «دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنىۋى تەرغىباتچىسى ۋە مۇھىم رەھبىرى» بولغان «گۇناھى» ئۈچۈن قەتل قىلىنغان. ئىككىنچى ئوغۇل ئابدۇقېيۇم 1903 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئاكىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ئىنىسىنى 1914 ـ يىلى ئاستانىدە تۇنجى قارار ئېچىلغان «مەخسۇدىيە مەكتىپى»گە ئاپىرىپ ئوقۇتقان. كېيىن ئائىلىسىدە ئاتىسىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن، باغرىدىكى ئۈزۈملۈك باغلىرىنى باشقۇرغان، تۇرپان قوزغىلىڭى پارتلىغاندا ئاكىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىنقىلابقا قاتناشقان. ئابدۇقېيۇمدا ئاكىسىغا ئوخشاش شېئىرىي تالانت بار بولۇپ، «نالىگەر» تەخەللۇسى بىلەن خېلى ياخشى شېئىرلارنى يازغان، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىنىسىنىڭ نەزمىلىرىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم مەدەت بەرگەن. ئۇ 1962 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 59 يېشىدا قازا قىلغان. ئۈچىنچى ئوغۇل ئابدۇجاپپار 1930 ـ يىللىرى سەيپۇللايوپ، باۋۇدۇن يۇسۇپ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇراخمان مۇھىتى، ھەسەن كېرىم قاتارلىقلار بىلەن تاشكەنتكە ئوقۇشقا چىققان بولۇپ، شۇ يەردە كېسەل سەۋەبى بىلەن 25 ياش ئەتراپىدا قازا قىلغان. تۆتىنچى بالا ھەلىمىخان 1908 ـ يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 25 ياشلاردا كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا قىلغان. بەشىنچى بالا توختىخان 1913 ـ يىللىرى تۇغۇلغان بولۇپ، توي قىلىپ، تۇغۇتىدا قازا قىلغان. يەتتىنچى بالا خەلچىخان 1928 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، 1989 ـ يىلىغا قەدەر ياشاپ، تەتقىقاتچىلارنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە خېلى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ، 61 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەڭ كىچىك پەرزەنت ئابدۇكېرىم بولۇپ، ئۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن 12 يېشىدىلا قازا قىلغان. ئابدۇراخمان مەخسۇم ھاجى 1950 ـ يىلى 82 ـ يېشىدا، ئايالى نىيازخان 1970 ـ يىللىرى 101 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1919 ـ يىلى ئىمىننىيازبەگنىڭ قىزى نىيازخان (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ ئىسمىمۇ نىيازخان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىسمى كېيىنچە ئايىمخانغا ئۆزگەرتىلگەن) بىلەن توي قىلغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئابلەتخان، ئابلىزخان، ئابدۇرېشىتخان ئىسىملىك ئۈچ ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان بولسىمۇ، بۇ ئوغۇللار تۆت ياش، ئۈچ ياش، بىر ياشقا كىرگەندە قازا قىلىپ كەتكەن، بۇ باللارنىڭ ئاپىسى ئايىمخانمۇ 1929 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. 1930 ـ يىلى مىجىت ھاجى 71 يېشىدا ۋاپات بولغان. بۇ يىللار ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر يىللار بولغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەتل قىلىنغاندا ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم ھاجى قۇمۇلدا بولۇپ، ئەسلىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت ئۇنى ئۇرۇمچىدىكى روزى ھاجى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئالاقە باغلاشقا قۇمۇلغا ئەۋەتكەن. ئۇ شۇ بارغانچە قۇمۇلدا بىرنەچچە يىل تۇرۇپ قېلىپ، ئوغلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەتل قىلىنغانلىقىنى ئۇقۇپ قايتىپ كەلگەن. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوغلىنىڭ ئىسسىق قېنى تۆكۈلگەن يېڭىشەھەر بازىرىدىن رايى قايتىپ، ئائىلىسى بىلەن باغرى مەھەللىسىگە كۆچۈپ چىققان. يېڭىشەھەردىكى قورۇسى 1950 ـ يىللىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، 1987 ـ يىلى سىياسەت ئەمەلىيلەشكەندە قايتۇرۇلغان. بۇ چوڭ قورۇنىڭ يېرىمى كېيىن باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇغۇلغان، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ياشىغان تۆر تەرەپتىكى چوڭ ئۆي، يەنى يەردىن خېلى كۆتۈرۈلۈپ ئايۋانلىق قىلىپ سېلىنغان، تۇۋرۇكلىرىگە ھەر خىل نەقىشلەر ئىشلەنگەن، ئەينى دەۋرنىڭ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلىرى

ھېسابلىنىدىغان مېھمانخانا ھازىرمۇ خېلى مۇكەممەل ھالەتتە ساقلىنىپ تۇرماقتا. بۇ قورۇ ھازىر مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاسرىشى، رېمونت قىلىشى، ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خاتىرە ئۆيى» قىلىپ ئېچىۋېتىشىگە موھتاج. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەبرىسى ئەسلىدە يېڭىشەھەر قەبرىستانلىقىدا بولۇپ، 1962 - يىلى شەھەر قۇرۇلۇشى ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بۇ قەبرىستانلىق كۆچۈرۈلمەكچى بولغاندا ھازىرقى ئورنى - باغرى قەبرىستانلىقىغا يۆتكەلگەن.

ئابدۇساتتار ھاجىم - ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ ئالتىنچى پەرزەنتى بولۇپ، 1919 - يىلى 11 - ئايدا دەل ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇغۇلغان ئۆيدە دۇنياغا كەلگەن. 10 ياشلارغا يېقىنلاشقاندا ئاكىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭىشەھەر ئاق سارايدا ئاچقان يېڭىچە مەكتەپتە، ئەنەيتۇللا ئەپەندىنىڭ قولىدا بىر يىل ئوقۇغان. ئاكىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەتل قىلىنىپ ئۇلار باغرىغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، بۇ يەردە ئېچىلغان يەنىي مەكتەپتە ئابلا قاۋۇز ئەپەندىنىڭ ئوقۇتۇشى بىلەن 5 -، 6 - سىنىپلارنى تۈگەتكەن. كېيىن ئاستانىدە مۇئەللىملەر كۇرسى ئېچىلىپ، ئابدۇساتتار ھاجى شۇ يەرگە بېرىپ ئوقۇماقچى بولغاندا، ئاپىسى «ئاكاڭ ئابدۇخالىق شۇنچە ئوقۇپ، تەقدىرى شۇنداق پاجىئەلىك بولدى، ئەمدى سەندىنمۇ ئايرىلىپ قالغۇمىز يوق» دەپ ئەۋەتمىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئابدۇساتتار ھاجى ئۆيدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1984 - يىلى پاكىستان ئارقىلىق مەككە مەدىنىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلگەن. 1991 - يىلى تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، تاشكەنت، ئالمۇتا، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە سەيلە - ساياھەت، ئېكسكۇرسىيىلەردە بولغان. ئابدۇساتتار ھاجىم ئاكىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ھازىرقى يېڭىشەھەردىكى ھويلىمىزنىڭ تۆرىدىكى ئۆي ئاكامنىڭ قوبۇلخانىسى، كىتابخانىسى ئىدى. بۇ ئۆينىڭ ئاستىغا خىش يېيىتىلغان بولۇپ، ئىككى ئىشكاپتا لىق كىتاب بار ئىدى. بۇ ئۆيدە ئاق داستىخان سېلىنغان تۆت پۇتلۇق كىچىك ئۇستەل بولۇپ، ئۇستەلنىڭ ئۈستىدە پانار چىراغ، قەغەز - قەلەم دائىم تەييار تۇراتتى، ئاكام مۇشۇ يەردە يېزىقچىلىق قىلاتتى. بىز كىچىكلىرى بىر ئوخلاپ قوپساقمۇ بۇ ئۆيدىكى پانار چىراغنىڭ يەنىلا يېنىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرەتتۇق. ئۇستەل، پانار چىراغلار 60 - يىللارغىچىلا بار ئىدى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا خەلق ئەسكەرلىرى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ نەرسىلەرنى بىرمۇنچە قولىيازمىلار بىلەن بىرگە ئاچىقىپ كېتىپ يوقىتىۋەتتى. مەن ئاكامنىڭ ئۆيدە ئەينى يىللىرى فۇزۇلى، ئابدۇللا توقاي، ئاباي قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ ۋە يەنە ئەرەبچە، پارىسچە كىتابلارنىڭ بارلىقىنى، ئاكامنىڭ مۇشۇ ئۆيدە «سەنمىنجۇيى» نى تەرجىمە قىلغانلىقىنى بىلمەن. ئاكام ئائىلە ئەزالىرىغا نىسبەتەن ناھايىتى تەلەپچان بولۇپ، بىزگە دائىم ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك بولۇش، كونىلىقتا، خۇراپاتلىقتا، نادانلىقتا قارشى تۇرۇش ھەققىدە تەربىيە بېرەتتى. ئىلىم - پەن ئىگىلەشكە، جەمئىيەتنى ئويغىتىشقا، ئۆزگەرتىشكە ئۈندەيتتى. ئاكام قەتل قىلىنىدىغان كۈنى بىز ئاپام بىلەن كونىشەھەر يامۇل تۈرمىسىگە ئۇنى يوقلاپ باردۇق. كونىشەھەردە چېرىكلەر، ئاق ئورۇس باندىتلىرى يىغىپ كېتىپتۇ. بۇ يەردە بىزنىڭ ئائىلىنىڭ بىر خۇيزۇ تونۇشى بىزنى بىرەر خەتەرگە ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ بىر ھويلىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ دەرۋازىنى تاقاپ قويدى. بىزمۇ، ئۇمۇ ئاكامنىڭ قەتل قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدۇق، پەقەت دەرۋازا سىرتىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنى، مەھبۇسلارنى قاياققىدۇر ئېلىپ ماڭغانلىقىنى سېزەتتۇق. كەچكە يېقىن كەينى يوللار بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق، مەن سىرتقا چىقسام كىشىلەر «خالىق شويىنى قەتل قىپتۇ» دېيىشىۋېتىپتۇ. بالىلار بىلەن بىرگە يۈگۈرۈپ ئۆيىمىزنىڭ سەللا شەرقىدىكى قازىخانا مەسچىتىنىڭ ئالدىغا كەلسەم، ئاكام قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن يىغلىغىنىمچە ئۆيگە كىرىپ، بۇ ئىشنى ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر قىلدىم.

www.uyghurkitap.com

# ھاياتلىقنىڭ قۇدرىتى

— ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت پسىخىكىسى ھەققىدە تەھلىل

**ياۋ ۋېي**

**مەردان ھەبىبۇللا تەرجىمىسى**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانغان «قەشقەردىكى يەر شارى» ① (خەنزۇچە نەشرىنىڭ ئىسمى «سالغا تېشىنى») ناملىق توپلامنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇگە - ئۇگىلىرىمدە كۈچلۈك زىلزىلە قوزغالدى، ئۇ ماڭا تۇنجى قېتىم ھاياتلىقنىڭ قۇدرىتىنىڭ زادى نېمىلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. ئۇيغۇرلار بىلەن نەچچە ئون يىل بىللە ياشاپ كەلگىنىم نېمىسى؟ ئەمدى بۇ توپلامنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنى يېڭىۋاشتىن كۆزەتمىسەم ۋە چۈشەنمىسەم بولمىدى. دەرھەقىقەت، جۇتاۋ ئەپەندىنىڭ مەزكۇر توپلامغا كىرىش سۆز ئورنىدا يازغان «ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ھەسرىتى ۋە غۇرۇرى» دېگەن ماقالىسىدىكى: «ئۇيغۇرلارنى ھامان ‹ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت› دەپ كەلدۇق. بۇ گەپ بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا بەكمۇ يۈزەكى باھا. ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇش ئەلۋەتتە يامان ئىش ئەمەس، ناھايىتى ياخشى ئىش. بىراق بۇ ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولساق، بەكمۇ يەڭگىلتەكلىك قىلغان بولىمىز» دېگەن جۈملىلەرنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ئەمدى ھېس قىلدىم.

ئۇيغۇرلار ئەقىل - پاراسەتلىك مىللەت. مىڭ يىللار ئىلگىرى يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» ② دىلا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلغانىدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلار توپلىمىدىمۇ يەنىلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پەلسەپىۋى ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولۇش ئەنئەنىسى داۋاملاشتۇرۇلغان. پۈتكۈل توپلامدا بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات، تەبىئەت، ئىنسانىيەت، ئىلاھ ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرى ۋە پېئىل - ئېتىبارى ھەممىلا بەتتە دېگۈدەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ شېئىرلار باشتىن - ئاخىر ئۇيغۇر روھى بىلەن سۇغىرىلغان.

**1. ھاياتىي قەيسەرلىك ۋە ھاياتىي كۈچتۈڭگۈرلۈك.**

ياشاش شارائىتىنىڭ مۈشكۈل بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ قەتئىي ۋە ئېگىلمەس - سۇنماس خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن. «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق توپلامدىكى شېئىرلاردا ئومۇمەن تەبىئىي مەنزىرىلەر تەسۋىرلىنىپ، ماددا ئارقىلىق مەنىگە ئىشارە قىلىنغان، يۇلغۇن، جىگدە، توغراق، تۆگە، يانتاق، چۆل ۋە باياۋان تەسۋىرلىرى ماھىيەتتە ھاياتلىققا سىمۋول قىلىنغان: چۆل ۋە باياۋان ھاياتلىقنى پەرۋىش قىلغۇچى ئانا، يۇلغۇن، جىگدە، توغراقلار چۆلدىن ئىبارەت بۇ ئانا پەرۋىش قىلىپ يېتىلدۈرگەن ھاياتلىق. مانا بۇلاردا ھاياتلىقنىڭ ئەلۋەك ۋە پايانسىزلىقى، ھاياتىي قەيسەرلىك، ھاياتىي قىزغىنلىق ۋە شەخسىيەتسىزلىك بالقىپ تۇرىدۇ.

مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەدىمىي بىر يۇلغۇنلۇق بويىدا بالىلىق چاغلىرىمنى ئۆتكۈزگەچكىمۇ، يۇلغۇن ماڭا بەكمۇ تونۇشلۇق. ھەر قېتىم شەھەردىن ئۆيگە قايتىۋاتقىنىمدا يۇلغۇننىڭ خۇش پۇراقلىرىغا تەشنا بولۇپ تاقىلداپ كېتەتتىم. مورا ئوچاقلىق ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىن تولغىنىپ - تولغىنىپ ئىس - تۈتەك ئۆرلىگىنىدە، يۇلغۇن ئوتۇنىنىڭ خۇش ھىدى دىماغلىرىمغا ئۇرۇلاتتى - دە، بىر خىل ئىللىق ئائىلە تۇيغۇسىغا غەرق بولاتتىم. ھېلىمۇ ئاۋات شەھەر كوچىلىرىدا كېتىۋېتىپ كاۋاپخانىلاردىن تارالغان سوكسوك ئوتۇنىنىڭ

پۇرىقى دىمىغىمنى يارغىنىدا ئۆزۈمنى يەنە يىگىتۋاشتىن باللىق چاغلىرىمدىكى جەنۇبقا قايتىپ بارغاندەك ھېس قىلىپ ھاياجانلىنىمەن. ئۇ يەردە مەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەيسەر ھاياتىي كۈچىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم. باياۋان ۋە توغراقلىقلارغا ھەمنەپەس بولۇپ ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشىلىرىمۇ يەنىلا يۇلغۇندىن باشلىنىدۇ.

«يۇلغۇننىڭ ناخشىسى ئاز ئەمەس،
كۆنۈك سادالار ئىچرە لەيلىمەس،
ئەركىلىتەر ئۆزىنى توقاي، ساھىلدا،
يىزارلىقتىن يىراق، غېرىچ چەتنىمەس.»
(«سالغا تېشى» دىن)

ھاياتلىق يۇلغۇندەك سۆرۈن رەۋىشتە
پەلەككە بوي سوزغان، پەلەككە!
يىلتىزىدىن قىل ئۇچىغا قەدەر
تۇرغان - پۈتكىنى پەقەتلا غايە.
(«غەربىي شىمال، ئاتا - ئانام قەبرىنامىسى» دىن)

تەبىئەتكە جور ۋە ھەمنەپەس بولۇپ ياشاش ھاياتلىقتىكى ھەقىقىي ھالەتتۇر. ھاياتلىق پايانسىز ۋە سىغىمچان، ھاياتلىق تىنچىماس جەريان. ھاياتلىق - قەتئىيلىك بىلەن ئىزلىنىشتۇر.

دەشت ھاياتى باش ۋە ئاخىرسىز.
تىرىكلىك ئۇرغۇيدۇ قېنىدا،
. . . . . .
چۆل ياتىدۇ ھەسەتسىز
. . . . . .
ئابىھايات تامغان توغراقلار
مىڭ يىل ياشايدۇ تىك تۇرۇپ،
. . . . . .
ھەممە سىڭىدىكەن تەبىئەتكە. . .
(«سالغا تېشى» دىن)

يۇلغۇن ھەققىدىكى تەسۋىر ۋە مەدھىيىلەردە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھاياتلىق ھالىتى ھەقىقىي يوسۇندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تەبىئەتكە بولغان بۇ خىل ئىچەكىشىشلەر ئىچىدە بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مەھجەھەتلىك ئىچىدىكى تەمكىن، مەردانە، توسقۇنسىز، ئەركە، تۈز ۋە ساددا كەلگەن دائىمىي ھالىتى نامايىش قىلىنىدۇ. ھايات غايە ۋە ئىزلىنىش بىلەن تولغان. دەل مۇشۇ غايە ۋە ئىزلىنىشلەر ئىلكىدە ئۇيغۇرلار ھارماي كۈرەش قىلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەر تۆكۈپ، ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىپ، بۇ ئەزىز تۇپراقتا يۇلغۇندەك يىلتىز تارتىپ كەلگەن.

«زەر مايسىلار دولقۇن ئۇرغان دالىلار،
چاچقان دانلار ھوسۇل بەرگەن پەسىللەر،
چۆللەر كۆكلەپ يېشىللاشقان دالالار
ئويغانغان قۇملۇقلاردا بەرگ يايغان چېچەكلەر
سۆزلەر قىسسە ئۇلارنى دەپ «قەھرىمان»،
سۆزلەر قىسسە ئۇلار قانداق يازغاننى
غەربىي شىمالغا كېلەچەكتىن مىڭ داستان»
(«غەربىي شىمال، ئاتا - ئانام قەبرىنامىسى» دىن)

بۇ يەردە ساددا ئەمگەك ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرماقتا.

يۇلغۇندىكى قىزغىنلىق، توغراقتىكى مەغرۇرلۇق، جىگدىدىكى يېشىللىق ۋە چىدام، ھاياتىي ئىزلىنىشلەردىكى ئازاب - ئوقۇبەتكە سىمۋول قىلىنغان ھالدا بىر خىل ئىنسانىي قۇدرەتنى نامايىش قىلىدۇ.

تۈز ئىدىڭ سەن نوتا چېغىڭدا
(خۇددى كۆڭلۈڭدەك)
بىراق تۈز پېتى ئۆسەلمىدىڭسەن.
گويا تۇمەنمىڭ ئاچ بۆرىلەردەك،
بوران ھۇۋلاپ كېلىپ تىنىمسىز،
ئەگدى بېلىڭنى
ئېگىۋەتتى خۇددى كاماندەك
ئېرىقلارمۇ،
ئۆستەڭلەرمۇ،
ئەگىپ كەتتى سېنىڭ ئالدىڭدىن،
چاڭقاقلىقتا قېيناپ دىلىڭنى.
. . . . . .
ئاز بولدى،
بەكمۇ ئاز بولدى
تەبىئەتنىڭ
ئىنسانلارنىڭ ساڭا بەرگىنى.
(«ئاھ، بوستان قاراۋۇلى» دىن)

ھاياتلىقتىكى ئىزلىنىشلەردە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن جەڭگىۋارلىق ۋە كۈچتۈڭگۈرلۈك گىرەلىشىپ كەتكەن. ھاياتلىق ھەققىدىكى تەسۋىرلەرمۇ خۇددى تۆگىنىڭ

بويىندىكى قوڭغۇراقتەك ئېغىر ۋە زىل ئاۋازى بىلەن پايانسىز كەتكەن چۆل - باياۋانلاردا ئاداققىچە جاراڭلاپ، ئەكس سادا ياڭرىتىپ بارىدۇ.

زەن قويۇپ ئاڭلىساڭ، بورانلارنىڭ ھۇۋلاشلىرىدا
ئېغىر - ئېغىر كولدۇرما ئۈنى
بوزماقتا ئۆلۈمنىڭ جىمجىتلىقىنى.
(دىلمۇرات تەلئەت: «تۆگە» دىن)

چۆلنى تاشلاپ بەرسەڭ ئالدىغا،
يولدا ھەرگىز قالمايدۇ يۈكى.
خىسلەتتە بار، زۇۋاندا ھېچ يوق،
قۇيرۇقىن قۇم باسقۇچە تاكى
(بوغدا ئابدۇللا: «تۆگە» دىن)

ھاياتقا چىدام ۋە قەيسەرلىك بىلەن يۈزلىنىش، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى يۈكلىنىۋېلىپمۇ قىلچە زارلانماسلىق ۋە ياشاشتىن قەتئىي ۋاز كەچمەسلىك ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر خىسلىتى، ئۇنىڭدىن ھاياتنىڭ گۈزەللىكى ۋە مىللەتنىڭ سېھرىي كۈچى چاقناپ تۇرىدۇ.

ھاياتىي قۇدرەت باتۇرلۇق ۋە غەيرەت - شىجائەتتە بالقىپ چىقىدۇ. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىدۇر. ياۋايىلىق قەدىمىيلىكتىنلا دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇ ھاياتىي كۈچ - قۇۋۋەتكە تىمسالدۇر:

بەلكى قالغان يىلىكلەر ئارا،
كۈچى بىلەن ئىرغىيدۇ ھايات،
ياۋايىلىق قەدىمىيلىكمۇ؟
زامان بىسىپ كېلىدۇ ئىنسان.
(«سالغا تېشى» دىن)

ئۇيغۇرلاردا بالا - قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈچ بۆرجەك قىلىپ ئورالغان بۆرە ھوشۇقىنى كىچىك بالىلارنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويىدىغان ئادەت بار. قورامىغا يەتكەنلەرمۇ بۆرە ھوشۇقى بىلەن پىچاقنى بەللىرىگە ئېسىۋالىدۇ:

ئوغلانلارغا بۆرە ھوشۇقى تۇمار،
داۋان داۋسا ھەمراھ بولىدۇ.
(«سالغا تېشى» دىن)

بۇلارنىڭ ھەممىسى بەلكىم بىر خىل ھاياتىي كۈچ - قۇدرەتكە تىمسالدۇر. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرۋاقىت قەيسەرلىق ۋە خېيىمخەتەرلەر ئالدىدا ھوشيارلىق بىلەن تەق بولۇپ تۇرۇش ئىرادىسىنى ئەنە شۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

غەربتىكى پايانسىز چۆللەر
تاۋلاپ چىققان قەيسەر روھىمنى.
(«دېڭىزغا مۇھەببەت» تىن)

تۇپلامدا تۆگىگە ئوقۇلغان مەدھىيىلەرمۇ ئوخشاشلا ھاياتلىق قۇدرىتىگە ئوقۇلغان ھەمدۇ - سانادۇر:

يوق سەندە قورقاقلىق، مۇلايىملىق ھەم،
بار قوپال ئېتىقاد سەممىي ۋە چىن
سەن ئاتا يېپيېشىپ بارغانچە مەھكەم،
ئاتلىدىڭ قەدىمىي يېپەك يولىدىن.
سۇرگەنچە چوڭقۇر ۋە ئېغىر - ئېغىر دەم
قەبىھ كۆلكىلەرنى تاپقۇزدۇڭ بەرھەم،
ھەيۋەتلىك تۇرقۇڭ ۋە غەيرىتىڭ بىلەن
كېلەچەكتىنمۇ ھەم ھالقىيسەن جەزمەن
(دىلمۇرات تەلئەت: «تۆگە» دىن)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ھاياتلىق قۇدرىتىگە ئوقۇغان مەدھىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتنى، تەبىئەتنى قىزغىن سۆيۈش، قەدىرلەشتەك ھاياتلىق پوزىتسىيىسىنىڭ نامايەندىسىدۇر؛ ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي مىللەتنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى كىشىلىك قىممەت قارىشىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر. بۇ خىل ئىنسانىي قىممەت قارىشى ئۆزىگە يەنىلا ساددىلىق ۋە تەبىئىيلىكنى، چىدامىلىق بولۇش ۋە تىز پۈكمەسلىكنى، باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىكنى، خېيىمخەتەر ۋە جاپا - مۇشەققەتلەردىن قورقماسلىقنى، قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەسلىكنى، ئەستايىدىللىق ۋە ھارماي - تالماي ئىزلىنىشنى بەلگە قىلغان. مانا بۇلاردىن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت قىممەت قارىشى سىستېمىسىدىكى ئەڭ ساپ ۋە ھەقىقىي، ئەڭ ھاياتىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئالاھىدىلىكلەرنى ئاساسىي خاھىش سۈپىتىدە تاللىۋالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**2. دىنىي كەيپىيات ۋە ئەقلىي كۆزنىش.**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، شۇنداقلا پىسخىكىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانغان

«قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق تۇپلامدىمۇ ئەنئەنىۋى دىنىي ھېسسىيات بىلەن بىرگە دەۋرىمىز ياشلىرىدىكى ئەقلىي كۆزنىتىش تەڭلا ئەكس ئەتكەن. تۇپلامدىكى بىر شېئىردا تەڭرىگە چوقۇنغۇچى بىر تەقۋادار بوۋاي مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

تارىخنىڭ ئاجايىپ زور بۆشۈكىدە
تەۋرىنىپ چۈش كۆرىدۇ قەدىمىي كوي
تەڭرىگە باش ئۇرىدۇ رىزقى تىلەپ
چىرايى سولغۇن، ياۋاش بىر خۇداگوي
قولىدا كىرلەشكەن بىر كونا قۇرئان
يېنىدا سىرسىز پۇچۇق ساپال قاچا
ئالەمدىن ۋىدالاشتى بوۋاي ئاخىر
خۇداغا ئىبادەت قىلىپ ئۇزۇن زامان.
قېرىنتى تەقدىر چىچەن شۇ بالىنى
ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم بەرمەي زۇۋان.
(«بىر ئائىلىنىڭ تەزكىرىسى» دىن)

بۇ تەسۋىرلەر ئەنئەنىۋى دىنىي كۆز قاراشلارنىڭ ھازىرقى زامانىۋىلىشىش يۈزلىنىشىدە سۇسلىشىشقا قاراپ يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىنى، ئۆز تەقدىرىنى تامامەن ئىلاھقىلا تاپشۇرۇپ، «پېشانەمگە كەلگەننى كۆرەرمەن» دەيدىغان قاراشلارنىڭ «ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن» دەيدىغان كۆزقاراشلارغا ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش قارىشى ۋە ئىلاھىيەت قارىشى، بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى دىن - ئېتىقاد، يەنە بىر تەرەپتىن، رېئال بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈش بۇ شېئىردا مۇجەسسەم ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

تارت قولۇڭنى پەرىشتە
ئەكەتمىگىن مېنى ئەرشكە
تارت قولۇڭنى ئەي ئادەم،
سولاپ قويما مېنى ئۆزۈمگە. . .
. . .
كېتىۋالاي ئېتىقادتىن يىراق بىر جايغا
. . . . . .
تۇپراق سىلەر نېچۈن تەرگە چۆمۈلگىنىمنى
پىداكارمەن بەختىم ئۈچۈن ئۇنى باشتا كۆتۈرگەن.
(«چۆل تورغىقى قىسسىسى» دىن)

رېئال تۇرمۇشتا غايە بىلەن رېئاللىق ھامان بىر - بىرىگە مۇئەييەن ئارىلىق تاشلاپ تۇرغان بولىدۇ. بىر قەدىمىي مىللەت نامراتلىقتىن باياشاتلىققا، ئەنئەنىدىن زامانىۋىلىققا جىددىي ئۆزگىرىش ياساۋاتقان بۇ دەۋردە، كىشىلەر پسىخىك جەھەتتىن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئۈچۈن تولغاق يەۋاتقان ئانىنىڭ ئازابىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇ خىل ئازابلىق تولغاق ئىچىدە «زامانىۋىلىشىشنىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەر دىنغا بولغان ئېھتىياجنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋېتىدۇ»③. بىر تەرەپتىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش دولقۇنىدا پەيدا بولغان زامانىۋى تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى تەرتىپلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن خاتىرجەمسىزلىك، زىددىيەت ۋە ئازاب قاتارلىقلار دىنىي ئېھتىياجنىڭ ھەسسىلەپ ئارتىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەردۇر. خاتىرجەملىككە بولغان تەلپۈنۈش ئىچىدە كىشىلەر بەختىيار دەملەرگە ئېرىشىپ قەلبىدىكى زىددىيەت ۋە ئازابلارنى يوق قىلىشنى ئىزدەيدۇ.

«تىنچىغان يۈرەكتەك
سۇرلۇك مۇنار تۇرار سۈكۈتتە. . .
كۆڭگا شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا
قەلبلەردىن ئۆرلەيدۇ قۇياش
ھېيتگاھ مۇنارى
يۈرەككە ئوخشاش
ئۇن - تىنسىز سوقماقتا دۈپۈلدەپ»
(«ھېيتگاھ» دىن)

مۇقەددەسلىك، مەردانىلىق، تەمكىنلىك ۋە مېھرىۋانلىق دىنىي ئېتىقادچىلارنىڭ پسىخىك تەجرىبىسىدۇر. ئىلاھ ۋە ئېتىقاد ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى قەلبىدىكى بىر تۇرلۇك ئۇمىد، بىر خىل روھىي تەسەللى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ماددىدىن، ھەتتا ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىشقا بولغان ئىزلىنىشى، ئاخىرقى چەككە يەتكەن غەمخورلۇققا بولغان ئېھتىياجىدۇر. «زامانىۋىلىشىش ئازابى دىنىي ئېھتىياجنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىراق زامانىۋىلىشىش ھازىرقى دۇنياۋى ئېقىم سۈپىتىدە مۇقەررەر يوسۇندا دىندىن بەكرەك تەسىر كۆرسىتىدۇ»④. بۈگۈنكى كۈندە دىن يەنىلا «ئاخىرقى چەككە يەتكەن غەمخورلۇق» رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتـ

www.uyghurkitap.com



قان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بەختىيار تۇرمۇشقا تەلپۈنۈشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇسىدا دىن بىلەن زامانىۋىلىشىشنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ، تەڭشەپ مېڭىش خاھىشى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا.

**3. مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئەقلىيلىكنىڭ يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈشى.**

ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىجتىمائىي يۈرۈلۈش مەزگىلىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە. بولۇپمۇ چېگرا رايونغا ئولتۇراقلاشقان، ئىقتىسادى قالاق، مەدەنىيەت ساپاسى ۋە كۆزقاراشلىرى بىر ئىزدا توختاپ قالغان مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئاڭ ۋە پسىخىكا جەھەتتىكى داۋالغۇش تېخىمۇ شىددەتلىك تۈس ئالماي قالمىدى. مەدەنىيەت ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدا يۈرۈلۈش ياساۋاتقاندا، بۇ خىل يۈرۈلۈشقا ئەگىشىپ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدە مەدەنىيەتتە يەنە تۈرلۈك يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولدى. مەسىلەن، قىممەت قارشىنىڭ «قىلىپتىن چىقىشى»، ئېتىقاد بوھرانى، ئەخلاق بوھرانى قاتارلىقلار. «كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى يېڭىۋاشتىن بېكىتىلىش ۋە كۆپ ياقلىمىلىق تاللاشقا دۇچ كەلگەن»⑤. بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە، ئاڭ ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى گاڭگىراش، پسىخىك جەھەتتىكى زىددىيەت ۋە ئازاب ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ قەلىمىدە سەزگۈرلۈك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

گۈزەللىكنى قوغلىشىش، رەزىللىكتىن بىزار بولۇش؛ سەمىمىيلىككە چوقۇنۇش ۋە ساختىلىقنى مەنسىتمەسلىك، مۇھەببەت - نەپرەتنى ئېنىق بولۇش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي، ساددا مىللىي ئەنئەنىسىدۇر. بۇ خىل ئەنئەنە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدە يەنىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە ۋە شائىرلارنىڭ تالانتىدا تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەنمەكتە. شېئىرلار تۈپلىمىدىكى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان سەھىپىلەردە تۇرمۇشتىكى رەزىللىك ۋە ساختىلىق قامچىلانغان، تۇرمۇشتىكى زىددىيەت ۋە ئەقەللىي ئازابلار ئېچىپ بېرىلگەن.

نەقەدەر ئازابلىق ئۆزىنى ئالداش
دۇنيانىڭ سىرتىغا قالغاندەك چىقىپ،
نەقەدەر رەزىللىك ئۆزگىنى ئالداش
كۆز ياشلار دەريادەك تۇرسىمۇ ئېقىپ...
(«پاكلىنىش» دىن)

ئويغانسام رېئاللىق، چۈش ئارىسىدا
كۆزۈمگە ساختىدەك كۆرۈندى دۇنيا...
(«كۈلۈمسىرەش» دىن)

«پەم بىلەن ئۈزىدى ئىلكىمدىن ئەدەپ
ساددىلىق، ساختىلىق - رەزىل
بىر تۇمار قىلىپ
يۇرىدۇ ئادەملەر ئۇنى ئېسىشىپ...
بويتاقلىق يۈرىكى كىبىلەر گۈپۈلدەپ،
يۇلقۇنۇش ئازابى بىلىنمەس شۇڭا.
(«بەش بىلەن يەتتىنىڭ ئارىلىقى» دىن)

ۋاز كەچتىم
ئۆزۈمدىكى بەندىلىكنىڭ قېنىدىن.
(«ۋاز كەچتىم» دىن)

بىزار بولۇپ بار رەزىللىكتىن
(«يىرگىنىش» دىن)

بۇ پەردە
چۈمبەلگە ئورىلىپ كىبىلەر مۇھەببەت
بۇ پەردە
ئەخلاققا ئورىلىپ ياشايدۇ ھەممە
ھەتتا رەزىللىك.
(«بۇ پەردە» دىن)

ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى بىلەن بازار ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى رېئال سۈركىلىش ساددا ۋە ئادالەتپەرۋەر مىللىي شائىرلارنى ئازابلىدى.

«ئۈچىنچى دۇنيا سودىگەر بۈگۈن
ھوقۇق، ۋىجدان، ئۇنۋان، پاراسەت
نارەسىدە قىزنىڭ پاكلىقى
چوكا مۇزدەك، تازىلىق قەغەزدەك
زۆرۈر بولسىلا سېتىلار ئەرزان.
(«ئاقار قۇم» دىن)

«سۆيىمەن سېنى چۈنكى سەندە بار ئاجايىپ
سېھرىي كۈچ،
بولمىساڭ ئەگەر
تالاي - تالاي گۈزەللىكنى يوقاتقىنىم - يوقاتقان
شۇڭا
قوغلىشىمەن سېنى تىنماستىن
سېنى دەپ،

ۋىجدانىمۇ يوقاتتىم ھەتتا

سېنى دەپ

سەپەر قىلدىم دوزاخقا

... ئۆچمەن ساڭا، قويغىنىڭ ئۈچۈن،

مېنى ھەقىقەتكە ئىشەنمەس قىلىپ.

(«پۇل» دىن).

شائىرنىڭ پۇلپەرەسلىك ۋە ئىشرەتپەرەسلىككە بولغان شەپقەتسىز تەنقىدى ئۇنىڭ ياخشىلىقنى قوغلىشىپ، يامانلىقتىن قېچىشتەك ئەخلاقىي قىممەت خاھىشىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تۇرمۇشتىكى زىددىيەتلەرگە دەللىنىك تىكلىش، تۇرمۇشتىكى ئادەم قىيىنايدىغان تەجرىبىلەرگە باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇش ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان توپ پوزىتسىيىسىدۇر.

تاش بولغىن يۈرىكىم، تاش بول ئەمدى سەن،

تۈېمايلا ئۇزاتتىڭ يۇمران چېچەكنى

تاش بولساڭ ئالەمدە ياشايسەن ئۇزاق

ئەكسىچە قىلسەن ۋەيران بېغىڭنى.

تاش بولغىن يۈرىكىم، تاش بول ئەمدى سەن،

ئەكسىچە ئۈپزايسەن، سىزىپ ئۆلىسەن.

ئىشىكىڭ ئالدىدا ھەسرەتلەر قاتار،

ئۇنى سەن كىملەرگە؟ قانداق بۆلىسەن؟

(«تاش بولغىن يۈرىكىم» دىن)

ئانىلارنى مەدھىيىلەش ۋە چۈشىنىشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھاياتلىقنى ھۆرمەتلەش ۋە ئىنساننىڭ ئاق كۆڭۈل ماھىيىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۇرۇش، شۇنداقلا قەدىمىي ئەنئەنىۋى مۇنەۋۋەر ئەخلاقىي قاراشلارنى كۆككە كۆتۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاھ

توققۇز ئاي...

كۆتۈرگەن بىزنى قورسىقىدا

جاھان لەرزىگە كەلگەن تولغىقىدا

چاقماق چاققاندەك

بوران گۆركىرىگەندەك

بىز!

ئۇنىڭ بەختى،

ئارزۇسى ئىدۇق

بۈگۈنى،

ئەتىسى ئىدۇق.

بىز!

ئۇنىڭ قايتا تۇغۇلۇشى ئىدۇق،

... تاپسا

بىر تال كەمپۈت،

بىر تال ئالما،

گېلىدىن ئۆتمەس،

يالغۇز يېگۈسى كەلمەس

سېنى يەۋالسۇن دەيدۇ

سېنى ئورۇقلاپ قالمىسۇن دەيدۇ

كەپتەر باچكىسىنى ئاسرىغاندەك...

كۆڭۈل نازۇك نەرسە،

كۆتۈرەلمەس گەپنى،

سۇ

مىسقال تۆمۈرنى كۆتۈرەلمىگەندەك

... ئۇنتۇما ئۇنى،

يوقلا...

ئوغلى بولمىسا ئوغلى بول،

قىزى بولمىسا قىزى بول...

(«ئانا» دىن)

چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشتەك ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت ھېلىھەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھاياتبەخش نۇرىنى چېچىپ تۇرماقتا. مەيلى قانچىلىك مۇشكۇل قىيامەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇرلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك ۋە سەتلىككە بولغان قىممەت ئۆلچىمىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ كەلدى. «تۇرمۇش»، «زىددىيەت» مەسىلىلىرى ھەققىدە ئويلانغاندا، «بەخت»، «ئەركىنلىك»، «گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك» قاتارلىقلارغا نىسبەتەن توغرا قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشتا شائىرلار ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى ئەقىل - پاراسىتىنى قايتا نامايان قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسىنى ياراتتى.

**4. روھىي يېتىملىك ۋە مەدەنىيەت ئالمىشى.**

غەربلىق شائىر ۋە پەيلاسوپلارغا خاس تۇيغۇ، شۇنداقلا ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە ئورتاق پىسخىك تەجرىبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غەربلىق شەخسلەر ئارا چۈشىنىشنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن كېلىپ چىققان بىر خىل ھېسسىيات تەجرىبىسىدۇر. كوللېكتىپ نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىساقمۇ، مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئارا ئالاقە ۋە چۈشىنىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. جۇتاۋ مەزكۇر تويلامغا يازغان كىرىش سۆزىدە: «ئۆزئارا تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈشلەر مەڭگۈ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە چۈشىنىشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ» دېگەنىدى. دەرۋەقە، مەيلى چوڭقۇر پىكىرلىك مۇتەپەككۇرلار بولسۇن، مەيلى قايناق ھېسسىياتقا ئىگە شائىرلار بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاشلا ئىنسانلار ئارا ئالاقىگە موھتاجدۇر. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ، مەدەنىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىمۇ ئوخشاشلا مىللەتلەر ئارا ئالاقە ۋە ئۆز ئارا چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئوخشاشمىغان مۇھىت ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشتە ياشاۋاتقان مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە مەدەنىيەت مەۋجۇت. ئۇيغۇرلار بىلەن سىلىشتۇرغاندا خەنزۇلار خاراكتېر جەھەتتىن كۆڭزىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن شەكىللەنگەن رايىش، ئۆلىما سۈپەت، تەكەببۇر مىجەزگە ئىگە بولۇپ كەلگەن، شۇنداقلا لاۋزى تەرىقەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە بەخىرامان لەيلەپ يۈرىدىغان مىجەزنى يېتىلدۈرگەن. ئۇيغۇرلار بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇزاقتىن بۇيان چۆل - باياۋانلار بىلەن گىرەلىشىپ تۇرغان بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەچكە، ناچار مۇھىتلار بىلەن توختاۋسىز ئېلىشىش ئارقىلىق سەممىي، چىدامچىلىق، مەردانە، باتۇر، ئېغىر - بېسىق ۋە قىزغىن بولۇشتەك خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى يېتىلدۈرگەن. بۇ خىل قان قۇملۇق، قۇرغاق رايوننىڭ قىزىق ئاپتىپىدا تېخىمۇ قايناپ ئۆتتەك ھارارەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىپ تۇرغان.

قۇملۇقلار قاپساپ تۇرغان بوستانلىقلاردىكى كەنتلەردە تالاي يىللار ياشاپ كەلگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى يەنىلا ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە كىشىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان بىردىنبىر بەلۋاغ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق تارىخ شەپقەتسىزلىك بىلەن ئەنئەنىۋى قانداشلىق تۇزۇمىدىن ھازىرقى زامانىدىكى كېلىشىم تۇزۇمىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە ئۇسۇلىغا ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا قانداشلىق زەنجىرى توساتتىن ئۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئوخشىمىغان رايون، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارا يېڭىۋاشتىن بىرىكىشنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىگىلىدى. بۇنىڭغا تېخى ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى ئېلىپ كەلگەن شىددەتلىك رىقابەتنىڭ ھەسسىلەپ زورايغان بېسىمى كېلىپ قوشۇلدى. يېزىلاردىن مەركىزىي شەھەرلەرگە كىرىپ ياشاۋاتقان كىشىلەر، بولۇپمۇ بىرمۇنچە زىيالىيلار، ئەدىبلەر، سودا - سانائەتچىلەر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قەدىمىي يېزىلاردىكى قان - قېرىنداشلىق ھېسسىياتىدىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئۇلاردا سەممىي قەلب ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش خۇيىمۇ كېمىيىپ، غېرىبلىق ھېسسىياتى ھەسسىلەپ ئاشتى. بىرقىسىم ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ قەلبىي ئاستىدا ھازىرقى زامان كىشىلىرىدىكى بۇ خىل بېسىم ۋە غېرىبلىق تېخىمۇ كۈچلۈك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«مەۋجۇتلۇق بىر پۈرسەت، قىسقا بىر جەريان
مەي تولغان قەدەھتەك قولىمىزدىكى،
تۆكۈلۈپ كەتكىلى تۇرىدۇ ئاران.
مەۋجۇتلۇق كېلەڭسىز، دات باسقان كەتمەن،
يىرتىلىپ كەتكىلى تۇرغان بىر «قۇرئان»
مەۋجۇتلۇق بىر تەسۋى، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد
سىيرىپ ۋە ساناپمۇ تۈگىتەلمىگەن
تەنھا بىر كەپتەر ئۇ قوللاردىن ئۆتۈپ،
كېيىنكى ئەۋلادقا مىراس بوپ قالغان.
شەھەر ئاسمىنىدا يۈرەكزادە ھال
چاقىنايدۇ ۋال - ۋال».

(«ئەسىر قەسىدىسى» دىن)

«مەن ئالتۇندىن ياساپ بىر كىشەن
كۆمۈپ قويدۇم شېئىرلىرىمغا.
غېرىبلىقنىڭ سوغۇق نۇرلىرى
چاقناتماقتا مېنى خانامدا»

(«چەكسىز نۇر» دىن)

«غايەت زور، توختاۋسىز يوقىلىش ئىچرە،
ئىشلەيمىز
ئويلايمىز
قىلىمىز ئىجاد
يېڭى بىر ئەسىردىن بېرىپ بىشارەت
غېرىبلىقىمىز
ھەرە چىشىدەك يالتىراپ

كۆزلەرنى چاقنىتار قەۋەت».
(«ئەسىر قەسىدىسى» دىن)

«ئەبەدىيلىك نۇرلاردا ئايال
بۇ ئالەمنىڭ غېرىبلىقىدىن
قۇتۇلۇشقا تاپالماي ئامال،
ساڭا موھتاج بولدۇم، ئېھ ئايال!
(«چەكسىز نۇر» دىن)

«ئىشخانا، ئۆي، يالغۇزلۇق
بوغماقتىدۇر،
قىسماقتىدۇر
قانىتىمنى، ھېسسىياتىمنى
يەنە بىر غەملەر
ياراتماقتا يېڭى ئەنسىرەشلەرنى».
(«چارچاش» دىن)

يالغۇزلۇق كىشىگە ئۆتكەن - كەچكەننى ئەسلىتىدۇ، كىشىنى ئازابلايدۇ:

«غېرىب كۆڭلۇم بېكەت، ئۇنىڭدىن ئۆتەر كەچمىشلەر،
ئۇزىتارمەن، ساقلاپ سېنى، ئاچچىق جۇرسىنىپ».
(«گۇگۇمدىن كېيىن»)

شېئىرلاردا يالغۇزلۇق، غېرىبلىق يۇزەكى ئەكس ئېتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇرلۇك سەۋەبلەرمۇ ئېچىپ تاشلىنىدۇ. غېرىبلىق سەممىيەتنىڭ كەمچىلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ:

«ئۆزۈمدىن باشقا
يوقتۇر ماڭا سەممىي ھەمراھ».

يالغۇزلۇق يەنە شەھەر تۇرمۇشىدىكى بىر خىل چەكلىمىلىكلەردىن كېلىپ چىقىدۇ:

«سانسىز غېرىبلىقنى تۇرار يوشۇرۇپ،
ئېگىز - ئېگىز بىنالار»
«كىشىلەر توپىدىن يىراقلاپ بارار»
«تۇرۇپ قالار يېگانە».

يالغۇزلۇق يەنە مۇھەببەتكە بولغان ئېچىرقاشتىن كېلىپ چىقىدۇ:

«تەنھا مەن بىراق
بىر ئوتقا باغلىنىپ
يالقۇنلاپ كۆيۈپ.
(«تىپتىنچ سەيلىگاھ، باغنىڭ ھۇسنىدە» دىن)
«گۇللەر بىلەن تەنھا، غەمكىن يىغلىغىنىمنى».
(«چۆل توغرىقى قىسسىسى» دىن)

غېرىبلىق يەنە ئۆزئارا ئالاقىنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ:

«يۇرەك تېلېفونى تىنماي جىرىڭلار،
ئاھ
ئالغىلى ئادەم يوق ئۇنى تائەبەد
... قاتمۇقات غېرىبلىق سوغۇق، بەك سوغۇق
يالتىراق كىشىلەر دۇنياسى ئارا»
(«شاراب ناخشىسى» دىن)

غېرىبلىق ھازىرقى زامان شەھەر تۇرمۇشى ئىشلەپ چىقارغان بىر خىل قوشۇمچە مەھسۇلات، جىددىي ۋە تىنىم تاپقۇزماس خىزمەتلەر كىشىلەرگە بىر خىل بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. بىر خىل تىت - تىتلىق ۋە بىزارلىق تۇيغۇسى بىلەن قىينايدۇ. ئادەملەر ئارا سەممىي روھىي مۇناسىۋەت كەمچىل، ئادەملەر ئارا مۇناسىۋەتكە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ قارا كۆلەڭگىسى سايە تاشلاپ تۇرغىنى تۇرغان.

شېئىرلاردىن بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئەدىبلىرى قاتارلىقلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان شەھەر خەلقىنىڭ پسىخىك ھالىتىنى كۆرۈۋالايمىز. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئۆزىنى زامانىۋى مەدەنىيەت يۇزلىنىشىگە ئاتىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە قىيماي قالىدۇ. مانا بۇ ھالەت ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ زىددىيەتلىك روھىي ھالىتىنى تېپىك ۋە روشەن گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. شېئىرلاردا ئىپتىدائىي چۆل - باياۋان، بەھەيۋەت تاغلارغا، پايانى يوق چۆللەرگە، ئەركىنلىك ۋە ئازادە كەيپىياتقا ئوقۇلغان مەدھىيە ۋە تەسۋىرلەر بىلەن تەبىئەتكە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىدىن ئۇرغۇپ چىققان لىرىك بايانلار بۇ خىل زىددىيەتلىك روھىي ھالەتنىڭ ئۇيغۇرلار ۋۇجۇدىدىكى كۇچلۇك ۋە مۇجەسسەم ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ:

«سېنى تاشلاپ كەتكىنىم بىلەن
سېغىنىمەن قىيالماي قەۋەت
زۇمچەك كۆكسۇڭ چوڭقۇرلۇقىدا
پىنھان ياشار تۇنجى مۇھەببەت
... ھاياتىمغا ئوغۇزسەن، ئوغۇز».
(«قۇملۇق قەسىدىسى» دىن)
«باللىقتا يېقىنلاشقان غەرەزسىز،
سەبىي ھالدا قوغلاشقانتۇق كېپىنەك
كىم بەرگەنكىن بىزگە بۇنچە پاكلىقنى؟

سۆيۈشكەنتۇق، قىيپاش باقماي، بىتاقەت
. . . كۆرۈنمەيتتى زەررىچە ھەم غىبرىبلىق
ئۇچۇپ يۈرگەن توزانلاردا، چاڭلاردا. . .
(«دوستلۇق ۋە مۇھەببەت» دىن)

«يۈرىكىمنى قولۇمغا ئالاي،
رۇخسەت قىلغىن ئەي تەڭرى!
يۈرىكىمنى قولۇمغا ئالاي
قىلمىسۇن ئۇ شۈكۈر - قانائەت
كۆرسۇن ئۇنى ھەممە ئادەملەر
سەۋەبىلىكىمدەك يالىڭاچ پېتى.
(«دانكو» دىن)

يۇرتىغا بولغان سېغىنىش بىر مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي ئەنئەنىسىنى ۋە مىللىي ھېسسىياتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ:

«ھەر كۈنى ئويغىنىپ
يۇرتقا قارايمەن
غەمكىن شامالنى بىر - بىر يۇرايمەن
گاھ كەلسە كارۋان
بىر - بىر سورايمەن
ئۈزۈلمەس ئۈمىدىم سېنىڭدىن ئانام».
(«ئويغىنىپ» دىن)

زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدە ئىپادىلەنگەن مىللىي تەرەققىياتنىكى بۇ ئىككى خىل يۈزلىنىشتە بىر تەرەپتىن، مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىكى ئۆز ئارا قوشۇلۇش ۋە سىڭىشىش مۇقەررەر يوسۇندا مىللەتلەر ئارا ئالاقە ۋە چۈشىنىشكە باشلاپ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەتنىڭ مۇستەقىل گەۋدە سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك مىللىي گەۋدە ئېڭى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى قوغداشقا، ساقلاپ قېلىشقا بولغان جىددىي تەقەززالىق سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن مىللىي ھېسسىياتنى مەركەزلەشكەن كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ روناق تېپىشى، ئىلگىرىلەش ھەمدە باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئۆز ئارا چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇيغۇر ياش شائىرلىرى بىر خىل ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جىددىي شەھەر تۇرمۇشى ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە ئېلىپ كەلگەن تۇرلۇك بېسىملارنى ئىزھار قىلىدۇ:

«شەھەرگە كىرىپ كەلدىم
توختىماي يۈگۈرمەن، ئىستىرېلكا
كەينىمدىن قوغلايدۇ
خۇدانىڭ پەرھىزلىرىدىن بىرى بولغان
ناشتىغا ئۈلگۈرەلمەي
خىزمەتكە يۈگۈرىدىغان گەپ، تۇرمۇش،
ئەي سەن ھايات ئوغرىسى».
(«يىلان مېھرى» دىن)

تۇرمۇشقا، ئېتىكىغا، قېلىپ ۋە قائىدىلەرگە ئاسىيلىق قىلىش ھازىرقى زامان ياشلىرى ئارىسىدا بىر خىل مودىغا، بىر خىل ھەرىكەت شەكلىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس:

«چىلاشقۇدەك ئېچىۋېلىپ شەھەرلەردە
پاچاقلىساق ماشىنىلارنى، يالىڭاچ
بولۇۋالساق بىر مىنۇت».
(«چارچاش» دىن)

«يۈز ئۆرۈسەم تېخى ئەمدى تۇرمۇش غېمىدىن».
(«گۆگۈمدىن كېيىن»)

ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدا بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ جەمئىيەتتە ئەنئەنىدىن ھازىرقى زامانغا ئۆتۈش باسقۇچىدىكى زىددىيەتلىك روھىي ھالىتى، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە بولغان قىيالماسلىق بىلەن يېڭى تۇرمۇشقا تەلپۈنۈش ھېسسىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئىككى ياقلىمىلىق ھالەت كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

«مۇزلىغان ئاغزىغا قىرى كېچىنىڭ
ئاستا چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى
ياپقان ئىدى يۈزىنى خىرە كوچىنىڭ
چىراغىنىڭ ئاستىغا كەلگەندە، قىزىم
- دادا، قار بەك چىرايلىق، - دېدى
- ھە، قار بەك چىرايلىق
- ئۇنى دەسسىمىسەك بوپتىكەن، دادا؟
- دەسسىمىسەك قانداق ماڭىمىز؟
- گەپ قىلالماي قالدىم بىر ھازا».
(«ھېچكىم يوق» دىن)

«ياشىدۇق بىز شۇنداق زىتلىق قوينىدا
بالقىتىپ كاللىدا چېقىنلىق ئاڭلار».
(«روھ كۆلەڭگىسى» دىن)

قار بىر خىل ئېپتىدائىيلىقنىڭ، ساپ گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى، يول ھەم ھاياتنىڭ داۋاملىشىشى، ھەم ھاياتنىڭ ئىلگىرىلىشىنىڭ سىمۋولى، يول بىر خىل ئېچىش ۋە ئىجاد قىلىشتۇر. بۇ زىددىيەتلەرنى زادى قانداق ھەل

قىلىش كېرەك؟ ئېچىش، ئالغا بېسىش بولمىسا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى قانداق روياپقا چىقىدۇ؟ يەنە كېلىپ گۈزەللىكنى ئىزدەش مىللەت ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئاداققى مەقسىتى تۇرسا؟ تۇرمۇشنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى چوڭقۇر ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە ئۇيغۇرلارنى تېرەن ئويلارغا غەرق قىلماقتا. يولنى هامان ئالدىمىزغا قاراپ باسماي بولمايدۇ، ئەنئەنىمۇ مۇقەررەر هالدا تاللىنىشى ۋە يېڭىۋاشتىن ئىجاد قىلىنىشى كېرەك.

شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرلار يەنىلا كىشىلىك هاياتقا بولغان ئۈمىدۋار پوزىتسىيىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلمەكتە. مەيلى نامرات ياكى باي بولسۇن، ئەزەلدىن تەڭرىدىنمۇ، بەندىدىنمۇ ئاغرىنماي ئۆتكەن ئۇيغۇرلار هاياتنىڭ پەيزىنى هەقدادىغا يەتكۈزۈپ سۈرگىنىچە، هاياتتا بولغان بىر خىل ئاكتىپ پوزىتسىيىنى هېچقاچان قولدىن بېرىپ قويغان ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماهىرلىقى، شۇنداقلا قىزغىن ۋە مېهماندوستلۇقى ئۇلارنىڭ بۇ خىل سەمىمىي، شاش ۋە خۇشال - خۇرام كەلگەن تەبىئىي خاراكتېرىنى روشەن هالدا نامايىش قىلىپ تۇرۇپتۇ.

دىنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقلىرىدا تىنچلىقنى، ماسلىشىشچانلىقنى قوغلىشىدىغان بىر خىل كەيپىيات هۆكۈم سۈرۈپ كەلمەكتە. خۇددى تەبىئەت ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇققا موهتاج بولغاندەك، ئۇلارمۇ ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭشەككە، جەمئىيەتكە ئاكتىپ هەمجەهەتلىك قىلىشقا موهتاج:

«بوران توختار
جىمىيدۇ هەممە
ئاقار قۇملۇق لايلانماي پاكىز
يۇلغۇنلارنىڭ چۈشلىرىمۇ ئۇڭ
بولغىنىشىنى بىلمەيدۇ هەرگىز
تەبىئىيلىك ماسلىققا چۆپقەت
بەلگىسىز يانتاققا ياققاندەك شېكەر» .
( «سالغا تېشى» دىن)

«ئېھ، سۆكۈتلۈك قەلبىمدىكى روھ
كەچمىشلەرنى ئەتىسە ئاشيان
سەزدىم هايات جىمجىتلىقىنى
بۇ جىمجىتلىق شۇنچە بىپايان» .
( «جىمجىتلىق» دىن)

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلار توپلىمى «قەشقەردىكى يەر شارى»دا ياش ئۇيغۇر شائىرلىرى يۈكسەك ماهارەت بىلەن زامانىۋىلىشىش دەۋرىدىكى بىرقەدەمىي مىللەتنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋە مىللىي خاراكتېر ئالاهىدىلىكلىرىنى چىنلىق ئاساسىدا مۇجەسسەم نامايان قىلىپ بەرگەن. چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش، قەتئىي ۋە مەردانە بولۇش، قىزغىن ۋە شاد - خۇراملىققا تەلپۈنۈش، تەمكىن ۋە ماسلىشىشچان بولۇش دەۋرىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى روشەن ئالاهىدىلىكلەرنىڭ بىرى. ياشاشقا بولغان قەتئىي ئىنتىلىش، رېئاللىققا دەللىڭ تىكىلىشكە جۈرئەت قىلىشتەك باتۇرلۇق، شۇنداقلا رېئاللىق بىلەن ئەنئەنە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئارىسىدا چوڭقۇر قاتلاملىق پىكىر يۈرگۈزۈش، ناچار هادىسىلەرنى ۋە ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى شەپقەتسىزلىك بىلەن قامچىلاش، كېلەچەكتىكى بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان يۈكسەك تەقەززالىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي هاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ هەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئېنېرگىيە سۈپىتىدە بۇ مىللەتنىڭ زامانىۋىلىشىش قايىنىمىدا مىللىي هاياتلىق سىمفونىيىسىنى ياڭرىتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، پارلاق سەهىپىلەرنى ئاچقۇسى!

**ئىزاهلار:**

① «سالغا تېشى» (ئۇيغۇرچە توپلامنىڭ نامى «قەشقەردىكى يەر شارى») ، بۈگۈنكى دەۋر ياش ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانغان توپلام. مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 - يىلى 12 - ئايدا نەشر قىلىنغان.

② ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس هاجىپ مىلادى 1069 _ 1070 _ يىللىرى يازغان پەلسەپىۋى داستان.

③ بۇ ئىزاهات ئۈچۈن «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق توپلامدىن ئېلىنغان كونكرېت مىساللارغا دىققىتىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ. نەقىلنىڭ ئۆزى تۆۋەندىكى ئىزاه بىلەن بىر كىتابتىن ئېلىنغان.

④ دۇخۇڭنىڭ «نىڭشيا جەمئىيەت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان «دىن ۋە زامانىۋىلىشىش مەسىلىلىرى هەققىدە ئويلىنىش» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. بۇ نەقىل ئەخمەتجاننىڭ «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان «زامانىۋىلىشىش باسقۇچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى» ناملىق ماقالىسىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

⑤ يەنە ئەخمەتجاننىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماقالىسىگە قاراڭ.

⑥ يۇقىرىدىكى ئىزاهاتقا قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

# زىندان ۋە ئېستىرېلكا

(ھېكايە)

ئېدگار ئاللان پوئى (ئامېرىكا)

باسىت مەتنىياز تەرجىمىسى

I

ئويغىنىپ قارىسام زىنداننىڭ سوغۇق ھەم قاتتىق پولى ئۈستىدە يېتىپتىمەن، زىندان قاپقاراڭغۇ ئىدى، زىندانغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىم ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. كاللامدا ھېچقانداق ئەسلىمە يوق، ئاچلىقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدىم.

ئەسكەرلەر، دىنىي سوتنىڭ قارا چاپانلىق سوتچىلىرى يالت قىلىپ كاللامدىن ئۆتتى، سوتچىلار مېنى «كاپىر» دەپ ئەيىبلەپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشقانىدى.

ھاياتلا بولىدىكەنمەن، يەتتە دانە يېنىۋاتقان شام، يەتتە قارا چاپان، تاتارغان يەتتە چىراي مەڭگۈ ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. سوتچىلارنى ئۆزۈمنىڭ بىر خرىستىئان دىنى مۇرىتى ئىكەنلىكىمگە قانداق ئىشەندۇرەرمەن؟

ئۇستۇمدىن قىلىنغان ئەيىبلەشلەرنىڭ ھەممىسى يالغان! بىر چاغلاردا دىنىي سوت ۋە ئۇنىڭ جازالاش ئۇسۇلىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى يورەكلىك ئەيىبلىگەنىدىم، بەزىلەر مېنى چېقىپتۇ، ھازىر ئەخمەقلىقىم ئۈچۈن بەدەل تۆلەۋاتاتتىم، سوتچىلارنىڭ ھەسەت قىلىۋاتقىنى مېنىڭ دىنىي ئېتىقادىم بولماستىن، بەلكى ئېھتىياتسىزلىقتىن دەپ سالغان گەپلىرىم ۋە سىياسىي ئېتىقادىم ئىدى.

مەن يالغۇز زىنداندا ياتاتتىم، گۈندىپايلار كىيىملىرىم بىلەن قورالىمنى ئېلىپ كېتىشكەنىدى. ئۇچامدىكى كىيىملەر قوپال تىكىلگەن بولۇپ، بەدىنىمنى ئارانلا ئىسسىتاتتى. زادى قانداق جايدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى بىلىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تام ياقىلاپ مېڭىپ باقتىم. پول نەم ھەم سىلىق ئىدى، زىنداننى يۇمىلاق تاش ياكى مېتالدىن ياسالغان دەپ پەرەز قىلدىم، پەرىزىمنىڭ توغرا چىقىشى ناتايىن ئىدى، چۈنكى نېرۋىلىرىم قالايمىقانلىشىپ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغانىدىم. چاپىنىمدىن بىر پارچە لاتا يىرتىپ، بىر ئۇچىنى تامنىڭ يوچۇقىغا تىقىپ قويۇپ، تامنى ياقىلاپ قەدەملىرىمنى ساناپ ماڭدىم، زىنداننى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، قولۇمغا ھېلىقى لاتا ئۇرۇندى، زىندان ئىچىدە يۈز قەدەمدىن كۆپرەك ماڭدىمغۇ دەپ ئويلىدىم. تىرىشچانلىقلىرىم مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرگەنىدى، چۈنكى بىرەرمۇ چىقىش ئېغىزى، ھەتتا تام يوچۇقىدىن چۈشكەن كىچىككىنە نۇرمۇ يوق ئىدى.

كېيىنكى تىرىشچانلىقىم زىنداننىڭ مەركىزىنى تېپىش بولدى، بۇنىڭدا بىر پۇتۇمنىڭ ئۇچىنى يەنە بىر پۇتۇمنىڭ سۆڭىگە تەگكۈزۈپ ئاستا ماڭدىم، تۇساتتىن سىلىق پولغا تېيىلىپ قاتتىق يىقىلىپ چۈشتۇم، ئالدىمغا بىرنەچچە فۇت سىيرىلگەندىن كېيىن توختىدىم.

ئورنۇمدىن تۇرۇش ئۈچۈن قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرگەندە، ئەتراپتا بوشلۇقتىن باشقا نەرسىنىڭ يوقلۇقىدىن ھەيران قالدىم. سوغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم شال پاخلى ۋە دەرەخ شېخىغا ئېسىلماقچى بولغىنىدەك، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئەتراپنى سىلاشتۇرۇشقا باشلىدىم. تۇساتتىن زىنداندا ئاجىز نۇر پەيدا بولدى، ئۆزۈمنىڭ چوڭقۇر ھاڭ ياكى قۇدۇقنىڭ قىرغىقىدا ياتقانلىقىمنى بىلىپ ناھايىتى قورقۇپ كەتتىم. قۇدۇقتىن بەتبۇي پۇراق چىقاتتى. قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، بىردەم قىمىرلىماي ياتتىم.

ئاخىر قورقۇنچنى يېڭىپ، بىر تال تاشنى

تىپىۋېلىپ قۇدۇققا تاشلىدىم. بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن سۇنىڭ چاچرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۆلۈمگە نەقەدەر يېقىنلىقىمنى ئويلىغىنىمدا، بەدەنلىرىم شۈركىنىپ كەتتى.

يورۇقلۇق غەلىتىلا كۆچىيىشكە باشلىدى. ئەمدى زىنداننىڭ ھەقىقىي قىياپىتى كۆزۈمگە ئېنىق كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئاساسىي شەكلى يۇمىلاق ئەمەس چاسا بولۇپ، تۆمۈردىن ياسالغانىدى.

قۇدۇق ئاغزىدىن تامغا بۇرۇلدۇم، قولغا ئېلىنىپ تاياق يېگەندىن كېيىن مۇشۇ جايدا ئۇخلىغانىدىم. يېنىمدا بىر كورۇشكا سۇ تۇراتتى. سۇدىن هاراق پۇرىقى كېلەتتى. سۇدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئوتلىغاندىن كېيىن ئۇيقۇغا كەتتىم.

## II

سۇغا زەھەر سېلىنغانلىقىنى پەملىدىم، چۈنكى ئويغانغاندا بېشىم قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى ۋە ناھايىتى ئۇزاق ئۇخلاپ كەتكەنىدىم. قىمىرلىماي ئوڭدا ياتاتتىم، چۈنكى بەدىنىم، ئىككى پۇتۇم، ئوڭ قولۇم ئۇزۇن تاسما بىلەن بىر جازىغا چىڭ باغلانغانىدى. پەقەت سول قولۇم بىلەن بېشىمنىلا ھەرىكەتلەندۈرەلەيتتىم.

باغلاقسىز قولۇم يەتكۈدەك يەردە بىر چىنە تاماق تۇراتتى. قورسىقىم قاتتىق ئېچىپ كەتكەچكە، ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلىدىم. تاماق تېخىمۇ ئۇسسىتىۋەتتى، بىراق قولۇم سۇ بار كورۇشكىغا يەتمىدى، ئۇسساپ ئۆلۈشتىنمۇ ئېغىر ئازاب بارمىدۇ؟

زىنداننىڭ تورۇسىغا قاراپ، ئۇنىڭمۇ تامغا ئوخشاش تۆمۈر تاختايدا ياسالغانلىقىنى بىلدىم، بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىگە ۋاقىت بوۋاينىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى، ۋاقىت بوۋاينىڭ قولىدا تۇتۇۋالغىنى بىر ئورغاق بولماستىن، بەلكى بىز كونا سائەتلەردە كۆرىدىغان ئىسترېلكا ئىدى. قاراۋاتقىنىمدا ئىسترېلكىنىڭ بىر ئۇچى تورۇستا ساڭگىلاپ، ئالدى - كەينىگە پۇلاڭلاشقا باشلىدى. بىرنەچچە مىنۇت تىكىلىپ قارىدىم، بۇنى قورقۇش دېگەندىن كۆرە، ھەيرانلىق دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكىنى تېخى مۆلچەرلەپ بولمىغانىدىم.

ئاجىز بىر ئاۋاز دىققىتىمنى قوزغىدى، يەرگە قارىسام بىرنەچچە چاشقان يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار يېمەكلىكنىڭ ھىدىنى پۇراپ، قۇدۇقتىن ۋە يوشۇرۇن ئۇۋۇلىرىدىن چىقىشقانىدى. قاراپ ياتسام ئۇلار تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. باغلاقسىز قولۇم بىلەن ئۇلارنى ھەيدىۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئۇ يەردە ياتقىنىمغا يېرىم سائەتچە بولدى، يۇقىرىغا يەنە قارىغىنىمدا ۋىژىلدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، بىر شۇملۇقنى سەزدىم. ھەيرانلىق بىلەن قارىسام، سائەت ئىسترېلكىسى قاتتىق تەۋرىنىپ ساڭگىلاپ چۈشۈۋېتىپتۇ. سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ھىلال ئاي شەكىللىك قىلىچ ئىكەنلىكىنى سەزگىنىمدە، يەنە بىر قېتىم ۋەھىمىلىك ئۆلۈم تەھدىتىنى ھېس قىلدىم. بۇنى دىنىي سوتنىڭ مەن ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا ھېچقانداق گۇمانىم قالمىدى. قورقۇنچلۇق زىندانغا سولىنىشتىنمۇ يامان تەقدىر بولمىسا كېرەك. بىراق ھازىر يەنە بىر يېڭى خەتەرگە يۈزلەنگەنىدىم.

ئىسترېلكا - قىلىچ پەسلىمەكتە ئىدى. ئۇ تەۋرىنەتتى، كەڭ دائىرىلىك تەۋرىنەتتى. قورقۇنچ بىلەن قارىدىم، ئۇ ھەر قېتىم تەۋرەنگەندە كۆكرىكىمگە يېقىنلايتتى.

ئىسترېلكا - قىلىچ داۋاملىق پەسلەيتتى، كۆكسۈمگە توغرىلىنىپ تەۋرىنەتتى، ۋىژىلدايتتى. پەقەت ئازغىنە ئۆمىدلا نېرۋىلىرىمنى بىھوشلۇقتىن قۇتقۇزالايتتى. پەقەت ئۆمىدلا ئاستا جېنىمنى ئالىدىغان بۇ ئېچىنىشلىق قورالدىن ھاياتىمنى ساقلاپ قالالايتتى.

ئىسترېلكا - قىلىچ پەسلىمەكتە، تەۋرەنمەكتە، ئۇ يۈرىكىمگە تېگىشكە ئىككى فۇتلا قالدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم تەۋرەنگەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. بۇرنۇمغا سوغۇق تۆمۈر ھىدى كېلەتتى.

ئۇ داۋاملىق پەسلەپ، يېقىنلاپ كەلدى. ئىككى مۈرەمنى بوشىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندىم. سول قولۇمنى مۈرەمگىچە ھەرىكەتلەندۈرەلەيتتىم. قولۇمنى تاماق قاچىسىغىچە سوزالايتتىم. ئوڭ قولۇمدىكى تاسمىنى يېشەلىسەملا سائەت ئىسترېلكىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى تەۋرىنىشتىن توختىتالايتتىم. بىراق سائەت ئىسترېلكىسى يەنىلا پەسلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ چاپىنىمنى قانداق تېشىدىغانلىقىنى، ئاندىن گۆشلىرىمنى، قوۋۇرغىلىرىمنى، يۈرىكىمنى قانداق تىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم.

ئۇ پەسلەپ تېخىمۇ يېقىنلاشتى. ئەمدى مەن ئۈستۈمدىن پەقەت بىر فۇت ئېگىزلىكتە ۋىژىلداپ تۇرغان تىغنى كۆرۈۋاتاتتىم.

www.uyghurkitap.com



مەن ياتقان بىرنەچچە سائەتتىن بېرى چاشقانلار مەن باغلانغان جازىدا تىنىم تاپماي پىتىراپ يۈرەتتى. ئۇلار تەخسىدىكى تاماقنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوغرىلاپ يەۋېلىشقانىدى. ئۇلارنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋېتىش ئۈچۈن قولۇمنى يۇقىرى - تۆۋەن پۇلاڭلاتتىم. ئېچىرقاپ كەتكەن چاشقانلار بارمىقىم بىلەن بۇرنۇمنىڭ ئۈچىنى چىشلىشەتتى. مەندە بىر ئوي - دۇئا قىلىش ئويى پەيدا بولدى، تەخسىدە ئېشىپ قالغان يېمەكلىكنى تاسمىنىڭ قولۇم يەتكەنلا يېرىگە سۈۋىدىم، ئاندىن جىمجىت ياتتىم، دەسلەپتە چاشقانلار مېنىڭ نېمە ئۈچۈن جىم ياتقانلىقىمنى چۈشەنمىدى، كېيىن بىر يۈرەكلىك چاشقان تاسمىنى يۇراشقا باشلىدى، بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنىڭ بەلگىسى ئىدى. چاشقانلار قۇدرەتلىك قوشۇندەك قۇدۇقتىن ئالدىراپ چىقىشىپ، تاسمىنىڭ ئۇياق - بۇياقلىرىنى چىشلەشكە باشلىدى. ئۇلار ئۈستۈمدە يۈرەكلىك چېپىشىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ سىيىق يۇرىقى مەندە ۋەھىمە ۋە ئۆچمەنلىك قوزغايتتى، كۆڭلۈم شۇنچىلىك غەش بولدىكى، جاننى ئالىدىغان تىغ تېزرەك چۈشسىچۇ دەپ تىلەيتتىم. قىلىچنىڭ ھەرىكىتى چاشقانلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى. ئۇلار قىلىچنىڭ تەۋرىنىشىدىن قېچىپ يۈرۈپ، تاسمىنى پارچە - پارچە قىلىشۋەتتى.

ئاخىر قۇتۇلدۇم - بىر مىنۇتمۇ ئىلگىرى - كېيىن ئەمەس، قىلىچنىڭ ئاخىرقى بىر تەۋرىنىشى چاپىنىمنى تېشىۋەتتى. بەدىنىمنىڭ قاتتىق ئاغرىغانلىقىنى سەزدىم، بىر سېكۇنتنىمۇ قولدىن بېرىشكە بولمايتتى. سائەت ئىسترېلكىسى يەنە بىر ئايلانغىچە جازىدىن دومىلاپ چۈشتۈم، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئەركىنلىككە چىققانىدىم.

III

ئەركىنلىككە چىقتىم دېدىمما؟ مەن دەل باغلاقتىن ئاجراپ، يەرگە دومىلاپ چۈشكەندە، غايىبانە بىر كۈچ ئىسترېلكىنى توختىتىپ قويدى. ئۇنىڭ تورۇستىكى بىر يوچۇقتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىمەنمۇ؟ ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇم، بىراق ھازىر يەنە بىر خىل ئۆلۈمگە دۇچ كەلگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم، چۈنكى زىندان ئىچىدىكى ئاجىز نۇر ئادەتتىن تاشقىرى كۈچىيىپ كەتكەنىدى. زىندانىنىڭ تۆمۈر تاختايلىرى مەن ھېس قىلالمايدىغان بىر خىل ئۇسۇلدا قىزىۋاتاتتى. مەن پولدا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئولتۇراتتىم. زىندان تېخىمۇ قاتتىق قىزىشقا باشلىدى، بۇرنۇمغا قىزىغان تۆمۈرنىڭ ھىدى كېلەتتى.

زىنداندا يەنە بىر خىل ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتاتتى. ئەتراپتىكى قىزىغان تۆمۈر تام ماڭا قاراپ سىلجىپ مېنى زىندانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپ قويدى. تام قىزىغانسېرى نەپىسىم قىسىلاتتى. چوڭقۇر قۇدۇققا سەكرەپ چۈشۈپ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈش قىزىتىلغان تۆمۈر تاختىغا قاقلىنىپ ئۆلگەندىن مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟

قۇدۇقتىكى سېسىق پۇراق بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇشى بىلەنلا، ئېسىمگە ھېسابسىز چاشقانلار كەلدى. «قانداق ئۆلسەڭ مەيلى، بىراق قۇدۇقتا ئۆلسەڭ بولمايدۇ! » ، «ئەخمەق» دەپ ۋارقىرىدىم ئۆزۈمگە. تۆمۈرنى قىزىتىشتىكى مەقسەت مېنى چوڭقۇر قۇدۇققا چۈشۈرۈش ئۈچۈنغۇ.

قىستاپ كېلىۋاتقان تۆمۈر تام مېنى قۇدۇققا بارغانسېرى يېقىنلاشتۇردى، ئاخىر دەسسەپ تۇرغۇدەك يەرمۇ قالمىدى. ئەمدى تىركەشمىدىم، چۈنكى ياشاشتىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىم، ئۈمىدسىز نالە قىلاتتىم.

يۇكۇنۇپ ئولتۇردۇم، نەچچە مىنۇتقا قالمايلا تۆۋەندىكى قارا سۇغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم.

چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ نېمە؟ ئۇنداق ئەمەس، بۇ رېئاللىق - كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشقانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئارقىدىنلا جاراڭلىق كاناي ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن گۈلدۈرمامىدەك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. چوغدەك قىزارغان تاملار كەينىگە چېكىندى.

توساتتىن زىندان ئىچى ئايدىڭ بولۇپ، دوستانە بىر قول مېنى قۇدۇقنىڭ يېنىدىن تارتىۋالدى. بۇ فرانسىيە ئارمىيىسىدىكى گېنېرال لاسسالنىڭ پاردەمگە سۇنۇلغان قولى ئىدى. فرانسىيە ئارمىيىسى ئىسپانىيىدىكى تولېدوغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، دىنىي سوتنىڭ باش ئورگىنىنى ئىشغال قىلغانىدى. تەلىيىمگە فرانسىيە ئارمىيىسى ناھايىتى ۋاقتىدا كەپتۇ!

# شېئىرلار

**ئابدۇللا شىر (ئۆزبېكىستان)**

## مەن شائىرمەن

مەن شائىرمەن، ھۆركىرىگەن شىر،
بارلاسلارنىڭ قەيسەر ئەۋلادى.
ئاسمان گۇۋاھ، گۇۋاھ ئانا يەر،
مەن دەۋرگە ئەمەس ئاسراندى.
دېيىشتىكى: «بايلىق ـ ئۇ ھەممە،
ئېرىش ئۇڭا، بۇ جاپادىن يان!»
ئېگىلدىمۇ قەلىمىم ئۇچى،
يۈرىكىمگە سانجىلدى شۇئان.
لەنەت ئېيتىپ بۇنداق ئۇستازغا،
تۇتتۇم شۇندا يىللار پېشىدىن.
كۆكلەملەرنى يېتەكلەپ يازغا،
چىقماق بولدۇم ھايات قەرىدىن.
يۈكسەكلىك دەپ يالقۇندا ياندىم،
سامانيولى ھوشۇمنى ئالدى.
ئەمما كىرپىك سانجىلغان كۆكتىن،
چەتنەپ كەتكەن ياش يۇلتۇز قالدى.
خەندان ئۇردى ئۆمۈر بوشلۇقى،
ئوت قويغاندا ئارزۇغا ئارمان.
يالقۇنلانغان يىللار قوشىقى،
ياندۇردۇ دىلىمنى ھامان.
مەن يانىمەن، نە ئاپەت، نە ياۋ،
قارايتالماس بەختىمنى پەردە.
مەن يالقۇنمەن، تەنھا ئىلاھىم،
ۋەتىنىم دەپ چوغلاندىم تەندە.

## ئۆمۈر ئۆتۈۋېرەر

ئۆمۈر ئۆتۈۋېرەر ئېچىلار گۈللەر،
ئۆمۈر ئۆتۈۋېرەر گۈللەر سولىدۇ.
كېچە تاپىنىڭغا ئېسىلغان يوللار،
بۈگۈن ماڭلىيىڭدا سەندىن كۈلىدۇ.
ئويلايسەن، ئويلىرىڭ يامغۇر ئارىلاپ،
چېقىلغان چاقماقتا ئوقتەك جانلىنار.
تاڭنىمۇ سەزمەيسەن قەغەز قارىلاپ،
چىرىغىڭ قۇياشقا ئاستا ئايلىنار.
سەن ھامان ئويلايسەن، ئويلىرىڭ بالقىپ،
ئايازلىق ئەينەككە گۈللەر سىزىدۇ.
ئۆمۈر ئۆتۈۋېرەر ئالمىدەك قاڭقىپ،
شېئىرىڭ ئۇپۇق تامان ئاستا ئۈزىدۇ.

## شائىر

كەمتەر ۋە ئويچان مەنزىل ئاشسەن،
تەبەسسۇمىڭ كىتابخانىلارغا.
يول بېشىدا كۆپ تارقىتىسەن،
تېنىمى يوق يولۇچىلارغا.
كۆيۈپ ئەمەس، يېنىپ بارسەن،
ھەر مەنزىلدە بىر ئىز قالىدۇ.
ئالەم يۈكىن يۈدۈپ بارسەن،
ئىزىڭ بولۇپ كۆيۈك قالىدۇ.

## غۇنچىلار لېۋىدە

غۇنچىلار لېۋىدە شەبنەملەر،
مەسۇم بىر جىلۋىگە كۈلكىدۇر.
يوقالدى ھەسرەت ۋە ئەلەملەر،
يورۇقلۇق قوشىقى ئىزگىدۇر.
گۈلباھار! ھاياتنىڭ قىياسى،
كىم سېنى، كىم سېنى يوقلىماس؟
غۇنچىلار، سۆيگۈلەر دۇنياسى،
سەن باركى ئارزۇلار ئۇخلىماس.
سەن باركى گۈزەللىك ئەزەلدۇر،
ئالەم بەنت بىر يېشىل تۇيغۇغا.
سەن ئۆزۈڭ ياپيېشىل غەزەلسەن،
ئوت بېرەر ئىنساننىڭ روھىغا.

## ئازار بەرگەنمىدىم...

ئازار بەرگەنمىدىم بىلمىدىم دادا،
يۈرىكىم گاھىدا سانجىپ ئۆتىدۇ.
ئازابمۇ بولامدۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق،
بالىلىق چاغلىرىم ئەگىپ كېتىدۇ.
بىر كۈنى ئىھتىيات، ھۆرمەتنى ئۇنتۇپ،
قوشنىمىز تېكىنىڭ بەرگىنى تۆكتۇم.
سەنچۇ، ھاسىراپ تۇرۇپ چۇنەك تۇزەيسەن،
ئۇيات ۋە نومۇسنىڭ كۆلىگە چۆكتۇم.
ئازار بەرگەنمىدىم بىلمىدىم دادا،
نېمىشقا چۈشۈمدە دائىم خاپىسەن؟
ئاخىر دەرد بولامدۇ بۇندىن زىيادە،
بىر ئېغىز گېپىڭ يوق، جىددىي باقىسەن.
مانا يىگىرمە يىل ئۆتتى ئارىدىن،
ئارزۇ - ھەۋەس قېنى؟ بۇلار بىزگە يات.
مەن ئەرمەن ئاتىسىز، ھۇجرام كۆڭۈلسىز،
خوتۇنۇم ئۆكسۈيدۇ ئەلەملىك پات - پات.
ئازار بەرگەنمىدىم بىلمىدىم دادا،
نېمىشقا بالىلىق چۈشۈمدە ھەلەك.
رازىلىق تىلەيمەن، چاقىرما دادا،
ئۆمرۈڭنىڭ داۋامى بولۇشۇم كېرەك.
روھىڭلا شاد بولسا تىرىكمەن ئەبەد،
قەدىم قېنىمىزغا سادىق بۇ ئوغلۇڭ.
مەن بارمەن مۇقەددەس ئانا زېمىندا،
قىسىلماس ئاتىجان ۋىجدان ۋە روھىڭ.

## شائىر ھەققىدە ئىككى شېئىر


شائىر ئەھلى دەۋر ئۈچۈن ئالتۇن قەدەھتە مەي كەبى،
باغرى ئۇن جايدىن تېشىلگەن، يا پىدائىي نەي كەبى.
مەست قىلىدۇ، يىغلىتىدو، چاقىرار جەڭلەرگە ئۇ،
ئۆزىنى ئەلگە بەخش ئېتەر خۇددى ھاتەم تاي كەبى.
ئۇ ۋەتەن، خەلقۇ زامان دەپ بىر ئۆمۈر كۈيلەر يېنىپ،
گاھى ياشناپ، قاغجىرار، گاھ نۇر سۆيەر كۈنگەي كەبى.
كىمكى رەڭسىز، تېرىق كەبى يەڭگىل سۆزدىن تاغ ياسار،
ئەسلا ئالتۇن نەي بولالماس، بوش ئۇ مىس كاناي كەبى.

* *


گەرچە ئابدۇللادۇر ئىسمىم، ھەر سۆزۈم ئىسيان بىلىڭ،
گەر سۈكۈت ھاكىم تىلىمدا، جىملىقىم داستان بىلىڭ.
كۈن تىغى تاشقا ئۇرۇلىس. چاچرىغاي ئوت ھەر تەرەپ،
ئىشقىم ئاھى خۇددى شۇنداق ئوت چاچۇر ھەريان بىلىڭ.
گەر ئۆزۈم شادۇ خۇرام، يارىم دىلى ۋەيراندۇر،
بۇ نېمە شادلىق ماڭا، قەلبىمنىمۇ ۋەيران بىلىڭ.
ھېچ غەزەل كۈيلەنمىگەي ھېچيەردە بىر ئاھ، ۋاھ ئۈچۈن،
بېيىت ئارا بوشلۇقتىمۇ بىر مەنىنى پىنھان بىلىڭ.

**(مۇھەممەت پولات تەييارلىغان)**


# دەۋر رىتىمىغا ئەگىشىپ، مەرىپەت باغچىلىرىدا نەتىجە ياراتقان ستۇدېنتلىرىمىز



ھەبىبۇللا ھەبىبۇللا ـ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇ فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ شۇجىسى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان. «مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كادىرى»، «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالانغان، «خەلق ئوقۇش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.



ئەسقەر نامان ـ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكترون فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇ مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرغان ئېنگلىز تىلىدا ئېلىپ بېرىلغان بىرنەچچە مۇسابىقىلاردا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بولغان. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېنگلىز تىلى توفۇ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن بىردىنبىر ئوقۇغۇچى.



قۇربانجان ئالىم ـ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىق مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» ۋە «كوجىما ياسۇتاتا ئوقۇش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش قابىلىيىتى بىلەن مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان.

# دەۋر رىتىمىغا ئەگىشىپ، مەرىپەت باغچىلىرىدا نەتىجە ياراتقان سىڭىلىرىمىز

رەنا غەيرەت ـ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇش بىلەن بىرگە، كەسپىي جەھەتتە مەخسۇس تەربىيەلەنمىگەن شارائىتتا مەملىكەتلىك كىيىم مودېللىرىنى باھالاش مۇسابىقىسىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈردى. شۇنداقلا مەملىكىتىمىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن.





ھاۋاگۈل ئوسمان ـ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ رەئىسى. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.



شەمسىيە ئەبەيدۇللا ـ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇ سىنىپنىڭ ئۆگىنىش باشلىقلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت، خەينەن ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن دەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلگەن «ئەسىر ھالقىغان ئىككى قىرغاق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش لاگېرى»غا قاتنىشىپ «ئەڭ ياخشى ئوبراز» بولۇپ باھالانغان. ئۆزلىكىدىن ئىككى مەيدان سەنئەت كېچىلىكى تەشكىللەپ، بىلەت كىرىمىنى ۋە ئىئانىدىن يىغىلغان 19 مىڭ يەتتە يۈز يۈەن پۇلنى ئوقۇشتا قىينىلىپ قالغان ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بەرگەن.

际标准刊号 ISSN1004—1745 国内统一刊号 CN65—1012/I 邮发代号 58 82 零售价 5.00 元